شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال، شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا نائىل ژۇرنال

BULAK



# بۇلاق

5

2013

ISSN 1005-0876

10>

源泉（布拉克）

مەن مەنئۇ ۋىسال ئۈمىدىدىن شاد بولغان،
بىر بىر غەمئۇ ئەندۇھتىن ئازات بولغان.
ئاز ئازغىنە بەرگەن سايى گۈل ئەترى نەسىم،
بۇلبۇلدەك ئىشىم نالەۋۇ پەرياد بولغان.

فۇرقەت سەھەرى غەمگە يولۇقتۇردى مېنى،
ھىجران كۈنى يۈز بالاغا تاپشۇردى مېنى.
غەم شامى ئۆلۈم ھالىغا يەتكۈزدى مېنى،
تاڭ ئاتقۇچە ئويقۇسىزلىق ئۆلتۈردى مېنى.

دەھەم: زەقەننىڭ تۇتۇپ ساقاغىڭنى ئۆپەي،
كۆز قاشىڭغا سۈرتۈبان قاياغىڭنى ئۆپەي.
گۈلدەك يۈزۈڭ ئىسلەبان دۇداغىڭنى ئۆپەي،
ياۋ، ياقتى ئەگەر دېسەڭ، ئاياقىڭنى ئۆپەي.

نەۋائىي



ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ
قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

35 - يىل نەشرى    ئومۇمىي 152 - سان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەر كىمگە كەرەملىك كۆرسەڭ يار ئولغايى،

ياخشى سۆز ئىلە تىلىغە گىرىفتار ئولغايى.

دۈشمەنگە ئەگەر ئىھسان ئەتكەي،

ئۆمرى بارىچە ساڭا ۋەفادار ئولغايى.

# بۇلاق

2013 - يىللىق 5 - سان

باش مۇھەررىرى: ئەلى توختى      مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

ئىسكەندەرى ئايىنە .................... پارسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئەلى ئىبنى ئاخۇند ئابدۇلئەزىز تۇرپانىي (5)
نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئابلىمىت ئەھەت بۆگۈ، ئىلھام ئابدۇللا
ھۈسەين ھاجى شېئىرلىرىدىن .................................................. ھۈسەين ھاجى (38)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەدئىمىن قۇربان تۇغلۇق

### ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر

سەنئەتكارنىڭ ئۇستىخانىسى — زەلىلىي ئىشارە سەنئىتىنىڭ شەرھى .................... تۇرسۇن قۇربان تۇركەش (54)
ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىنىڭ قاپىيە شەكىللىرى توغرىسىدا .................... رەناگۈل خالىق (79)

### فولكلور تەتقىقاتى

ياۋا تۆگە مەنزىللىرى .................................................. بوغدا ئابدۇللا (87)
رەڭلەردە سادالانغان مۇقاملار .................................................. ئاقىلجان ئىبراھىموف (91)
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئەھمەدجان ئابدۇرەھىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى

## بىزنىڭ ۋەسىقىلىرىمىز

تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەرقىي كۈچكەنلىكى ھەققىدىكى ھۆججەت ........................ (99)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئۆمەرجان نۇرى

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

ئىككى چۆچەك ................................................................................ (103)
توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر
ئىبرەتلىك چۆچەكلەر .......................................................................................(109)
توپلاپ رەتلىگۈچى:مۇھەممەتجان ئىسمايىل پۈناقى
كۆرەك ھەرە (مەسەل) .......................................................................................(111)
توپلاپ رەتلىگۈچى: ئەكرەمجان ئابدۇرۇسۇل ئۆمىدى

※ ※ ※

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: خىيال سۇرۇش
(رەسسام: ئەبۇلفەزلى مىرزابېگى)

※ ※ ※

مەسئۇل مۇھەررىرى : مۇتەللىپ ئىسمايىل
مۇھەررىرى : دىلئارام باھاۋىدىن
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ۋەلى زەيدۇن
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مۇقەددەس دىلشات

تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827971 ـ 0991
ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: bulak@aliyun . com
تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 ـ 0991

پارسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئەلى ئىبنى ئاخۇند ئابدۇلئەزىز تۇرپانىي

# ئىسكەندەرى ئايىنە

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئابلىمىت ئەھەت بۆگۈ، ئىلھام ئابدۇللا

## ئوتتۇز ئۈچىنچى باب
## تىبابەت ئىلمىنى ئۆگىنىشنىڭ بايانى

ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى، ئەگەر تېۋىپ بولماقنى مۇۋاپىق كۆرسەڭ، ئەلۋەتتە، تىبابەت ئىلمىنىڭ ئەمەلىي قوللىنىش جەھەتتىكى تارماقلىرىنى، نەزەرىيە تۈرلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى ياخشى ئەگىلىشىڭ شەرتتۇر.

بىلگىنكى، ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدا ھەممە نەرسە مەۋجۇتتۇر. بۇلار يا تەبىئەتتۇر، يا تەبىئەتتىن تاشقىرىدۇر.

ئادەمنىڭ تەبىئىتى ئۈچ قىسىم بولىدۇ: ئاۋۋالقى قىسىم، تەنىنىڭ مۇستەھكەم ۋە ھايات تۇرۇشى ئۇنىڭغا باغلىقتۇر؛ ئىككىنچى قىسىم، تەنىنىڭ مۇستەھكەم ۋە ھايات تۇرۇشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تەركىبلەر؛ ئۈچىنچى قىسىم، بەدەننى بىر ھالدىن يەنە بىر ھالغا يۆتكەيدىغان تەركىبلەر.



تەبىئەتتىدىن تاشقىرى يەنە بەزى تەركىبلەر بولىدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى تەنىنىڭ مۇستەھكەملىكى ۋە ھاياتىغا يا ھەرىكەت بىلەن، يا ۋاستە بىلەن، يا ۋاستىسىز ۋە ياكى ئۆزىدە بار بولغان يامان قىلىقلار بىلەن زىيان يەتكۈزىدۇ. ئەمما، تەنىنىڭ ئۆرە تۇرۇشى ۋە ھاياتلىقى يا ماددىنىڭ جىنسىدىن، يا سۇرەتنىڭ جىنسىدىن نەتىجىلىنىدۇ.

ماددىنىڭ جىنسى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرسى، ئۇستۇقۇسات، يەنى «ئەناسىرى ئەربەئە» (تۆت تادۇ ياكى تۆت ئېلېمېنت)[1]؛ يەنە بىرسى، مىزاج.

ئۇستۇقسات تۆت تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇلار ئوت، ھاۋا، سۇ ۋە تۇپىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ماددىلار مىزاجغا ئەڭ يېقىن تۇرىدۇ.

مىزاج توققۇز تۈرلۈك بولىدۇ. بۇ توققۇز تۈرلۈك مىزاجنىڭ بىرسى مۆتىدىل، سەككىزى بىنورمال، يەنى غەيرىي مۆتىدىلدۇر.

---

[1] بېشى ئالدىنقى ساندا.


اوچ قسم بولور اولتی قسم اولدور کم تن نینک ثبات وقوامی انینک بیله دور
ایکنچی قسم اولکم تن نینک ثباتی وقوامی حاصل قیلیشدا ایکی موقوف علیه غه
موقوف علیه دور اوچونچی قسم اولکم بدن نی بر حالدین ینه بر حالغه اوکورکای
واول نرسه طبیعت دین خارج دور یا فعل بیله مضرت یتکورکای یا واسطه بیله
یا بیواسطه ویا محو دفع رعین فعل بولغای اما اول قسم کم تن نینک ثبات
وقوامی انینک بیله حاصل ایردی یا مادت نینک جنسی دین دور یا صورت
نینک جنسی دین واولکم مادت نینک جنسی دین ایردی ایکی دور اسطقسات
غه اوخشا انینک عددی تورت دور اوت هوا سو وتوفاق ویا عناصر نینک
متقاربراقی دور امزجه غه اوخشا انینک عددی توقوز دور یا اول توقوز
امزجه نینک بیری معتدل و سکزی بی اعتدال دور تورت مفرد وتورت مرکب
ویا امزجه نینک یاوغراقی دور اخلاط واعضا غه اوخشا وانینک عددی
جمع نینک نزدیدا تورت دور وبعضی نینک نزدیدا ایکی وبو بیان قیلینغان عبارات
نینک معنیسی اولدورکم اعضا نینک ترکیبی اخلاط دین دور واخلاط نینک

بۇلارنىڭ تۆتى يەككە، يەنى مۇرەككەپ ئەمەس؛ تۆتى مىزاجغا يېقىنراق بولۇپ، خىلىت (سەپرا، قان، بەلغەم، سەۋدا) ۋە بەدەن ئەزالىرىغا ئوخشاش مۇرەككەپتۇر. مىزاجنىڭ بۇ خىل مۇرەككەپ تۈرىنى بەزىلەر تۆت، دېسە، بەزىلەر ئىككى، دەيدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىبارىلەرنىڭ مەنىسى شۇكى، بەدەن ئەزالىرىنىڭ تەركىبى خىلىتلار بىلەن؛ خىلىتلارنىڭ تەركىبى مىزاج بىلەن؛ مىزاجنىڭ تەركىبى ئەناسىر، يەنى «ئەناسىرى ئەربەئە» بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ماددىنىڭ جىنسىغا، يەنى تەن ۋە ئىچكى تەركىبكە يىراقراق بولغان سۈرەتنىڭ جىنسى ئۈچ قىسىمدۇر. ئۇلار: قەۋا (كۈچ)، ئەرۋاھ (روھ) ۋە ئەفئال (ھەرىكەت ـ پائالىيەت).

قەۋا ئۈچ قىسىمدۇر. ئۇلار: نەفسانىي (ھاياتنىڭ زاتى)، ھايۋانىي (ئادەمنىڭ ھاياتقا تەۋە بولۇشى) ۋە تەبىئىي (تەبىئەتكە ئائىت، ئەسلىدىن بار).

نەفسانىيمۇ ئۈچ قىسىمدۇر. ئۇلار: قەۋا (قۇۋۋەت)، مۇدرەكە (ئىدراك، يەنى ئادەمنىڭ بىلىش، چۈشىنىش ئىقتىدارى) ۋە زاھىر (تاشقى قىياپەت).

مۇدرەكە (ئىدراك) بەش بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار: بەسەر (كۆرمەك)، سەمئ (ئىشىتمەك)، شەممە (پۇرىماق)، زەۋق (تېتىماق) ۋە لەمس (سىلىماق).


ترکیبی امزاج دین امزاج نینک ترکیبی عناصر دین واول تن غه ماده نینک اعراقی
دور واولکم صورت نینک جنسی دور اوچ قسم بولور قوی وارواح وافعال وقوی
اوچ قسم بولور نفسانی وحیوانی وطبیعی ونفسانی اوچ قسم بولور قوی
مدرکه ظاهره دور یعنی اول الشش حس دور بصر کورماک وسمع ایشتماک
وشمه بوراماق وذوق تاتیماق ولمس سیلاماق انینک حرکتی نینک قوتی
دور وانینک اقسامی نینک عددی اعضا نینک اقسامی نینک عددی طرزیغه
دور قوت مدرکه باطن دور وبو اوچ قسم دور تخیل وفکرت وذکر وحیوانی
ایکی قسم دور فاعله ومنفعله وطبیعی اوچ قسم دور مولده ومربیه وغاذیه
وافعال قوت حیوانی ونفسانی وطبیعی نینک عددی طرزیدا دور
اعلال صحت دین که روح قوت نینک خادمی دور وقوت فعل نینک مبدا منشی دور
وفعل قوت نینک تاثیری دور پس افعال بات قوی نینک عددی دیک دور
وارواح اوچ قسمی بولور نفسانی وحیوانی وطبیعی واولکه توابع دور
نمهب لازغه اوخشا کیم تن نینک قوام وثباتی انینک بیله دور یعنی لیک اوخشاکه

ئومۇمەن، بۇلاردا بولىدىغان ھەرىكەت قۇۋۋىتى، يەنى ھەرىكەت ئىقتىدارىنىڭ تۈرلىرى ياكى سانى ئادەم ئەزالىرىنىڭ تۈرلىرى ياكى سانى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

قۇۋۋەتى مۇدرەكە (ئىدراكىي قۇۋۋەت، يەنى ئادەمنىڭ بىلىش، چۈشىنىش ئىقتىدارى) ـ كۆڭۈلدۇر. ئۇمۇ ئۈچ قىسىمدۇر. ئۇلار: تەخەييۇل (خىيال قىلماق)، فىكرەت (پەرەز قىلماق) ۋە زىكر (ئەسلىمەك).

ھايۋانىي (ئادەمنىڭ ھاياتقا تەۋە بولۇشى) ئىككى قىسىمدۇر. ئۇلار: فائىلە ۋە مۇنفائىلە، يەنى قىلماق ۋە ماقۇل كۆرمەك.

تەبىئىي ئۈچ قىسىمدۇر. ئۇلار: مۇۋەللىدە (پەيدا قىلغۇچى)، مۇرەببىيە (تەربىيەلىگۈچى) ۋە غازىيە (نەتىجىلەنگۈچى، يەنى نەتىجىگە ئېرىشكۈچى).

ئەفئال (ھەرىكەت ـ پائالىيەت)، قۇۋۋەتى ھايۋانىي (ئادەمنىڭ ھاياتقا تەۋە بولۇش ئىقتىدارى) ۋە نەفسانىي (ھاياتنىڭ زاتى) تەبىئىينىڭ سانى باراۋەر بولىدۇ. چۈنكى، روھ ـ قۇۋۋەتنىڭ خىزمەتكارى؛ قۇۋۋەت ـ ھەرىكەت، يەنى پائالىيەتنىڭ چىقىش، پەيدا بولۇش ئورنى؛ ھەرىكەت ـ قۇۋۋەتنىڭ تەسىرىدۇر.



بەس، ھەرىكەت، يەنى بارلىق پائالىيەت ئەمەلىيەتتە قۇۋۋەتنىڭ مىقدارىچە بولىدۇ.

ئەرۋاھ (روھ) ئۈچ قىسىمدۇر. ئۇلار نەفسانىي، ھايۋانىي ۋە تەبىـ ئىيدۇر. تەننىڭ مۇستەھكەم ۋە مەزمۇت تۇرۇشى شۇلارغا تەۋەدۇر.

سېمىزلىك — مىزاجىنىڭ سوغۇقلۇقىغا؛ ئورۇقلۇق — مىزاجىنىڭ ئىسسىقلىقىغا؛ رەڭگىرويىنىڭ قىزىللىقى قانغا؛ چىرايىنىڭ سېرىقـ لىقى سەپراغا تەۋەدۇر. نەبز (تومۇر)نىڭ ھەرىكىتى — فائىلەئى ھايۋا- نىينىڭ، يەنى ئادەمنىڭ ھايات يۈرۈشىدىكى سەۋەبىنىڭ قۇۋۋىتىگە تە- ۋەدۇر. نەبز (تومۇر)نىڭ شوك تۇرۇشى، يەنى تومۇر ھەرىكىتىنىڭ سۇسلۇقى — قۇۋۋەتنىڭ سۇسلۇقىغا تەۋەدۇر. ئىپپەت، يەنى پاكلىق — شەھۋانىي قۇۋۋەتنىڭ مۇۋاپىقلىقىغا تەۋەدۇر. ئەقىل - پاراسەت سۈز- لەش ئىقتىدارىنىڭ نورماللىقىغا تەۋەدۇر. تۇرق ۋە كەيپىيات — ماددا ياكى سۇرەت، يەنى شەكىلگە تەۋەدۇر.

ئومۇمەن، تەننى بىر ھالدىن يەنە بىر ھالغا يۆتكەيدىغان تەركىب — ئەسبابى زۆرۈرىي (زۆرۈر سەۋەبلەر) دېيىلىدۇ. ئۇ ئالتە قىسىمدۇر: بىرىنچىسى، ھاۋادۇر؛ ئىككىنچىسى، تائام؛ ئۈچىنچىسى، ھەرىكەت ۋە شوك؛ تۆتىنچىسى، ئۇيقۇ ۋە ئويغاقلىق؛ بەشىنچىسى، تەبىئەتنىڭ، يەنى روھىي ھالەتنىڭ تۇتۇلۇشى ۋە ئازادىلىكى؛ ئالتىنچىسى، روھىي كۆتۈرەڭگۈلۈك ۋە نەپسانىي غەم. بۇلار- دىن باشقا يەنە ئاچچىق، يەنى غەزەپ ۋە قورقۇنچ قاتارلىقلارغا ئوخشاش ھالەتلەرمۇ زۆرۈرىي سەۋەب تۈرىگە كىرىدۇ. مۇنداق دېيىشتىن سەۋەب شۇكى، ئىنسانلار تېنىدە بار بول- غان مەزكۇر ھالەتلەرنىڭ تەسىرىدىن ھەرگىز ساقلىنالمايدۇ، يەنى يۇقىرىدا دېيىلگەن ھالەتلەرنىڭ ھەربىرى ئادەم بەدىنىگە نۆۋىتىدە بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر شۇ ھالەتلەرنىڭ بەدەنگە بولغان تەسىرى مۆتىدىل بولسا، ئادەم ساغلام بولىدۇ؛ ناۋادا شۇ ھالەتلەرنىڭ بىرەرسى غەيرىي نورمال بولسا، يەنى نورمال، مۆتىدىل ھالەتتىن تاشـ قىرى بولسا، بەدەندە ئىللەت (كېسەللىك) پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل ئىلـ لەتنىڭ تەبىئەتتىن تاشقىرى بولغانلىرى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؛ ئاغرىقنىڭ ئىسسىق سەۋەبىدىن بولغانلىرى بەش قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؛ سوغۇق سەۋەبىدىن بولغانلىرى سەككىز قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؛ بەدەندە ئەسلىدە بار بولغان ئىللەت سەۋەبىدىن ياكى ھالەت، يەنى زۆرۈرىي سە- ۋەب مىقدارىنىڭ كەملىكى ياكى ئارتۇقلۇقى ياكى قورقۇش، ياكى مە- لۇم نۇقسان سەۋەبىدىن بولغانلىرى يەتتە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؛ خۇشاللىق سەۋەبىدىن بولغانلىرى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بەزى ئىللەت (ئاغ- رىقلار) بەدەن سىرتىدا بولىدۇ. ئۇلار: مىقدار، ھالەت، سان ۋە تاشقى قىياپەتتىن ئىبارەت تۆت بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. بەدەن سىرتىدا كۆرۈلىد- غان بۇ خىل ئىللەتلەرنى شەكىل، سۇسلۇق ياكى زىيادە خۇشاللىق جە-





ھەتلەردىن بايقاشقا بولىدۇ.

مىقدار جەھەتتىكى كېسەللىك ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرسى، ئىللەتنىڭ كۆپىيىشى؛ يەنە بىرسى، نۇقساننىڭ كۆپىيىشى.

ھالەت جەھەتتىكى كېسەللىكمۇ ئىككى قىسىم بولىدۇ: يا بىرەر ئەزا ئۆز جايىدىن يوق بولىدۇ، يا بىرەر ئەزا يەنە بىر ئەزانىڭ ئورنىنى ئىگىلەيدۇ.

بەزى ھادىسىلەر بولغايكى، ئۇ ئىستىغراق، يەنى خىيالغا تەۋەدۇر. ئۇ ھەم ئۈچ قىسىمدۇر.

ئەمما، تىبابەت ئىلمى ئىككى قىسىم بولىدۇ: بىرسى، نەزەرىيە ئىلمى؛ بىرسى، ئەمەلىيەت ئىلمى. بۇلارنىڭ شەرھى ۋە بايانلىرىنى، يەنى ھەقىقەتتى ۋە تەكتىنى بىلمەكچى بولساڭ، بەزىلىرىنى جالىنۇس ھەكىمنىڭ «سىتتە ئەشەر» (ئون ئالتە ئۇگۇت) ناملىق كىتابىدىن ۋە بەزىلىرىنى «سىتتە ئەشەر»دىن باشقا كىتابلاردىن ئۇگەن.

ئەمما، ئىلمى ئىستىقسات، يەنى تىبابەت ئىلمىنىڭ ئەسلىنى «سىتتە ئەشەر»دىن ئۇگەنگەن.

مىزاج ئىلمىنى «كىتابى ئەمزاج» (مىزاج ھەققىدە كىتاب)دىن ئىستىگەن. ئۇ «زەخىرەئى خارەزمشاھىي» كىتابىنىڭ نەق ئون ئالتە بابىدىن ئىبارەتتۇر.

ئەخلات، يەنى خىلىتلار ئىلمىنى «قەۋايەل ـ تەبىئە» (ئەسلىيەت ياكى تەبىئىي قۇۋۋەت) ناملىق كىتابىنىڭ ئىككىنچى ماقالىسىدىن ئۇگەنگەن.



بەدەن ئەزالىرى ھەققىدىكى ئىلمىنى «تەشرىھ» (شەرھى)دىن ئۇگەن، ئۇ «سىتتە ئەشەر»نىڭ جۇملىسىدىندۇر.

قۇۋۋەت ۋە ھايات ـ پائالىيەت ئىلمىنى «كىتابۇن ـ نەبز» (تومۇر تۇتۇش ھەققىدىكى كىتاب)دىن ھەم «سىتتە ئەشەر»دىن ئىزدە.

قەۋايەل ـ نەفسانى، يەنى نەپسنى كۆچلەندۇرۇشكە ئائىت ئىلمىنى جالىنۇس تەسنىپ قىلغان «سىتتە ئەشەر»دىن ھەم ئاس، بۇقرات ۋە ئەفلاتون قاتارلىق ھەكىملەرنىڭ كىتابلىرىدىن ئىزدىگىن.

«ئەقسامۇل ـ ئەمراز» (كېسەللىكلەرنىڭ تۈرلىرى) ھەققىدىكى ئىلمنى «كىتابۇل ـ ئەلىل ـ ئەمراز» (كېسەللىك ئىللەتلىرى ھەققىدىكى كىتاب)نىڭ ئاۋۋالقى ماقالىسىدىن ئۇگەنگەن.

«ئەسبابى ئەئراز» (جاھىل كېسەللىكلەر) توغرىسىدىكى ئىلمىنى «سىتتە ئەشەر» ناملىق كىتابنىڭ ئىككىنچى ماقالىسىدىن ئۇگەن، ئەمما «ئەسبابى ئەمراز» (كېسەللىكلەرنىڭ سەۋەبلىرى)نى تۆتىنچى ۋە بەشىنچى ماقالىسىدىن ئۇگەنگەن.

يۇقىرىدا نەزەرىيە ئىلمىگە ئائىت تۈرلەر قىسقىچە بايان قىلىندى. گەرچە سۆز ئۇزىراپ كەتسىمۇ، تۆۋەندە تىبابەت ئىلمىنىڭ ئەمە-


تركيبي ترتيبي غە ماهر بولغاي قوانين وقياسى اصحابى مذهب لارى برله
معالجه قيليلغاى وبو قوانين [illegible] دليل تحت بيله شرح قيلغيل كتابغه
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]

ليپتىگە ئائىت تۈرلەردىن بىرئاز بايان قىلاي:

ئىلمىي (نەزەرىيە) ۋە ئەمەلىيەت ـــ جىسىم بىلەن روھ، يەنى تەن بىلەن جانغا ئوخشاشتۇر. تەنسىز جان ۋە جانسىز تەن ئۆرە (ھايات) تۇرالمايدۇ.

ۋاقىتكى، بىرەر بىمارغا ئىلاج قىلماق توغرا كەلسە، مەيلى قېرى، مەيلى ياش بولسۇن، ئاۋۋال ئۇلارنىڭ غىزاسىنى تەكشۈرمەك لازىمدۇر. ئىلاج قىلغۇچى، يەنى كېسەلنى داۋالىغۇچى تېۋىپ بىمارنىڭ بەدەن قۇۋۋىتىدىن، كېسەللىكنىڭ تۈرى ۋە كېسەل بولۇش سەۋەبىدىن، مىزاجىدىن ۋە بىمارنىڭ ۋاقتى، يەنى كېسەللىك ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى، ئادىتى ۋە ھۈنەرلىرىدىن، مىجەز ـ خاراكتېرى ۋە ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىدىن، مىزاجىنىڭ ئەھۋالى ۋە تۇرۇۋاتقان جاي ـ ماكانىدىن تولۇق خەۋەردار بولغاي! ئۇشبۇ مەنىلەر نەزم يېپىغا مۇنداق تىزىلدى:

ئۆلكى بولغاي ۋاجىب ئىستىغراغدا بىلمەك ئانى،
ئىمتىلاۋۇ قۇۋۋەتى ھالى مىزاجى سۇختەنى.
سوڭرا ئەئراز زەرۇرىي ۋەقتى ھالى شەھرىنى،
فەھم ئولۇر سەنئەتو ھەم ئادەت بەيان قىلدىم ئانى.

جىنسى ۋە تۈرى ـ كۆرۈنۈشىنى، ياخشى ـ يامان ئالامەتلەرنى، قىزىتمىسىنىڭ دەرىجىسىنى ياخشى ئىگىلىگەي. ئاندىن كېسەلنى داۋالاشنىڭ تەدبىرى ۋە چارىسىنى قىلغاي. دورىلارنى تەركىبى ۋە تەرتىپىگە ئاساسەن تەييارلاشقا ماھىر بولغاي. كېسەللىك ئۈستىدە تېبابەت ئىلمىنىڭ قائىدە ـ مىزانى ۋە قويۇلغان دىياگنوز بويىچە مەسلەكداشلىرى، يەنى ئۆز ساھەسىدىكىلەر بىلەن ئوبدان كېڭەش قىلغاي.


طبيب كو ب تجربه حاصل قيلغان بولغاى مشهور ومعروف [illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]

تېبابەت ئىلمىنىڭ قائىدە ـ مىزانى ۋە دىياگنوز قويۇش تەرتىپلىرىنى دەلىل ـ ھۆججەتلەر بويىچە شەرھى قىلىش توغرا كەلسە، مەزكۇر كىتاب مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە ئۈزىراپ كەتكۈدەك، شۇڭا ئامالسىز داۋالاشقا ئالاقىدار چارە ۋە تەدبىرلەرنىڭ ھەربىرى ئۈچۈن ئايرىم ماقالە (رېتسېپ) پۈتۈلگەن كىتابلارنىڭ نامىنىلا تىلغا ئېلىش مۇۋاپىق كۆرۈلدى.

«ھىفزى سىھھەت»، يەنى ساقلىقنى ساقلاش ـ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دائىر ئىلىملەرنى «تەدبىرۇل ـ ئەسسىھا» (توغرا تەدبىر، توغرا داۋالاش)دىن ئۆگەنمەك كېرەك. بۇ كىتاب «زەخىرە»نىڭ ئون ئالتە بابىدىن ئىبارەتتۇر.

ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ، يەنى ساقىيىدىغان ياكى ساقايمايدىغان كېسەللىكنىڭ ئالامەتلىرىنى «مۇقەددىمەتۇل ـ مەئرىفە» (دىياگنوز توغرىسىدا مۇقەددىمە)دىن ۋە بۇقراتنىڭ «فۇسۇل»، يەنى



«پەسىللەر» ناملىق كىتابىدىن ئۆگىنەمەك كېرەك.

ئىلمى نەبز، يەنى تومۇر تۇتۇش ئارقىلىق كېسەلنى تونۇش ئىلمىنى «نەبزۇل ـ كەبىر» (ياشانغانلارنىڭ تومۇرىنى تۇتۇش) ۋە «نەبزۇل ـ سەغىر» (باللارنىڭ تومۇرىنى تۇتۇش)دىن ئىزدىمەك لازىم.

ئىلمى بەۋل، يەنى كىچىك تەرەتكە ئالاقىدار ئىلىم «كىتابۇل ـ بۇھران» (خەتەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالامەتلىرى شەرھلەنگەن كىتاب)نىڭ ئاۋۋالقى ماقالىسىدىن كۆرۈلگەي. بۇمۇ «سىتتە ئەشەر»نىڭ ئىچىدىكى كىتاب. جالىنۇسنىڭ «كىتابى بەۋل» ناملىق كىتابى «سىتتە ئەشەر»نىڭ سىرتىدادۇر.

ئىچكى ئەزادىكى كېسەللىكلەرنىڭ ئالامەت ـ نىشانلىرىنى بىلىش توغرىسىدىكى ئىلىمنى «ئەئزايى ئالىيە» (ئۈستۈنكى بەدەن) ناملىق كىتابتىن ئىزدىگەي. ئۇمۇ «سىتتە ئەشەر»نىڭ ئىچىدىكى كىتاب.

ئىلمى ھۇممەيات، يەنى قىزىتما كېسەللىكلىرىگە ئائىت ئىلىم «سىتتە ئەشەر» ناملىق توپلامدىكى «كىتابى ھۇممەيات» (قىزىتما كېسەللىكلىرىگە ئائىت چۈشەنچىلەر)تىن ئىزدەلگەي.

ئەمرازى ماددە، يەنى تۈرلۈك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ سەۋەبلىرىنى بۇقرات تەسنىپ قىلغان «مائىش ـ شەئىر»دىن ئۆگەنگەيسەن.

كېسەللىككە ئىلاج قىلغۇچى تېۋىپ قانچە تەجرىبىلىك بولسا، شۇنچە مەشھۇر ۋە ئاتاقلىق بولىدۇ. شۇڭا، تېۋىپ بولغان ئادەم ئوبدان ئويلاشماي تۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ كېسىلىنى داۋالاشقا كىرىشمىگەي؛ ئەلۋەتتە، كېسەللەرنى كۆپ كۆرۈپ، تەجرىبە توپلىغاي؛ بولۇپمۇ ئۇستازلارنىڭ داۋالاش جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى كۆپرەك ئۆگەنگەي؛ ئادەتتىكى ئىللەتلەرنىمۇ نەزىرىدىن سارقىت قىلمىغاي.



تېۋىپ بولغان كىشى «كېسەلنى توغرا بىكىتەي، داۋالاشتا تەمترەپ قالماي» دەيدىكەن، چوقۇمكى، كىتابلاردىن ئوقۇغانلىرىنى يادلىۋالمىقى، ئەلۋەتتە، بۇقراتنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى پۇختا ئۆگەنمەكى لازىمدۇر؛ شۇندىلا بىمارلارنى خاتا داۋالاپ قويۇشتىن خالىي بولالايدۇ.

تېۋىپ بولغان كىشى يەنە ئۆزىنى دائىم پاكىز ۋە خۇشبۇي تۇتۇشى كېرەك. بىمارنىڭ قېشىغا كەلگەندە، بىمارغا ئوچۇق چىراي بىلەن يېقىشلىق سۆزلەرنى قىلىشى، ئۈمىد بېغىشلايدىغان نەزەردە قاراپ، بىمارنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇتۇشى لازىم. چۈنكى، ھەكىمنىڭ بىمارغا ئاتا قىلغان شۇ روھىي قۇۋۋىتىدىن بىمارنىڭ جاسارىتى ئۇرغۇپ، ساقىيىشقا بولغان ئىشەنچى زىيادە بولىدۇ.

بىمار ئۇخلاپ قالغان ئەھۋالدا، تېۋىپ تەكشۈرگىلى كېلىپ، بىمارنى چاقىرسا، بىمار كۆزىنى ئېچىپ جاۋاب بېرىپ بولۇپلا، يەنە كۆزىنى يۇمۇۋالسا ياكى تېۋىپنى تونۇمىسا، بۇ كېسەللىك ئەھۋال ـ

نىڭ يامانلاشقانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر.



ئەگەر بىمار بىھوش بولۇپ، قول - پۇتلىرىنى ھەر تەرەپكە ئۇزارتىپ بىئاراملىق ھېس قىلسا، بىھوشلۇق ھالىتىدە توختىماي پەرياد چەكسە، قولىنى چىشلىسە، بۇمۇ يامان ئالامەتتۇر.

ئەگەر بىمارنىڭ كۆزىنىڭ ئىچى ئەسلىدىكىدىن بەكرەك ئاقىرىپ كەتكەن بولسا، قارىسى ھەم ئىلگىرىكى ھالىتىدىن قارىراق كۆرۈنسە، تىلىنى ئاغزىدىن چىقىرىپ ئاھ ئۇرسا، بۇمۇ يامان ئالامەتتۇر.

ئەگەر بىمار توختىماي قەي قىلسا، قەينىڭ رەڭگى ھەرخىل بولسا، قەي قىلىشتىن توختىمىسا، بۇمۇ خەۋپلىكتۇر.

ئەگەر بىمار يۆتەلدىن بىئاراملىق ھېس قىلسا، بەلغەمنى بۆز بىلەن ئېرىتىپ، بۆزنى يۇيۇپ قۇرۇتقاندىن كېيىن، لاتىدا قاقىرىق، يەنى بەلغەمنىڭ ئىزناسى قالسا، بۇمۇ يامان ئالامەتتۇر.

ئەگەر قاتتىق رەشكتىن ۋە غەم - قايغۇدىن ئاغرىغان بولسا، بۇنداق بىمارلارغا داۋا قىلىنمىغايكى، پايدىسى يوقتۇر. ئەگەر بىماردا مەزكۇر ئالامەتلەر مەۋجۇت بولمىسا، ساقىيىشتىن ئۈمىدۋار بولماق كېرەك.

ئەگەر ھەكىم بارمىقىنى بىمارنىڭ تومۇرىغا قويغاندىن كېيىن، تومۇرنىڭ سوقۇشى بارماقنىڭ ئاستىدىن كۈچلۈك بىلىنسە، بۇ قاننىڭ غالىب ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ؛ ئەگەر ئىنچىكە (كۈچسىز) ۋە ئىتتىك سوققانلىقى بىلىنسە، بۇ سەپرانىڭ غالىب ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ؛ ئەگەر بارماقنىڭ تەكتىدىن نازۇك، مۇلايىم ۋە ئاستىراق تەۋرىگەنلىكى (سوققانلىقى) بىلىنسە، بۇ ھۆللۈكنىڭ غالىب ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ؛ ئەگەر تومۇر بارماقنىڭ تەكتىدىن يىرىك ۋە ئالدىرىماي سوققانلىقى مەلۇم بولسا، بۇ سەۋدانىڭ غالىب ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر يۇقىرىقىلارنىڭ قارشىسىچە بولسا، ئۇنداقتا تومۇرنىڭ ھەرىكىتى قايسى تەرەپكە غالىب بولسا، شۇنىڭغا قاراپ ھۆكۈم قىلماق كېرەك.



تومۇرنىڭ سوقۇش ھالىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك بىلگەندىن كېيىن، سۈيدۈكنى تەكشۈرمەك كېرەك. ئەگەر سۈيدۈكنىڭ رەڭگى ئاق كۆرۈنسە، بۇ بىمارنىڭ غەم - قايغۇ سەۋەبىدىن كېسەل بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر؛ ئەگەر ساپ (سۈزۈك) ۋە ئاق بولسا، بۇ خام خىلىتتىن، ھەزىم قىلىشنىڭ ياخشى بولمىغانلىقىدىن ھەمدە ھۆللۈكنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن كېسەللىك پەيدا بولغانلىقىغا دەلىلدۇر.

ئەگەر سۈيدۈكنىڭ رەڭگى كۆكۈچ سېرىق بولۇپ، ئۇششاق قارا دانچىلار كۆرۈنسە، بۇ ئىچى سۈرۈش ئىللىتىنىڭ ئالامىتىدۇر.

ئەگەر سۈيدۈك ياغلىق، يەنى ياغ رەڭگىدە بولۇپ، ئاستىدا سىزىقچە كۆرۈنسە، بۇ ئاغرىق، يەنى كېسەللىكنىڭ يېقىن ئارىدا پەيدا بولغانلىقىغا دەلىلدۇر؛ ئەگەر زەپىران رەڭگىدە كۆرۈنسە، بۇ بەزگەك



ۋە قاندا سەپرا پەيدا بولغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

ئەگەر سۈيدۈكنىڭ ئۈستى سېرىق، ئاستى قارا كۆرۈنسە، بۇ ئۆپكە ۋە تال كېسەللىكىنىڭ ئالامىتىدۇر. ئۇنىڭغا دورا قىلىنمىغاي.

ئەگەر سۈيدۈك ئۈستىدە قارا دانچە كۆرۈنسە ھەم دورا قىلماق ھاجەت ئەمەس.

ئەگەر سۈيدۈكنىڭ تەگتى يېشىل ياكى سېرىق ئارىلاش بولسا، بىمار پات ساقىيىدۇ.

ئەگەر بىمار قالايمىقان سۆزلىسە ھەمدە سۈيدۈكى قىزىل ۋە قارامتۇل بولسا ياكى قان ۋە قارا ئارىلاش بولۇپ، ئۈستىگە ئاق كۆپۈك ئۆرلىسە، ئۇنىڭدىن ھەزەر قىلماق كېرەك.

ئەگەر سۈيدۈكنىڭ رەڭگى قارا بولۇپ، ئۈستىدە قانغا ئوخشاش دانچە كۆرۈنسە، ئۇنداق بىمارنىڭ قېشىغا بارمىغان تۈزۈك.

ئەگەر سۈيدۈكنىڭ رەڭگى قارا بولۇپ، كۆپۈككە ئوخشاش دۇغ پەيدا بولسا ياكى سۈيدۈك ئۈستىدە قان كۆرۈنسە، ئۇنداق بىمار بىلەن ۋىدالاشماق كېرەك.

ئەگەر سۈيدۈكنىڭ رەڭگى سېرىق بولۇپ، ئۇنىڭدا پارقىراق زەررىلەر كۆرۈنسە ياكى سۈيدۈك ئۈستىدە يېشىل دانچىلار پەيدا بولسا، كېسەللىك قاندىن بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. بۇنداق بىمار قان ئالدۇرسا، پاتلا ساقىيىپ كېتىدۇ.

ئەگەر سۈيدۈك سېرىق بولۇپ، ئاق سىزىقلار كۆرۈنسە، بۇنداق بىمارنىڭ كېسىلى ئۇزاققا سوزۇلىدۇ.



ئەگەر سۈيدۈك يېشىل بولسا، بۇ تال ئاغرىقىغا دەلىلدۇر؛ ئەگەر يېشىل كۆرۈنسىمۇ، قارا داغ ئارىلاش بولسا، بۇ يۈرەك سېلىش، يۇقىرى قان بېسىمى كېسەللىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

ئەگەر سۈيدۈك ئېقىش بولۇپ، ئۇنىڭدا سەركە، يەنى ئۆچكە قورتىدەك نەرسىلەر كۆرۈنسە، بۇ يەللىك بوۋاسىرنىڭ ئالامىتىدۇر. بۇنداق كېسەللىكنى داۋالاپ ساقايتىش بىر قەدەر قىيىن.

ۋاقتىنكى، تومۇر بىلەن سۈيدۈكنىڭ ئالامەتلىرىنى بىلگەندىن كېيىن، ئىللەت (كېسەللىك)نىڭ جىنسلىرىنى، يەنى تۈرلىرىنى بىلىشكە قەدەم قويۇلغاي.

بىلمەك كېرەككى، ئىللەتنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپتۇر. ئىللەتنىڭ تۈرى مەلۇم بولغاندىن كېيىن، بىمار غىزا، يەنى يېمەكلىك بىلەن شىپا تاپىدىغان بولسا، دورا بېرىشكە — دورا بىلەن داۋالاشقا ئالدىرىماسلىق كېرەك؛ خام دورا مەنپەئەت قىلمىدىغان بولسا، پىششىق دورىلارنى ئىشلەتمەسلىك لازىم. بولۇپمۇ داۋالاشتا زىنھار «باتۇرلۇق» قىلىنمىغاي، قارىسىغا داۋالاشتىنمۇ ساقلانغاي. بىمارغا قارىتا سەۋر - تاقەت، ئېغىر -



بېسقلىق بىلەن داۋالاش ئېلىپ بېرىلغاي! ۋاقتىكى، كېسەل ئېغىرلاشقودەك بولسا، كۆڭۈل قويۇپ ئايرىم داۋالاش كېرەك. ئىللەتكە، يەنى كېسەللىككە قارىتا داۋالاشنى توختىتىپ قويۇش خىيالىدا بولماسلىق — داۋالاشتىن ھەرگىزمۇ ۋاز كەچمەسلىك، بىمارغا دوق قىلماسلىق، بىمارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى بىماردىن يىراق تۇتماقلىق لازىم. ئەمما، بىمار قوبۇل قىلماي تۇرۇپ، پەرھىزگە ھۆكۈم قىلىنمىغاي. ناۋادا بىمار زىيان قىلىدىغان غىزا يەۋالغان بولسا، ئاۋۋال ئۇنىڭ زىيانلىق تەسىرى يوق قىلىنغاي!

تېۋىپ ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ھۈنەر — ئىللەتنىڭ تۈر - خاراكتېرىنى پەرقلەندۈرمەك، دورا تونۇماقتۇر.

بۇ ئىلىمگە نىسبەتەن پېقىرنىڭ مەيلى ۋە رىغبىتى كۈچلۈك، مۇھەببىتى ھېسابسىز بولغاچقا، بۇ بابتا سۆز كۆپرەك بايان قىلىندى. چۈنكى، ھەرقانداق كىشى نېمىنى كۆپ دوست تۇتسا، شۇ نەرسە توغرىسىدا كۆپرەك سۆزلەيدۇ. ئەگەر تېبابەت ئىلمى كۆڭۈلگە ياقمىسا، ئاسترونومىيە ئىلمىنى ئۆگىنىشكە تىرىشىپ كۆر، ئۇمۇ نازۇك ئىلىمدۇر. سەۋەب شۇكى، بۇ ئىلىم پەيغەمبەرنىڭ مۆجىزىسىدۇر ۋە شۇبھىسىزكى، پەيغەمبەرلىك، يەنى پەيغەمبەرلەرگە خاس ئىلىمدۇر.

ئاللا ئەڭ توغرىسىنى بىلگۈچىدۇر!

## ئوتتۇز تۆتىنچى باب

## نۇجۇم ئىلمى ۋە ھەندەسەنىڭ بايانى



ئەي سىردىشىم، كۆزۈمنىڭ نۇرى، جاراھەتلەنگەن قەلبىمنىڭ مەلھىمى، ئەگەر مۇنەججىم (ئاسترونوم) بولاي دېسەڭ، تىرىشىپ «ئىلمى رىيازىي» (ماتېماتىكا ئىلمى)نى ئۆگىنىش يولىدا كۆپرەك رىيازەت چەك. ئاسترونومىيەدە ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بىلىم ناھايىتى كۆپتۇر. ئۇنىڭ شەرھىنى خاتاسىز تامام قىلماق مۇمكىن ئەمەس. شۇ سەۋەبلىك كىشى پىكىر قىلغاندا خاتالىشىشتىن ساقلىنالمايدۇ. ئەمما، ھەممە جەھەتتىن مۇنەججىملىك ئىلمىنىڭ سەمەرىسى كالېندارچىلىق ئىلمىنىڭ قائىدىلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. كالېندارنىڭ پايدىسى، يەنى تەقۋىمدىن كۆرۈلىدىغان مەنپەئەتنىڭ ئاساسى ئەھكام — ئاسترونومىيەدە يۇلتۇزلارنىڭ سەير قىلىشى ۋە ھالىتىنى تەتقىق قىلىشقا ئائىت قائىدىلەردۇر. بەس، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەھكامدىن، يەنى يۇلتۇزلارنىڭ سەير قىلىشى ۋە ھالىتىنى تەتقىق قىلىشقا ئائىت قائىدىلەردىن تاشقىرى بولماس! شۇنىڭ ئۈچۈن ئەھكامنىڭ ئۇسۇلىنى ياخشى بىلىشكە تىرىش، دەل، توغرا ھۆكۈم قىلىشتا ماھىر بول. سەييارىلەرنىڭ ئورنى ھەم ئۇلارنىڭ كۆتۈرۈلۈش ھەرىكەت دەرىجىسىنى كۆرسەتكۈچى يىللىق جەدۋەل



غافل

(كالھىندار) توغرا بولسا، چىقارغان ھۆكمىمۇ شۇ چاغدا توغرا بولىدۇ. تەلەي ـ ئامەتكە ــ سەييارىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپلا تەخمىن ۋە گۇمان بىلەن ئىشىنىش ــ ھۆكۈم قىلىشتىن ساقلان. كۆپرەك تەپتىش ۋە تەھقىقلەش (ماھىيىتىنى ئېنىقلاش) ئارقىلىق توغرا ھېسابلاشنى قولغا كەلتۈر ۋە ئىشەنچىڭنى تۈزگۈز. قاچانكى چىقارغان ھېسابىڭ توغرا بولسا، ئاندىن ھۆكۈم قىل. شۇندىلا ھۆكمۈڭ توغرا بولىدۇ.

يۇلتۇزلارنىڭ كۆتۈرۈلۈشى يۇلتۇزلار ھەرىكىتىنىڭ دەرىجىسىگە باغلىق. ئاي بۇرجى③ ئايغا باغلىق، يەنى ھەربىر ئاي بىر بۇرجغا تەۋەدۇر. يۇلتۇزلارنىڭ ھەربىر بۇرجدا قانداق بولىدىغانلىقى، شۇ يۇلتۇز بۇرجلىرىنىڭ مىزاجىغا باغلىق. يۇلتۇزلارنىڭ بۇرجلىرىدىن قارىغاندا، ھەربىر بۇرجدا بىردىن تۇراقلىق يۇلتۇز بولۇپ، ئۇ تۇرغۇن يۇلتۇز ھېسابلىنىدۇ. بۇ بەخت ـ تەلەي دەرىجىسى، ئاجىزلىق دەرىجىسى ۋە قاراكۆچۈللۈك دەرىجىسى قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدىغان يۇلتۇزلار بولۇپ، قۇياش چەمبىرىكىدە بولىدۇ. شۇڭا، بۇ يۇلتۇزلارنىڭ كۆتۈرۈلۈش ۋە چۈشۈش ھەرىكەتلىرىدىن بىردەممۇ غاپىل بولما.

ۋاقىت ـ پەيت، قۇياشنىڭ يىللىق دائىرىسىدىكى ئون ئىككى نۇقتىنىڭ ھەر بىرى، تۇرغۇن يۇلتۇز ۋە ئۇلارنىڭ مەنزىلى، باغلىنىش مەركىزى، چېگراسى، ئورنى، يەر يۈزى بىلەن بولغان ئەڭ يىراق نۇقتىسى ۋە ئەڭ يېقىن نۇقتىسى، بۇرج ئارىلىقى، ھاۋانىڭ ئوچۇق ۋە تۇتۇقلۇقى قاتارلىقلارنى بىلىپ، ئاندىن كېيىن ئاي ۋە يۇلتۇزلارنىڭ دەرىجىلىرىگە باق، يەنى ئاي ۋە يۇلتۇزنىڭ ئەھۋالىغا دىققەت قىل. تەلەي ـ ئامەت ۋە ياكى بەتەلەي (نەس ۋە ياكى بەخت) يۇلتۇزلىرىنىڭ قايسى بۇرجقا ئۇدۇللاشقانلىقىنى ياكى قايسىسىغا ھاۋالە بولغانلىقىنى؛ ئاينىڭ يىللىق ھەرىكەت جەريانىدىكى تۇتۇلغان ۋاقتى، يەنى ئاي نۇرىنىڭ ئەڭ ئاجىزلاشقان ۋاقتى؛ ئاينىڭ باشقا سەييارىلەر بىلەن بىر ئورۇبىتىغا كىرمەگەن ۋاقتى ۋە كىرگەن ۋاقتى؛ ئاينىڭ قۇياش بىلەن ئۇدۇللاشقان ۋاقتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ، بۇلار توغرىسىدا بەلگىلىك چۈشەنچە ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمدىن سۆز ئاچقايسەن. يۇلتۇزلار، يەنى تەلەي ـ ئىقبال توغرىسىدا مەشھۇر ۋە ئىشەنچلىك كالھىندارغا ئاساسلىنىپ ھۆكۈم چىقارساڭ، ھۆكمۈڭ توغرا چىقىدۇ؛ ئەتراپلىق كۆزەتسەڭ، تەرتىپلىرىگە ياخشى نەزەر سالساڭ، سەۋەنلىكتىن خالىي بولالايسەن. ئىمكان بار ئەھكام، يەنى يۇلتۇزلار ھەرىكىتى ــ تەلەي ـ ئىقبال توغرىسىدا خاتاغا يول قويۇلمىغاي!



نقطەسى



هەرقانداق بىر مۇنەججىم ئېھتىيات بىلەن كىش كۆرۈپ، يۇلتۇزلار ھەرىكىتى — تەلەي - ئىقبال توغرىسىدا توغرا ھۆكۈم چىقىرالىسىلا، ئىشەنچكە ئېرىشەلەيدۇ. ئەمما، ئادەم پەرزەنتىنىڭ توغۇلۇشى ھەققىدە ئۇستازىمىدىن بەزى سۆزلەرنى ئاڭلىغانىدىم. بۇ سۆز - ئىبارىلەرنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: ئادەمنىڭ يارالمىشى بالىنىڭ ئانىدىن توغۇلۇپ ۋۇجۇدقا كەلگەن، يەنى ئالەمگە كۆز ئاچقان چاغدىكى ھالىتى بولماستىن، بەلكى ئەر كىشىنىڭ مەنىي (ئىسپېرما)سى ئايال كىشىنىڭ بالياتقۇسىدا قارار تاپقان سائەتتىكى ھالەتتۇر. ئەسلىدە «تەقدىر — بەخت - تەلەي» دېگىنىمىز شۇ بولۇپ، بالا توغۇلغاندىن كېيىن كەلگۈسىدە بولىدىغان ياخشىلىق ۋە يامانلىق شۇ سائەتتە، يەنى بالا تۆرىلىش بىلەن تەڭ پۈتۈلۈپ كەتكەنىمىش. بالىنىڭ ئانىدىن توغۇلغان ھالەتتىكى بەخت - تەلىيى «تەھۋىلى كەبىرى»، بالىنىڭ يىلى ئۆرۈلگەن ۋاقىت «تەھۋىلى ۋەسەتى»، ئايلىرىنىڭ تەھۋىلى، يەنى ئۆزگىرىش ھالىتى «تەھۋىلى سەغىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. دېمەك، ئاتىنىڭ مەنىيسى ئانىنىڭ بالياتقۇسىدا قارار تاپقان شۇ سائەت دەل تۆرەلمىنىڭ تەقدىرى — بەخت - تەلىيىگە باغلىق ياخشىلىق ۋە يامانلىق پېشانىسىگە پۈتۈلگەن ۋاقىتتۇر. بۇ ھەقتە رەسۇل ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسى دەلىلدۇر: «تەلەيلىك كىشى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىلا تەلەيلىك تۆرىلىدۇ، تەلەيسىز كىشى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىلا تەلەيسىز تۆرىلىدۇ». ئەمما، تەقدىر — بەخت - تەلەي توغرىسىدا ئارتۇقچە سۆز ئېچىش ھاجەتسىزدۇر. چۈنكى، بەخت - تەلىيىڭنىڭ قايسى تەرىقىدە ئۆزگىرىشىنىڭ ئۆزىمۇ تەقدىر - قىسمەتتە پۈتۈلگەن. بۇ ھەقتە، يەنى تەقدىر — بەخت - تەلەي ھەققىدە ئۇستازلارنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن تەلىملىرىنى ئېسىڭدە مەھكەم ساقلا. ھەرقانداق ئىشقا قارىتا ھۆكۈم قىلىش توغرا كەلسە پېقىر، يەنى مەن ئېيتقان تەرتىپ بويىچە ھۆكۈم قىلىشقا ئادەتلەن.



ئەگەر بىرەر كىشى سەندىن ئۆزىنىڭ يۇلتۇزى، يەنى بەخت - تەلىيى توغرىسىدا مەسىلە سورىسا، ئاۋۋال شۇ ۋاقىتتىكى يۇلتۇزنىڭ كۆتۈرۈلۈش ھەرىكىتىنى ۋە تەلەي ئىگىسىنىڭ تۆرىقىنى ياخشى كۆزەت. ئاندىن ئايغا ۋە ئاينىڭ ئورنىغا، ئاي ئورالغان، يەنى ئاي تۇتاشقان يۇلتۇزغا، تۇتىشىش ۋە ئايلىنىش دائىرىسىنىڭ يىراق - يېقىنلىقىغا ھەمدە پەرز قىلىنغان بەخت - تەلەي يۇلتۇزىغا ئوبدان نەزەر سېلىپ جاۋاب بەر. ئەگەر ئاي يۇلتۇزدىن ئىلگىرى ۋە ئوتتۇرىدا كۆرۈنسە، ئەتراپلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، كىمنىڭ غالىب بولىدىغانلىقىنى، سائادەت، يەنى بەخت - تەلەينىڭ قايسى تەرەپكە كۆپرەك مايىل كېلىدىغانلىقىنى ئوبدان بايقاپ، سۆزنى شۇ تەرەپ-



تىمن بايان قىل.

ئەھكام، يەنى يۇلتۇزلار ھەرىكىتى ۋە ھالىتى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشنىڭ شەرتلىرىدىن بەزىلىرىنى بايان قىلدىم. ئەگەر مۇھەندىس (گېئومېتىرىيەچى) ۋە مەسساھ (يەر ئۆلچىگۈچى) بولاي دېسەڭ، ھېسابقا پۇختا بولمىقىڭ لازىمدۇر. ھەربىر سائىتىڭ ھېساب ئۆگەنمەكتىن خالىي قالمىغاي، يەنى ھېساب ئۆگەنمەكنى بىر سائەتمۇ توختىتىپ قويما. چۈنكى، ھېساب ئىلمى تولىمۇ قىيىن ئىلىمدۇر.

بەس، ئەگەر نەزىرىڭ يەر شەكلىنى بىلىش — يەر دائىرىسىنى ھېسابلاش تەرىپىگە ئاغدۇرۇلسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ، يەنى يەر شەكلىنىڭ ھەربىر بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنىمۇ قالدۇرماي تەكشۈرگىن. ئوخشاشمايدىغان شەكىل، بۇلۇڭ - بۇرجەكلەرنى نەزىرىڭدىن سارقىت قىلما. «بۇ تەرىپىنى ئوبدان ھېسابلاپ، قالغىنىنى قىياس بىلەن ھېسابلىساممۇ بولىدۇ» دېمە. ھەممە تەرەپنى ئېنىق بىلمىگۈچە توختاپ قالما. پېقىرنىڭ، يەنى مېنىڭ ئۇستازىم دائىم: «يەر يۈزىنى ھېسابلاشتا بۇلۇڭلارنى ئۇنتۇپ قالما. يەرنىڭ بۇلۇڭلىرى كۆپىنچە ئېگىز - پەس، ياكى ئۇنداق، ياكى بۇنداق شەكىللەردە بولىدۇ. خېلى بىر قىسىم جايلارنىڭ تۈزلۈشى ئۆزگىچە، يەر شەكلى بىر - بىرىدىن خېلىلا پەرقلىنىدۇ؛ گەرچە مۇنداق جايلارنى ھېسابلاش قىيىن چۈشسىمۇ، مۆلچەر بويىچە ھېسابلاشتىن ساقلان. چۈنكى، ھەندەسە (گېئومېتىرىيە) شەكلىگە ماس كەلمەيدىغان ھېچقانداق شەكىل مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭا، ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ ھېسابلا، شۇندىلا ھېسابىڭ توغرا چىقىدۇ» دەيتتى.

ئەگەر بۇ بابتا قانچىلىك سۆزلىمەكچى بولسام، شۇنچىلىك ئىمكانىيەت بار ئىدى. ئەمما، مۇشۇنچىلىك سۆزلەشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. چۈنكى، يەنە سۆزلىسەم، كىتاب ئۆز ئەندىزىسىدىن ئۆزىراپ كېتىدۇ. ئەسلىدە كىتابىنىڭ بۇ بابىدا نۇجۇم نۇقتىسى، يەنى يۇلتۇزلار توغرىسىدىلا توختالماقچىدىم، ئەمما ھەندەسە ئىلمى توغرىسىدا بىرئاز سۆزلىمەكنى خوپ كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن، بۇ ھەقتە، يەنى ھەندەسە توغرىسىدىمۇ بىرنەچچە كەلىمە بايان قىلىندى.



## ئوتتۇز بەشىنچى باب
## شائىرلىق تەرزىنىڭ تەرتىپى

ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى، يۈرىكىمنىڭ ھۇزۇرى، ئەگەر شائىرلىق سەنئىتىدىن مەنپەئەت ھاسىل قىلماقچى بولساڭ، يەنى شېئىر يازماقنى ئىختىيار قىلساڭ، ئاسان، چۈشىنىشلىك سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە تىرىش. ئۆزى چۈشىنىپ، ئۆزگىلەر چۈشەنمەيدىغان ياكى ئۆزگىلەرگە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن شەرھلەشكە توغرا كېلىدىغان شېئىرلارنى يازماقتىن ساقلانغىن. چۈنكى، شېئىرنىڭ گۈزەللىكى



خەلقنىڭ ياقتۇرغانلىقى بىلەن نامايان بولىدۇ.

يېگىملىكى بولمىغان، مەنىسىز ياكى مەنىلىرى ئۇدۇل، شېئىرىي سەنئەتتىن خالىي، ۋەزىن - قاپىيىگىلا قانائەت قىلىنغان شېئىرلارنى يېزىشتىن ساقلان. سەنئەتسىز، يەنى كىشىگە شېئىرىي زوق ئاتا قىلالمايدىغان، تەرتىپسىز شېئىرنىمۇ ئېيتما. بۇنداق شېئىرلارنى كىشىلەر ياقتۇرمايدۇ. لاتاپەتلىك جىلۋىسى ۋە گۈزەللىك كەرەشمىسى ۋەزىن ۋە قاپىيە بىلەن راۋان، يەنى قانچىكى سەنئەتلىك، مۇبالىغە ئارىلاش، ۋەزىن، قاپىيەسى جايىدا بولغان شېئىرلار ئەلنىڭ تەبئىتىگە ياقىدۇ. شائىرلارنىڭ قائىدە - مىزان ۋە تەرىپلىرىدىكى شېئىرىي سەنئەت: مەجالىس ۋە مۇتابىق (مۇۋاپىقلىق ۋە ماسلىق)، مۇتەزادد (زىت ياكى زىت مەنىلىك)، مۇتەشاكىل (شەكىلداشلىق)، مۇستەئار (نەقىل)، مۇكەررەر (تەكرار)، مۇزدەۋەج (جۈپ، جۈپلۈك؛ ياپسا)، مۇسەججەئ (قاپىيە، قاپىيىداشلىق)، مۇۋازىن (يانداش، تەڭ، باراۋەر)، مۇنجەمەد (قاتما، قاتقان)، مۇسەلسەل (يۈرۈشلەشكەن، راۋان، باغلاشقان)، مۇرەددەف (يانداشقان)، ئۇلۇۋۋەن (روشەن، ئاشكارا)، مۇستەۋىي (ئوخشاش، تەكشى)، مۇۋەششەھ (شېئىرىي مىسرالارنىڭ باش ۋە ئاخىرقى ھەرپلىرىدە ياكى بوغۇملىرىدا بولىدىغان قاپىيىداشلىق)، مەقتەئ (شېئىرنىڭ ياكى شېئىرىي ئەسەرنىڭ ئاخىرقى بېيىتى، توگەللىمە)، مۇۋەسسەل (ئۇلانما، چېتىلما)، مۇخەللەئ (ئاجىز، سۇس)، مۇسەممەن (ھەربىر غەزەلنىڭ ئاخىرقى مىسراسىدا بولىدىغان قاپىيىداشلىق)، مۇستەجىل (ئۆزگىرىشچان، تۇراقسىز)، مۇزەممەن (؟)، زۇل - قافىيەتەين (قوش قاپىيەلىك شېئىر)، مەقلۇب (ئۆزگەرتىلگەن، تەتۈر) ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار.



ئەمما، سۆزۈم ئالىيراق، يەنى ھەممىگە ئوبدان كۆرۈنگەي دېسەڭ، سۆزنى كۆپرەك ئىستىئارە (ئوخشىتىش يولى ئارقىلىق كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلگەن سۆز ياكى ئىبارە) بىلەن سۆزلە. ئىستىئارەنى ئىمكان بار مەۋجۇت شەيئىلەرگە قارىتىپ ئىشلەت. ئەلۋەتتە، مەدھىيە شېئىرلىرىدا ئىستىئارە كەمرەك ئىشلىتىلگەي. غەزەل ۋە بېيىتلارنى ئاسان، يېقىشلىق سۆزلەر ۋە ئاممىباب قاپىيەلەر بىلەن بىزە. ئەرەبچە ياكى چۈشىنىش قىيىن بولغان ئاجايىپ - غارايىپ سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىن ساقلان. شېئىرلىرىڭ ئاشىقلارنىڭ ھال - ئەھۋالىغا مۇۋاپىق، پادىشاھلارغا لايىق ھەممىدە يېقىشلىق ۋە گۈزەل، شېرىن ماقاللار ۋە دىلكەش مىساللار بىلەن زىننەتلەنگەي! بۇنداق شېئىر خاسۇ ئاممىنىڭ كۆڭلىگە ياقىدۇ ھەم ئەل ئىچىدە پاتلا مەشھۇر بولىدۇ.

ئېغىر شەكىلدە ۋە مۇرەككەپ ئارۇز ۋەزنىدە زىنھار شېئىر ئېيتما. ئەگەر بىراۋ ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىرنى خالىسا، ئارۇز ئىلمىنى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈشى شەرت. ھەرقاچان شائىرلىق ئىلمى-



نى ۋە شېئىرىي بىلىملەرنى پۇختا ئۆگەن. ئەگەر شائىرلار ئارىسىدا ئىمتىھان يا مۇنازىرە بولۇپ قالسا، خىجالەتكە قالمايسەن. بولۇپمۇ پارسلارنىڭ ئارۇز ئىلمى دائىرىلىرىگە ئالاقىدار ھەزەج، رەجەز، رەمەل، ھەزەجى مەكفۇف، ھەزەجى ئەخرەب، رەجەزى مەتۋىي، رەمەلى مەخبۇن، مۇنسەرىھ، خەفىف، مۇزارىئى ئەخرەب، مۇقتەزەب، سەرىئ، مۇجتەس، مۇتەقارىب، قەرىبى ئەخرەب، تەۋىل، زەرىبي قاتارلىق ئون يەتتە بەھرنى ياخشى ئىگىلە ۋە ئوبدان چۈشەن. يەنە مەدھىيە، غەزەل، ھەجۋىي ۋە مەرسىيە ياكى دۇئا ـ مۇناجاتتا بولسۇن، ئېيتقان ھەربىر سۆزۈڭنى كامالەتكە يەتكۈز. ھەرگىز نۇقسانلىق ۋە كەم ـ كوتا يازما. نەزمدە ئېيتىلغان سۆز نەسردە ئېيتىلمىسۇن، چۈنكى نەسر پۇقراغا ئوخشايدۇ، نەزم پادىشاھقا ئوخشايدۇ. پۇقرانىڭ تونى پادىشاھقا ياراشمايدۇ. يازغان غەزىلىڭ ياكى ئېيتقان سۆز ـ ئىبارىلىرىڭ شاھلارغا لايىق ۋە يالتىراپ تۇرىدىغان گۆھەر مەسىللىك بولغاي. بىراۋنى مەدھىيىلىگەندە جەسۇر، شىجائەتلىك ۋە ئالىيجاناب بول. مەدھىيەڭ ھەر كىشىنىڭ لايىقىدا ـــ مەدھىيەلەنگۈچىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىگە ياردىشا بولغاي. ئۆمرىدە بېلىگە قەلەمتىراش قىسمىغان كىشىنى ھەرگىزمۇ «شەمشەر بىلەن پىلنى، ئوقيا بىلەن قىلنى يارغان» دېمە. ئۆمرىدە ئېشەككە مىنىپ باقمىغان كىشىنىڭ ئېتىنى «دۇلدۇل، تۇلپار ياكى قارا يورغىغا ئوخشايدۇ» دەپ ماختىما. بىراۋنى مەدھىيىلىمەكچى بولساڭ، ئاۋۋال شۇ كىشىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ۋە مەرتىۋىسىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى، مەدھىيەلەشكە ئەرزىگۈدەك قانداق ئارتۇقچىلىقىنىڭ بارلىقىنى ئوبدان بىل. شائىر ئۈچۈن مەدھىيەلەنگۈچى ۋە ماختالغۇچىنىڭ تەبىئىتىدىن، يەنى مىجەز ـ خاراكتېرى ۋە ئېتىقادلىرىدىن خەۋەردار بولماق، ئۇنىڭ تەبىئىتىگە خۇش كېلىدىغان نەرسىنى بىلمەك ۋاجىپتۇر. ئومۇمەن، كىشىنى شۇنداق سۆز بىلەن مەدھىيىلىگىنكى، ھەربىر سۆزۈڭ مەدھىيەلەنگۈچىنىڭ كۆڭلىگە ياقسۇن؛ مەدھىيەلەنگۈچىنىڭ ھەربىر ئىشىمۇ سېنىڭ مەدھىيىلىشىڭگە ئەرزىيدىغان بولسۇن.



ئەي ئوغۇل، ئىمكان بار ھىممەتسىز بولما، يەنى شېئىردىيەت سەھىپىسىدە ئارتۇقچە كەمتەرلىك قىلىپ كەتمە. يازغان قەسىدىلىرىڭدە ئۆزۈڭنى تۆۋەن تۇتۇپ «بەندە»، «خادىم» (مەن سېنىڭ قۇلۇڭ، چاكىرىڭ) دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلەتمە. ناۋادا مەدھىيەڭدە شۇنداق سۆزلەرنى ئىشلىتىش لازىم تېپىلسا، يەنى مەدھىيەلەنگۈچى ئەرزىسە، دېسەڭ بولىدۇ. ئەمما، ھەجۋىي، يەنى مەسخىرىلىك ئىبارىلەرنى ئېيتىشنى ئادەت قىلما. سۇنمىسۇن دېسەڭ، كوزىنى سۇغا تاشلىما. گەرچە شېئىردا مۇبالىغە سەنئەت ھېسابلانسىمۇ، يالغاننى، يەنى مۇبالىغىنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەت-


بهاری و بهار فصلیدا خزانی شعرا و قولغای و هر نوع الیسن نینک
وقتینی بیلماک لازم دور و هر نچه استاد بی نظیر بولوبسیز هم
اچوالیغه با قیلغای و اولار هم مطربلیق علمی غه دانا و نغمه لیق
رسمی غه آشنا سا ایرسالار مطربلیق نینک دادینی بریلسون وکر
هم مجلس لار تمام بکیت و کودک لار بولسه الکنز بکیل طریق لار دو
مبتلو بیلار او مهابا غیه اگر سرود لاردمی تعریفه داکه غزل لار اوقولغای
جرینک عبارتی لار غه ما و النهار ابیاتی اوقولغای که مضمونی تمام عزت
قیلماق و تمان توکماک و شوخ شنگ لیک قیلماقنی افاده قیلغای
و هم خسروانه نوا چیکیلگای و مطرب تلیغ نینک شرطی اولکیلماز
راست بیله دین انان قیلیب انداک او قوب بس آندین کیین
هر قیسی پرده نی رسمی بیرله آهنگ قیلغای عراق و عشاق زیر
افکن و بوسیلک و سپاهان پرده لاری مثل لیک نوا پرده سی
و بر پرده قو لوب حسینی پرده سی و باخرز پرده سینی ترنم قیلغای و نیز

مە. غەزەل ۋە مەرسىيە مەلۇم بىر ئۇسلۇبتا ئېيتىلغان بولسا، ھەجۋىي ۋە مەدھىيە تۈردىكى شېئىرلار باشقا بىر ئۇسلۇبتا ئېيتىلغاي. ئەگەر ھەجۋىي شېئىر يازماقنى ئىرادە قىلساڭ، چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمە، سۆز ـ ئىبارىلەر لايىقىدا بولغاي. ھەرقانداق سۆزنى ئۆزۈڭ بىلىدىغان، ئۆزۈڭگە خاس ئۇسلۇبتا بايان قىل. ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ ئۇسلۇبىنى دوراپ قالما. ئۇنداق بولمىغاندا پىكرىڭ چەكلىنىپ قالىدۇ. مەلۇم دائىرە ئىچىدە تۇرۇپ قالساڭ، تەرەققىي قىلالمايسەن. ئەمما، ۋاقتى يېتىپ شائىرلىق تەرىقىغە قادىر ۋە رەسىم ـ قائىدىلەرگە ماھىر بولساڭ، يەنى ھەقىقىي شائىر بولالىساڭ، ئۇ ھالدا تالانتىڭنى جارى قىلدۇرۇپ، مەنە خەزىنىسىنىڭ ئىشىكىنى ئاچ. بىرەر يەردە غەيرىي سۆز ۋە مەنىنى ئاڭلىساڭ، بۇ سۆز ۋە مەنە سېنىڭ كۆڭلۈڭگە ماقۇل ۋە مەرغۇپ چۈشسە، ئۇنى قوبۇل قىلىپ، ئاڭلىغىنىڭ، قوبۇل قىلغىنىڭ بويىچە ئەمەس، بەلكى باشقا ئورۇندا، باشقىچىرەك تۈستە ئىستېمال قىل. مەسىلەن، مەدھىيەدە ئاڭلىغان ياكى كۆرگەن بولساڭ، ھەجۋىيدە، ھەجۋىيدە ئاڭلىغان ياكى كۆرگەن بولساڭ، مەدھىيەدە ئىشلەت.

قاچانكى بۇ سۈپەتنى، يەنى شائىرلىقنى ئۆزۈڭگە كەسىپ قىلغان بولساڭ، ھەر ۋاقىت ئۇستىباش ۋە ئاياغلىرىڭنى پاكىز تۇت. دائىم خۇشال، كۈلكە چىراي، شېرىن سۆز، خۇشخۇي بول. ئاجايىپ ـ غارايىپ ھېكايىلەرنى، نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ياد ئال.

ئاللا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر!


حریف لار بزم دا تقاضا قیلغان ترانه نی بجا درنگ چیکیلگای و مطرب
لیق نینک قاعده و قانونی شرایطی نی بجا کلتورماک و نغمه سیدین
نغمه جانبینی سی مقدمه سیغه مدت مدید مدتا ترتیب اولتور ولماسون
تا مطرب بو تکلیف لاردین فارغ بولوب ترانه پرده سیغه
توشور کونچه حریف لار مجمع غه برینا نلیق محلی بیتیب وطن لاریغه
یا نغایلار و هر کیم قیسی مقام نی خوشلاسا انکا شول مقام نی
چیکیلگای تا اول هم مطرب نینک مدعا سیغه مناسب دیم کوم
قیلغوسید ور و مطربلیق هنرلار نینک اولوغراقی دور
اگر مستمع غه خوش الخلایق طبعی سیغه و مجلس دا شراب
تقاضا قیلماسون تا سیم آغاین قولغه کلکوسیدور و مست
و مدهوش لار بیله بزم دا جنگ نی تا شلاب جنگ باشلاماسون
و مست لار بیله عربده قیلیب مجادله قیلماغای و اولار خواهشلاغان
مقام نی ترنم قیلغای و اگر اولار محال و بسکته غزل آهنگ

## ئوتتۇز ئالتىنچى باب
## سازەندىلىك قائىدىلىرىنىڭ بايانى

ئەي ئەقىللىك پەرزەنتىم، سۆيۈملۈك ئەزىزىم، ئەگەر نەغمىكەشلىك قىلساڭ، روھلۇق ۋە خۇشخۇي بول. ئۆز ۋۇجۇدۇڭنى ئىمكان قەدەر ھەمىشە پاكىز تۇت. كىيىملىرىڭنى پاكىز كىي. بەدىنىڭ خۇشبۇي، تىلىڭ تاتلىق، سۆزۈڭ يېقىملىق بولسۇن. بەزمىدە چىرايىڭ تۇتۇلۇپ قالمىسۇن. نەغمە قىلغاندا تامام ئېغىر پەدىگە چېلىۋەرمە، ھەممىسى يەڭگىل پەدە بولۇپمۇ قالمىسۇن. چۈنكى، ئىنسان تەبىئىتى بىر خىل بولمايدۇ. كىشىلەرنىڭ رەڭگىرويى ئوخشاش بولمىغىنىدەك، تەبىئىتىمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، بۇ سەنئەتنىڭ ئىجادچىلىرى ۋە ئاھاڭنى تۈرگە ئايرىغۇچىلار رەڭگارەڭ پەدىلەر ۋە خىلمۇ خىل ئويۇنلارنىڭ تەرتىپىنى تۈزۈپ چىققان:

ئۇلار پادىشاھلار مەجلىسىدە ئاۋۋال داستانغا، ئاندىن كېيىن ئېغىر ۋە چوڭ پەدىلەرگە چالماقنى بەلگىلىگەن. تا شۇ تەرىقە


قیلسه لار اولار نه اهل زرو نیش لار نغمه تو بولغای اعتراض
قیلماغای مجلس اهلی مست بولغان حالت دا هم کار لار بیله مناظره
قیلماسون که مناظره دین سیم حاصل بولغای و اوزکا اهل نغمه
بیله عربده قیلماغای حیناکر لیک بیله خون جکر دیج ایب حاصل
قیلغان بسیم عربده کسافتی دین برباد کتکای نغمه سی سنوق
وجامه سی بر توق و جرایی جبر توق و باشی یاروق ادیکا کلکای
مطرب لار نه کراغه الیماغای و اگر اجره که الیسه هم عربده قیلغای
مطرب غمزه دبر بیلماکای بلکه تحفه منت بر بیلکای اگر مجلس داکی سی
ستایش قیله انگا تواضع قیلیغای و انزک مدعا مرامی دا
مقام ترنم قیلیغای واوزکا لار هم ستایش قیلغایلار اتیماق و
حیکاکدین ملال بولمای استغیل و حیکیل تا اول مجمع دین غرض
حاصل بولغای و مطرب غنا و لو فراق وسیله صبر دور کمت لار دین
بیکانا ازاد کلفت غمه مطرب صبر و تغافل کورکوزماسا الفت نمر بیدین

بىلەن ناخشا ـ كۈي ئېيتماقنى تەرتىپكە كىرگۈزگەن ۋە بۇ تەرتىپكە «راھ» (يول) دەپ ئات قويۇشقان. «راھ» دەپ ئاتالغان بۇ كۈي ـ نەغمىلەر چوڭلار ۋە ئەربابلارنىڭ تەبىئىتىگە بەكمۇ مۇۋاپىق كەلگەنىدى. ئەمما، ھەممە خەلقنىڭ يېشى، بەھرىلىنىش ئادىتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، مۇزىكا ئۇستازلىرى پەرقلەندۈرۈپ چوڭلار ۋە ئەربابلارنىڭ تەبىئىتىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان كۈي تەرتىپىنى تۈزدى؛ ياشلار ـ يىگىتلەرنىڭ تەبىئىتىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان كۈي ـ ئاھاڭنى تەيىن قىلىپ، بۇنى ۋەزنى يەڭگىلرەك شېئىرلار ۋە شوخ ئاھاڭ ـ پەدىلەر بىلەن بېزەپ «خەفىف» (يەڭگىل، يەڭگىل كۈي) دەپ ئاتىدى. شۇڭا، نەغمە قىلغاندا ئاۋۋال ئېغىر، يەنى يوغان پەدىگە، ئاندىن ئۇلاپلا «خەفىف»، يەنى يەڭگىل پەدىگە چالغان تۈزۈك. شۇنداقتا، بىر نۆۋەتتىلا ھەم قېرىلار ۋە ئەربابلار، ھەم يىگىتلەر ھوزۇر ئالالايدۇ. بەس، ئاياللار ۋە گۆدەكلەرنىڭ تەبىئىتى يەڭگىل ۋە نازۇك كېلىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ياقتۇرۇپ ئاڭلىشىغا مۇناسىپ كېلىدىغان يېنىك كۈيلەرنى ئىجاد قىلىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇشبۇ تائىپە ھەم ئۆز تەبىئىتىگە لايىق نەغمىدىن بەھرە ئالالايدىغان بولدى. چۈنكى، «تەرانە»دىن يېقىملىقراق ھېچ «ۋەزىن» (كۈي) بولمىسا كېرەك. ئەمما، ھەممە نەغمە بىر تۇردىكى ئاھاڭدا چېلىنمىغاي ۋە بىرخىل غەزەل ئوقۇلمىغاي. پىقىر ئېيتقان رەۋىش بىلەن نەغمە قىلىنغاي، يەنى سورۇن ئەھلىگە ۋە ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە قاراپ ئوخشىمىغان كۈيلەرگە چالماق ۋە ئېيتماق لازىمدۇر. شۇندىلا ھەممە خەلق نەغمە ـ ناۋادىن تەڭ ھوزۇر ئالالايدۇ.


برکت حاصل قیلماغای دایم بینوا بولغای و بینه مطرب کوز دمان
دولتیسیمهن بولغای حاصلی قولاق سالیماید دغان یرکا
قولاق سالماغای و نظر سالیماید دغان جایغه قرالاماغای و قتی
برجایدین حیقسه بیز بویکه بار یب کورکان و انکلاغانینی تمام
بیان قیلماغایکه بو صفت لیک مطرب همیشه میزبان ضیافتی
دین خالی بولماغای والله اعلم او توز تیتیجی باب پادشاه
ای جان پدر اگر پادشاهی نینک خدمتی دا
ملازم بولماقنی لازم تو توسه بیجه اول پادشاهنی اوزیکا متوجه
قیلسه انگا مغرور بولماغای انینک یتین لیغی دین احتراز قیلغای
اما پادشاه نینک خدمتی دین قاچیماغای و پادشاه قریبیدین
یراغلیق تو باد و شهنشاه خدمتی دین یاد قیلوق و اگر پادشاه لطفی جوشی
قیلیب معزز کوروب اوز بیدین نا یمین قیلسه زنهار ایمین
بولاغیل مصرع کیمکه سینی بیمرو توزا اول اولتورود ...

ئەمما، نەغمىكەش ھەر مەجلىستە مەجلىس ئەھلىنىڭ رەڭگىرويىغا دىققەت قىلىپ ئولتۇرغاي. ئەگەر ئىشتىكۈچىنىڭ، يەنى نەغمە ئاڭلىغۇچىنىڭ بەشىرىسى قىزىل بولسا، كۈي بوم ـ يۇقىرى پەدىگە چېلىنغاي؛ ئەگەر چېھرى سېرىق بولسا، سۇس ـ يېنىك پەدىگە چېلىنغاي؛ ئەگەر قارىغا مايىل بولسا، ئۇنىڭغا كۆپرەك ئوتتۇرا ھال پەدە چېلىپ بېرىلگەي؛ ئەگەر ئاق يۈزلۈك ۋە سېمىز بولسا، ئۇنىڭغا ھەم كۆپرەك بوم ـ يۇقىرى پەدە چېلىپ بېرىلگەي. چۈنكى، مۇزىكا ئەسۋابلىرى، يەنى چالغۇلار ئادەمنىڭ تۆت خىل مىزاجىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇلۇپ تەرتىپلەنگەندۇر.

يۇقىرىدا دېيىلگەن سۆزلەرنىڭ بەزىسى نەغمىكەشلىكنىڭ شەرتى، تەرتىپ ـ مىزانلىرىدىن تاشقىرى بولسىمۇ، ئەمما سېنى بۇ مەنىلەردىن خەۋەردار قىلىش ئارزۇسىدا بايان قىلدىم. دېگەنلىرىمنى ئوبدان ئاڭلاپ، خاتىرەڭدە ياخشى ساقلا. يەنە تىرىشىپ رىۋايەت ۋە ھېكايىلەرنى كۆپلەپ يادلا. نەغمىكەش رىۋايەت ۋە ھېكايىلەرنى كۆپ بىلسە، ئارىلىقتا ھېكايە ئېيتماق ۋە ھەزىل ـ چاقچاق



قىلماق بىلەن بىر ئاز بولسىمۇ ئارام تاپالايدۇ.

ئەگەر بىراۋنىڭ ئۆز زاتىدا نەغمىكەشلىك بىلەن شائىرلىق قابىلىيىتى تەڭ مەۋجۇت بولسا، نەغمە قىلغاندا، ياخشىسى، ھەمىشە ئۆزىنىڭ شېئىرىنى ئاشىق بولۇۋالمىسۇن، يەنى ئۆزىنىڭ شېئىرىنىلا ئېيتىپ تۇرۇۋالمىسۇن. ئۆزىنىڭ شېئىرىنى ئۆزى ماختىمىسۇن. چۈنكى، ئۆزىنىڭ شېئىرى ئۆزىگە مەرغۇپ كۆرۈنگىنى بىلەن ئۆزگە كىشىگە مەرغۇپ كۆرۈنۈشى، يېقىملىق ئاڭلىنىشى ناتايىن.

ئەگەر بەزمىدە مېھمانلار شاھمات ئويناۋاتقان بولسىمۇ، نەغمەكەش نەغمىسىنى توختاتمىسۇن، يەنى شاھماتقا قىزىقىپ ياكى ئۇستاتلىق قىلىپ، نەغمىنى توختىتىپ قويىدىغان ئىشنى قىلمىسۇن. چۈنكى، ساھىبخانا ئۇنى، يەنى نەغمىكەشنى پەقەت مېھمانلارغا نەغمە قىلىپ بېرىشكە چاقىرغان، شاھمات ئويناشقا چاقىرمىغان.

ئەگەر ناخشا ئوقۇماق ياكى ئۆگەنمەكنى ئىرادە قىلساڭ، ۋەزىن - ئاھاڭنى خاتىرەڭدە ياخشى ساقلا. ۋەزىندىن خالىي، يەنى ۋەزىنگە چۈشمەيدىغان غەزەل ياكى كۈيلەرنى ئېيتقۇچى بولما. ۋەزىنسىز ئېيتىلغان شېئىر ياكى كۈي ئۆزۈڭگە خوش ئاڭلانغىنى بىلەن ئۆزگىلەرگە خوش ئاڭلانماسلىقى مۇمكىن.

ئەگەر كۆڭلۈڭ بىراۋنىڭ ئىشقىغا مەپتۇن، ئۇنىڭ ۋىسالى ئارزۇسىغا مۇپتىلا بولغان تەقدىردىمۇ ئۆز ھال - ئەھۋالىڭنى بىلدۈرىدىغان شېئىر - غەزەللەرنى ئېيتقۇچى بولما. بۇنداق شېئىر - غەزەل ئۆزۈڭگە تېتىغان بىلەن ئۆزگىلەرگە تېتىمايدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق ناخشا - كۈي ئۆزگە مەنىلەردە، يەنى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان بېيىت - ئاھاڭلاردا ئېيتىلغاي. بۇنىڭ ئۈچۈن بېيىت ۋە غەزەللەرنى - پىراققا، ۋىسالغا، ۋاستىچىگە، ساباغا، مالامەت ۋە قەھر - غەزەپكە، رەت قىلماققا، مەنئى ۋە مەقبۇلغا، ۋاپاغا، جاپاغا، ئېھسان ۋە ساخاۋەتكە ھەمدە ئۇشبۇ مەنىلەرگە ۋە ئۇنىڭ ھەربىرىگە مىسال بولالايدىغان شېئىرلارنى كۆپلەپ يادقا ئالماق لازىمدۇر. يەنە ۋاقىت - پەيتكە، پەسىلگە مۇۋاپىق كېلىدىغان بېيىتلار، مەسىلەن، كۈز پەسلى، قىش پەسلى، باھار پەسلى ۋە ياز پەسلى دېگەندەك، ھەر پەسىلنىڭ ئۆز مەۋسۇمىغا مۇناسىپ غەزەللەر ئاھاڭغا سېلىنىپ ئوقۇلغاي. كۈز پەسلىدە باھارغا، باھار پەسلىدە كۈزگە تەۋە شېئىرلار ئوقۇلمىغاي. قىسقىسى، ھەرقانداق ئىشنىڭ ۋاقتى - پەيتىنى ئوبدان بىلمەك، ھەرقانچە ئۇستا ۋە تەڭداشسىز ماھىر بولغان تەقدىردىمۇ، مېھمانلارنىڭ ھال - ئەھۋالىغا باقماق لازىمدۇر. ناۋادا مېھمانلار نەغمىكەشلىك ئىلمىگە دانا، ساز - مۇزىكىدىن خەۋەردار كىشىلەر بولسا، نەغمىنى ئۆز تەرتىپىدە ۋايىگە يەتكۈزۈپ ئورۇنلىماق كېرەك. ئەگەر مەجلىس





ئەھلى تامام يىگىتلەر ۋە گۆدەكلەر بولسا، كۆپرەك يەڭگىل، شوخ كۈيلەرنى ۋە خوتۇن ـ قىزلارنىڭ سۆيەتلىرى تەسۋىرلەنگەن ناخشىلارنى، مەي تەرىپلەنگەن غەزەللەرنى ئوقۇماق كېرەك. ئەگەر مەجلىس ئەھلى لەشكەر ۋە پالۋانلاردىن بولسا، باتۇرلۇقنى، جەڭگىۋارلىقنى، چاققانلىقنى مەزمۇن قىلغان ماۋەرائۇننەھر بېيىتلىرىنى ئوقۇماق كېرەك. ئەمما، باشتىن ـ ئاخىر پادىشاھلارغا خاس شاھانە كۈيلەرگە چېلىنمىغاي.

نەغمىكەش ـ سازەندىلىكنىڭ شەرتى شۇكى، ئاۋۋال «راست» پەدىلەردىن ئازراق چېلىپ ۋە ئوقۇپ، ئاندىن كېيىن ھەرقايىسى پەدىنى ئۆز قائىدىسى بويىچە داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك. «ئىراق» ۋە «ئۇششاق»، «بۇسىلىك»، «سىپاھان» پەدىلىرى ۋە «ناۋا پەدىسى»، «ھۇسەينى» پەدىسى، «باخەرز» پەدىسى قاتارلىق ھەرقايسى پەدىلەرنى ئورۇنلىسۇن. يەنە بەزمىدە مېھمانلار تەقەززا قىلغان، يەنى بەكرەك ياقتۇرۇپ ئاڭلىغان ياكى تەلەپ قىلغان كۈيلەرنى توختاتماي چالماق لازىمدۇر. نەغمەكەش سازەندىلىكنىڭ قائىدە ـ قانۇنى ۋە شەرتلىرىنى بەجا كەلتۈرمەك ئارزۇسىدا كۈي مۇقەددىمىسىنى ئۇزۇندىن ئۇزۇن چالمىسۇن. سازەندە بۇ تەرتىپلەرنى ئادا قىلىپ، باشقا پەدىگە يۆتكەلگۈچە، مېھمانلارغا مەستلىك يېتىپ، ئۆيلىرىگە قايتىدۇ. شۇڭا، ھەركىم قايسى مۇقامنى ياقتۇرسا، شۇ مۇقامنى چالغان تۈزۈك. شۇنداقتا، ئىشتكۈچى ھەم سازەندىنىڭ مۇددىئاسىغا مۇناسىپ پۇل ئىنئام قىلىدۇ. سازەندىلىك ــ ھۈنەرلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر. ئەگەر كۆپرەك تاپاۋەت قىلاي دېسەڭ، مېھمانلار ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان، مەجلىس ئەھلىنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان پەدىلەرگە چال، مەجلىستە شارابنى كۆپ ئىچمە. بەزمىدە مەست ـ ئەلەسلەر بىلەن چاڭنى تاشلاپ جەڭ باشلىما، يەنى جېدەللەشمە. مەستلەر بىلەن چۇقان ـ سۈرەن قىلىشما، گەپ تالاشما. ئۇلار خالىغان مۇقامنى چال ۋە ئېيت. ئەگەر مېھمانلار تەڭشىلىپ قالغاندا، سېنىڭ چالغان ۋە ئېيتقىنىڭغا قۇلاق سالماي، ئۆزلىرى بىلگەن غەزەل ـ ئاھاڭغا توۋلىسا، ئۆز ھالىغا قويۇپ بەر، نارازىلىق بىلدۈرمە. مەجلىس ئەھلى مەست بولۇپ قالغاندا، شېرىكلىرىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشمە. مۇنازىرىدىن پايدا ھاسىل بولمايدۇ. باشقا نەغمىكەشلەر بىلەنمۇ جېدەللەشكۈچى بولما. بولمىسا، جاپا چېكىپ تاپقانلىرىڭ شۇ جېدەلنىڭ كاساپىتىدىن بەربات بولىدۇ؛ ساز سۇنۇق، كىيىمىڭ يىرتىق، چىرايىڭ جاراھەتلىك، بېشىڭ يېرىق ھالەتتە ئۆيگە قايتىشقا توغرا كېلىدۇ. سەمىگدە بولغايكى، سورۇن تارقىغاندا ھەرگىزمۇ كىراكەشلىك قىلما، يەنى سازەندىلەرنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىمەن دەپ ئاۋارە بولما؛ ئەگەر ئۇ





جېدەلخور بولسا، ھەق بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ھەق ئورنىغا نەچچە مۇشت بېرىدۇ.

ئەگەر مەجلىستە بىرەر كىشى سېنى ماختىسا، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈر ۋە ياقتۇرىدىغان مۇقامنى ئورۇنلاپ بەر. شۇنداقتا ئۆزگىلەرمۇ سېنى ماختايدۇ. يىغىلىشتىن مەقسىتىم ھاسىل بولسۇن دېسەڭ، ئېھتىماق ۋە چالماقتىن مالال بولماي ئېيتقىن ۋە چالغىن.

سازەندىلەر ئۈچۈن ئەڭ كاتتا يول — سەۋردۇر. سازەندە مەستلەردىن يەتكەن ئىزا ۋە كولپەتكە سەۋر - تاقەت قىلمىسا، ئۇلپەتچىلىك مەنپەئەتىدىن ئۇنۇم ھاسىل قىلالمايدۇ، كۆڭلى دائىم پېقىرلىق ھالەتتە ئۆتىدۇ.

سازەندە سورۇنلاردا كۆرمەس (قارىغۇ)، ئىشتمەس (گاس) بولغاي. قىسقىسى، قۇلاق سېلىنمايدىغان، يەنى ئاڭلاشقا تېگىشلىك بولمىغان گەپ - سۆزلەرگە قۇلاق سالمىغاي ۋە نەزەر سېلىنمايدىغان جايغا قارىمىغاي. ناۋادا بىرەر جايدىن چىقىپ، يەنە بىر يەرگە بارسا، كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ يۈرمىسۇنكى، بۇنداق سازەندە ھەمىشە ساھىبخانىنىڭ زىياپىتىدىن خالىي قالمايدۇ.

ئاللا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر!

## ئوتتۇز يەتتىنچى باب
## پادىشاھ مۇلازىمىتىدە بولماقنىڭ ئەدەپلىرى



ئەي جېنىم پەرزەنتىم، ئەگەر پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە مۇلازىم بولماقنى ئارزۇ قىلىدىكەنسەن، ئۇ ھالدا پادىشاھ سېنى ئۆزىگە ھەرقانچە يېقىن بىلسىمۇ، مەغرۇرلىنىپ كەتمە. ئىمكان بار پادىشاھنىڭ يېقىنچىلىقىدىن ئېھتىيات قىل. ئەمما، پادىشاھنىڭ خىزمىتىدىن، يەنى پادىشاھقا خىزمەت قىلماقتىن قاچما. چۈنكى، پادىشاھقا يېقىن بولماقتىن يىراقلىق پەيدا بولىدۇ، پادىشاھقا خىزمەت قىلماقتىن يېقىنلىق ھاسىل بولىدۇ. ئەگەر پادىشاھ ساڭا مەرھەمەت قىلىپ، شەپقەت - ئىلتىپاتلار كۆرسىتىپ ئۆزىدىن خاتىرجەم قىلسىمۇ، زىنھار خاتىرجەم بولمىغىن. مىسرا: «كىمكى سېنى سەمرۈتۈر ئول ئۆلتۈرۈر». ھەرقانچە ئەزىز ۋە ھۆرمەت مەرتىۋىسىگە مۇيەسسەر بولساڭمۇ، ئۆز ۋۇجۇدۇڭنىڭ ھەددىنى تونۇماقتىن غاپىل بولما. پادىشاھنىڭ مەقسەت - ئارزۇسىغا خىلاپ ھېچ سۆزنى ئېيتما ۋە ھېچ ئىشتا پادىشاھ بىلەن جېدەللەشكۈچى بولما. «ھەرقانداق كىشى پادىشاھ بىلەن مۇنازىرە قىلسا، ئەجەلدىن ئىلگىرى ئۆلگۈسىدۇر؛ بىگىزگە مۇشت ئاتماق ئەخمەقلىقتۇر» دېگەن گەپ بار.

پادىشاھقا ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتىگە ياخشىلىق قىلماقتىن ئۆزگە



يولنى ئۆگەتمە، يەنى ئۇلارنى ياخشىلىققا ئۈندە. شۇنداق قىلساڭ، ئۇلارنىڭ ئېھسانى ساڭىمۇ يېتىدۇ. ئەگەر يامانلىقنى ئۆگەتسەڭ، ئۇلاردىن ساڭىمۇ يامانلىق يېتىدۇ. بۇ مەزمۇنغا توغرا كېلىدىغان مۇنداق بىر ھېكايەتنى ئىشىتكەنىدىم.

ھېكايەت: فەزلۇن ئۆز زامانىسىدا گەنجەگە پادىشاھ ئىدى. ۋەزىر ۋالان دەيلەمىي ئۇنىڭ خاس مەسلىھەتچىسى ۋە مەخپىي كېڭەشلەردە كېڭەشچىسى ئىدى. مەملىكەتنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن بىرەرسىنى گۇناھ قىلغانلىق سەۋەبىدىن قولغا ئېلىش ياكى زىندانغا تاشلاش توغرا كەلسە، فەزلۇن ئۆزى قولغا ئېلىپ، زىندانغا تاشلاشقا ھۆكۈم قىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا دەيلەمىي فەزلۇنغا: «ئەي پادىشاھ، جاھانپاناھ، كىشىگە ئازار بەرمە، قاچانكى بىراۋنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرگەن بولساڭ، ئۇنى تىرىك قويمىغىن» دەپ مەسلىھەت بېرەتتى. دەيلەمىينىڭ مەسلىھەتى بىلەن مەشھۇر ۋە تونۇلغان ئۇلۇغلاردىن بىرنەچچە كىشى ئۆلتۈرۈلدى.

بىركۈنى دەيلەمىي گۇناھ قىلدى. ئەمىر ئۇنى زىندانغا تاشلاشقا ھۆكۈم قىلدى. لەشكەرلەر ئۇنى تۇتۇپ زىندانغا قامىدى. دەيلەمىي: «نەچچە مىڭ دىنار بەرسەم، مېنى ئۆلتۈرمىسە» دەپ پادىشاھقا كىشى ئەۋەتكەنىدى، فەزلۇن: «ھەرقانداق كىشىگە ئازار بەرسەڭ، ئۆلتۈرگىن، دېگەن مەسلىھەتنى مەن سەندىن ئۆگەنگەنىدىم» دەپ جاۋاب بەردى. ئاقىۋەت دەيلەمىينىڭ باشقىلارنى يامان ئىشقا ئۆگەتكىنى ئۆزىنىڭ بېشىغا چىقتى.



كىشىگە يامانلىقنى ئۆگەتمەك بىلەن ماختاشقا ئېرىشكەندىن، بىراۋغا ياخشى ئىش قىلىش توغرىسىدا تەلىم بېرىپ ئاھانەتكە ئۇچرىغان ياخشىراقتۇر.

خىزمەتكارلىقنىڭ ئاخىرىنى تامامەن نوقسان دەپ بىل. نام ـ ئاتاققا ئېرىشكەن ۋاقتىڭدا مەغرۇرلانما. ئەمەل ـ مەنسەپ تۇتماقتىن مەقسەت مال، نېمەت ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئابرۇي، نام ـ ئاتاق ۋە ھۆرمەتكە ئېرىشمەك ئۈچۈندۇر. چۈنكى، مال ـ نېمەت دېگەنلەر ھۆرمەت ۋە نام ـ ئاتاقنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئۆزى كېلىدۇ، پادىشاھنىڭ ئىلتىپات نەزىرىدىن ھاسىل بولىدۇ. دېمەك، ھەقىقىي ئابرۇي ۋە ئىززەت پۇل ـ مال ۋە بايلىقنىڭ ھۆرمىتىدىن زىيادىدۇر. ئەگەر پادىشاھ خىزمىتىدە بىر مەزگىل ئەمەلدار بولۇپ سەمرىپ قالساڭمۇ، ئۆزۈڭنى ئورۇق كۆرسەتكىن، ساڭا ئەمىنلىك مۇيەسسەر بولغاي. قوي ئورۇق بولسا، ئۆلتۈرۈلمەكتىن ئەمىن بولىدۇ؛ ھېچ كىشى ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلمايدۇ. قاچانكى، سەمرىسە، ھەممە كىشى ئۇنى ئۆلتۈرمەكنىڭ پېيىدا بولىدۇ.

پۇل ـ مال ئۈچۈن غوجايىنىڭنى ساتقۇچى بولما. پادىشاھلار



خىزمىتىدە ھاسىل بولغان ئىززەت ۋە نام - ئەمەل سەرمايە مەسەللىكتۇر. ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان دىرەم، يەنى پۇل - مالنىڭ ھەممىسى پايدىغا تەئەللۇقتۇر. بەس، ئازغىنا پايدا ئۈچۈن ئۇلۇغلۇق سەرمايىسى ئىلكىڭدىن كەتمىسۇن. ئىززەت - ئابرۇي مەۋجۇتلا بولىدىكەن، پايدىدىن ئۇمىد بار دېگەن گەپ. ئەگەر سەرمايە، يەنى ئىززەت - ئابرۇي ئىلكىڭدىن كەتسە، پايدىغا ئېرىشمەك مۇمكىن بولمايدۇ. ئەمما، ھەرقانداق كىشى پۇل - مالنى ئۆزىدىن ئەزىزرەك تۇتىدىكەن، ئەزىزلىكتىن خارلىققا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇلۇغلار دۆلەتلىرى، يەنى نام - ئابرۇيى ۋە ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ مال - دۇنيا غەملىمەكنىڭ كويىدا بولىدىكەن، پاتلا ھالاك بولىدۇ. شۇڭا، مال - دۇنيا غەملەشمۇ ئۆز چېكىدە، ئۆز ئەندىزىسىدە بولغىنى تۈزۈك. كىمكى «ئەلنىڭ تىلى مېنى يامان دېيىشتىن باغلانسۇن» دەيدىكەن، ئۇ ھالدا خەلقنى پۇل - مال ۋە كەرەم - ئېھسانلىرى بىلەن خۇشال قىلسۇن.

ۋاقتىكى، پادشاھنىڭ خىزمىتىدە ئەتىۋارلىنىپ، كاتتا مەرتىۋە ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، غوجايىنىڭغا ھەرگىزمۇ خىيانەت قىلما. خىيانەت قىلماق — بەتبەختلىكنىڭ ئالامىتىدۇر. دەرھەقىقەت غوجايىن بىراۋنى تەربىيەلەپ، ئاسراپ چوڭ قىلغاندىن كېيىن، ئۇ كىشىنىڭ غوجايىنىغا خىيانەت قىلمىقى، گويا خۇدايتائالانىڭ ئۇ خائىندىن سائادەتنى قىلىتۇرۇۋالغىنىغا دەلىلدۇر. ھەرقانداق كىشى بەتبەختلىككە يۈزلەنمەي، بەختسىز بولۇپ قالماي، دەيدىكەن، ئۇ ھالدا يىلمانلىق قىلمىسۇن.



ھېكايەت: ئەمىر فەزلۇن ئەبۇسەۋاد ئەبۇلبەشەرنى باش قوماندان قىلىپ، بەردەئە ۋىلايىتىگە بېرىشقا بۇيرۇغانىدى، ئەبۇل - بەشەر:

— قىش بولمىغۇچە ئۇ جايغا بارمايمەن، سەۋەبى شۇكى، بەردەئەنىڭ ئاب - ھاۋاسى تولىمۇ ناچاردۇر، بولۇپمۇ ياز پەسلىدە، — دېدى. ئۇشبۇ ماجرادا، يەنى بەردەئەگە بېرىش - بارماسلىق مەسىلىسىدە سۆز، تالاش - تارتىش ئۇزۇنغا سوزۇلدى.

ئەمىر فەزلۇن دېدىكى:

— ياخشىسى، بۇنداق قاراشتىن ۋاز كەچكىنىڭ ياخشى، كىشى ھەرگىزمۇ بىئەجەل ئۆلمەيدۇ!

ئەبۇلبەشەر ئېيتتى:

— ئەلھەق! پادشاھنىڭ پەرمانى مۇقەددەستۇر. ئەمما، كىشىگە ئەجەل يەتمەي تۇرۇپ، ياز پەسلىدە بەردەئەگە سەپەر قىلماس.

يەنە دوست ۋە دۈشمەننىڭ ئىش - ھەرىكەت، تەدبىرىدىن غا-

كتاب نۇر بىكتى





پىل بولما. دوستلىرىڭ مەنپەئەت ۋە ئېھساندىن، دۈشمەنلىرىڭ زىيان ـ زەخمەتتىن خالىي قالمىسۇن. ئۇلۇغلۇقنىڭ تەرزى ــ ئادەمنىڭ ئىش ـ ئەمەللىرىگە بېقىپ، دۈشمەن بىلەن دوستقا پەرقلىق مۇئامىلە قىلماقتۇر. ئۇلۇغلارغا مېۋىسىز دەرەختەك ئېھسانىنى ئايىغانلار، ھەق ئىش قىلغانلارغا كەرەم دەرىخىدىن ئىلتىپات مېۋىسىنى چاچقۇ قىلمىغانلار قەبىھ ناكەستۇر. يۈز مىڭ دىنارى بولسىمۇ، كىشىگە نەپ بەرمەيدىغان غەنىي جوھۇتقا ئوخشايدۇكى، مۇسۇلمانغا مەنپەئەتى يەتمەيدىغان ھىممەتسىز ئادەمنىڭ ئېتىبارىمۇ بولمايدۇ. ئۇنداق ئادەم گويا جوھۇتتىن ئۆتە ناكەس ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، پۇل ـ مال يىغماقنىمۇ ئۆزۈمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەم بىراۋنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلماق ئۈچۈن، دەپ بىل. سېخىيلىقنىڭ ھەممە ئەسلىھەلىرىنى كىشىلەردىن ئايىما. سېخىيلىق دېڭىزىنىڭ قىممەت باھالىق گۆھىرى، ساخاۋەت ئاسمىنىنىڭ پارلاق قۇياشى، يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ــ ئاللا ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي ــ پەرمان قىلىپ: «ئادەملەرنىڭ ئەڭ ئوبدىنى ئادەملەرگە مەنپەئەت يەتكۈزگۈچىدۇر» دېگەن.

سەمىڭدە بولسۇنكى، دۆلىتى غايەت كامالىغا يەتكەن كىشىنىڭ خىزمىتىدە بولماقنى ئارزۇ قىلما. چۈنكى، ئۇنىڭ زاۋالى يېقىنلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. قېرىغان دۆلەتنىڭ دەۋرانى ئايلانمايدۇ. ئەگەر پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە دائىم مۇلازىم بولماقنى خالىساڭ، ئۆزۈڭنى ئابباس ئوغلى ئابدۇللاغا ــ ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي ــ قىلغان نەسىھەتلىرىنىڭ تەرىقىسىدە تۇتقىن. ئابباسنىڭ ئوغلى ئابدۇللاغا قىلغان نەسىھەتلىرى شۇكى:



«ئەي سۆيۈملۈك پەرزەنتىم، ھەزرىتى ئۆمەر ــ ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي ــ ساڭا ئىشىنىپ، بارچە خالايىق ئارىسىدىن تاللاپ، پەرقلىق مۇئامىلە قىلىپ، سېنى ئۆزىگە يېقىن تۇتۇپ، مۇلازىمەتىگە تەيىنلىدى. ئەگەر دۈشمىنىم مەندىن غالىب كەلمىسۇن دېسەڭ، مۇنداق بەش خىسلەتنى خاتىرەڭدە ساقلا، تىنچ، خاتىرجەم ياشايسەن:

بىرىنچى، غوجايىنىڭ سەندىن ھەرگىزمۇ يالغان گەپ ـ سۆزلەرنى ئىشىتمىسۇن؛

ئىككىنچى، غوجايىنىڭنىڭ ھۇزۇرىدا كىشىنىڭ ئەيىبىنى ئاچما؛

ئۈچىنچى، غوجايىنىڭنىڭ ھېچ نەرسىسىگە خىيانەت قىلما؛

تۆتىنچى، غوجايىنىڭنىڭ پەرمانىغا خىلاپلىق قىلما؛

بەشىنچى، غوجايىنىڭنىڭ سىرلىرىنى كىشىگە ئېيتما. بۇ بەش خىسلەت بىلەن مەقسىتىڭگە يېتەلەيسەن.»



يەنە غوجايىنىڭنىڭ خىزمىتىدە ھەرگىز سەۋەنلىك سادىر قىلما. كۆتۈلمىگەندە سەۋەنلىك سادىر بولۇپ قالسا، ئۆزۈڭنى سەۋەنلىك سادىر قىلىپ قويغاندەك كۆرسەتمە. سەۋەنلىك توغرىسىدا ئۆزۈڭنى بىلمەسلىككە سال. غوجايىن قەستەن سەۋەنلىك سادىر قىلىپ قويغىنىڭنى بىلىپ قالمىسۇن ھەم ئۇ سەۋەنلىكنى «بىلمەي، ئۇقۇشماي سادىر قىلىپ قويغان» دەپ چۈشەنسۇن. «بىئەدەپلىكتىن سادىر قىلدى» دېگەندەك گۇمانغا كېلىپ قالمىسۇن. چۈنكى، كىشىلەر نادانلىق، بىلمەسلىك تۈپەيلى سادىر بولغان سەۋەنلىكنى گۇناھ قاتارىدا سانىمايدۇ. ئەمما، پەرمانغا بويسۇنماسلىقنى، بىئەدەپلىكنى گۇناھ ھېسابلايدۇ.

مۇلازىم گەرچە خىزمەتكە بۇيرۇلمىغان بولسىمۇ، توختىماي خىزمەتكە مەشغۇل بولسۇن. ھەتتا باشقا بىرسى قىلىدىغان خىزمەتكە دۇچ كېلىپ قالسا، ئۇنىمۇ قىلسۇن. غوجايىن سېنى ھەرقاچان خىزمەت ئۈستىدە كۆرسۇن، يەنى ئۆز خىزمەتلىرىدىن بىرەر ئىشقا مەشغۇل بولۇۋاتقىنىڭنى بىلسۇن. ھەردائىم دەرگاھىدا ھازىر بول. ھەرقانداق بىر كىشىنى ئىزدىمەكچى بولسا، سېنى كۆرسۇن. چۈنكى، پادىشاھلار ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىنى ھەمىشە سىناپ تۇرۇشقا ئادەتلەنگەن. بەس، پادىشاھ سېنى دائىم دەرگاھىدا ھازىر كۆرسە، چوڭ ئىشلاردا ساڭا ئىشەنچ بىلەن قارايدۇ، يەنى كۆڭلىدە ساڭا نىسبەتەن ئىشەنچ پەيدا بولىدۇ.



ئەلۋەتتە، مەرتىۋەڭ كىچىك ۋاقىتتا رەنج - مۇشەققەت چەكمەي تۇرۇپ ئۇلۇغلۇق مەرتىۋىسىگە ئۇلىشالمايسەن. نىل يوپۇرمىقى ئۆز ھالىتىنى يوقىتىپ تاكى پۈتۈنلەي ئۆزگەرمىگۈچە نىل (كۆك بوياق) بولالمايدۇ!

يارانقۇچى تەڭرىم پادىشاھلارنىڭ زاتىنى شۇنداق ئاپىرىدە قىلغانكى، ھەممە ئالەم ئۇنىڭ خىزمىتىگە موھتاجدۇر. بىراق، ئۆز ۋۇجۇدۇڭنى، يەنى ئەقىل - پاراسىتىڭنى پادىشاھ نەزىرىگە ھەددىدىن ئاشۇرۇپ كۆرسەتمە. ھەرقانچە راست بولسىمۇ پادىشاھ ھوزۇرىدا ئاڭلىمىدىكىن دەپ مەقسىتىڭنى، گەپ - سۆزلىرىڭنى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ ئىپادە قىلما. پادىشاھنىڭ غەزىپىدىن ھەمىشە قورققىن.

ئىككى ئىشقا ھەرگىز سەل قارىغىلى بولمايدۇ: بىرسى، پادىشاھلارنىڭ سۆزى؛ ئىككىنچىسى، ھۆكۈما ۋە ئاقىللارنىڭ نەسىھەتى. ھەركىم بۇ ئىككى ئىشقا سەل قارىسا، خار ۋە ئېتىبارسىز بولغۇسىدۇر.

پادىشاھلار مۇلازىمىتىدە بولماقنىڭ شەرھىسى شۇنچىلىك بايان قىلىندى. ھەرقانداق كىشى بۇ نەسىھەتلەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىسا، ئەبەدىيلىك دۆلەتكە ۋە ھېسابسىز سائادەتكە مۇيەسسەر بولغۇسىدۇر. ئەگەر بۇ دەرىجىدىن ئۆرلىيەلىسەڭ ۋە يەنىمۇ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئې-



عادت قیلسون تا خوش نویسلیق بیر بولغای اول جهه‌دین کیم
[illegible]
بیتیب الوسوز و علوق کاتب لارغه ایتور ایردیکه من هر سطرنی کوزنی کتابیم دا
نقصان کورامن آذینه کونی هیچ حرف بیتماکان سببی اول
ایرکونلوک تا اخیردین منکا تا اثیر دوربس پیوسته بر نسخه کتابت
قیلماق قه مشغول بولغای دایم کشاده خط غه باقیلماغای
بر بزیک حبرناشب اوزالیب قالغان سوزغه هم کوب التفات
قیلماسون اول نامه وکه اغراض نی بایان و معانی نی سکرانغه
مشتمل بولسا انداک سوزکه مندرج ایتیب ادا قیلماغای
نکته شکوفه غنچه دهن اغزیدین بولغای عیان
مختصر سوزدا او قبو نکلین معانی نامه‌نه ونامه نی مرغوب
مفصل استعارات بیله پیراسته و ابیات منزل و اخبار
مرسل بیله آرایسته قیلغای والکر پارسی رقعه کتابت

رىشەلىسەڭ ھەمدە مۇشۇ تەرتىپتە تىخمۇ كاتتا ۋە ئەتىۋارلىقراق خىز-مەتكە ئۆلىشىپ، پادىشاھنىڭ مۇلازىمىتىدە خاس مەھرەملىك مەرتىۋى-سىگە يېتەلىسەڭ، بۇ ۋەزىپىنىڭ شەرتلىرىنىمۇ بىلمەك لازىمدۇر. شۇ ۋەجىدىن مەھرەملەر ئادا قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەتلەرنىڭ تەرتىپلى-رى ھەققىدە ئاز ـ تولا بايان قىلىش مۇۋاپىق كۆرۈلدى.

ئاللا تەۋپىق ئاتا قىلغاي!

## ئوتتۇز سەككىزىنچى باب

## پادىشاھقا خاس مۇلازىم ۋە خىزمەتكار بولماقنىڭ قائىدىسى

ئەي ئەزىز پەرزەنتىم، ئەگەر پادىشاھ خىزمىتىدە مەھرەملىك مەرتىۋىسىگە ئۆلىشىپ، مەھرەملىك سۆيپىتى بىلەن سۆيپەتلەنمەك لازىم كۆرۈلسە، مۇبادا ۋۇجۇدۇڭدا بۇ خىزمەتكە مۇناسىپ كەلگۈدەك ئالاھىدىلىك مەۋجۇت بولمىسا، ئۇ ھالدا مەھرەملىك خىزمىتىنى زىنھار قوبۇل قىلما. پادىشاھقا مەھرەم بولماقنى لازىم تۇتقان ھەر-قانداق كىشى ئۆزىدە مۇنداق نەچچە خىسلەتنى ھازىرلىسۇن: ئاۋۋال ھېس ـ تۇيغۇلىرى، ئىختىيارلىقى پادىشاھنىڭ پەرمانى ئىلكىدە بول-سۇن؛ يەنە خۇش چىراي بولغاي، كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلغاندا خۇش مۇئامىلىلىك، كەڭ قورساق بولسۇن؛ يەنە ئەرەب، پارس تىللىرى بويىچە كاتىباتلىق ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولسۇنكى، ئەگەر خىلۋەتتە بىرەر مەخپىي خەت ـ پۈتۈك يازماق ياكى ئوقۇماققا ھاجەت چۈشسە، كاتىپ ھازىر بولمىغان ئەھۋالدا، ئو-قۇماق ۋە پۈتمەككە قادىر بولغاي.



قیلسه ایل سمعی غه بیات و طبعی غه غیر مانوس بارسی بیلماکایکه
خصوصا مشهور بولغان پارسی نظم غه خوب کورونماکای
و عربیه نامه نینک تکلف لاری معروف دور عربیه نامه دا سجع
هنر دور اما پارسی نامه دا سجع الحق خوب بولماغای و سوزنی عالی
و ستعار و مختصر دیلکای رمز بیله بیان قیلغان سوزنی بیو رنک
تابغای [illegible] دیلر کوی سلطان محمود
بغداد خلیفه سی القادر بالله غه ایلچی یباریب ایدیکه البته
خلیفه سمرقند نی منکا برکای و منشور هم برسون تا اول ولایت
نینک منشوری غزنی غه منسوب قیلایین بو سوزوم نی قبول
تو تماسا پیاسیت تیغی بیله الغوم دور خلیفه القادر بالله
ایدی اسلام داسمرقند اهلی دین مطیع تر اق کیشی یوقیدور
معاذ الله دین بو الشنع هرکز قیلماسمن والکر سین منکا
یارلیق سیز ابولار غه قصد قیلسانک سبه عالم نی جمع قیلیب

البته کاتب بونینک اسرارینی بیلکای

مەھرەم بولغان كىشى گەرچە ئۆزى شائىر بولمىسىمۇ، كاتىپ-لىق ۋە شېئىر ـ شائىرلىقنىڭ قائىدە ـ تەرتىپلىرىدىن ئاز ـ تولا خەۋەردار بولسۇن؛ شېئىرنىڭ ياخشى ـ يامىنى نەزىرىدە پىنھان قالمىسۇن؛ ئەرەبچە ۋە پارسچە شېئىرلارنى كۆپلەپ يادقا ئالسۇن؛ شۇنداق بولغاندىلا، پادىشاھنىڭ شېرىن سۆزلۈك شائىرلارغا ھاجە-تى چۈشكەندە، شائىر ئىزدەپ ئاۋارە بولمايدۇ.

مەھرەم بولغان كىشىنىڭ يەنە تېبابەت ئىلمى ۋە نۇجۇم (ئاسترونومىيە) ئىلمىدىنمۇ ئوبدان خەۋىرى بولسۇن. بۇ كە-سىپتىن گەپ بولۇنسا، تېۋىپ يا مۇنەججىمنى ھازىر قىلىشتىن ئىلگىرى، بىلگەن ئىلمىنى بايان قىلىپ، ئېھتىياجدىن چىقالاي-دۇ. شۇندىلا مەھرەم مەھرەملىك شەرتلىرىنى بەجا كەلتۈرگەن بولىدۇ. بەس، پادىشاھنىڭمۇ تۆرلۈك ئىلىملار بويىچە ئۇنىڭغا، يەنى مەھرىمىگە قارىتا ئىشەنچى پەيدا بولىدۇ، مۇناسىۋەت جە-ھەتتە مايىللىقى ئاشىدۇ.

مەھرەم بولغۇچىنىڭ يەنە غەزەل ئوقۇش ۋە نەغمە ـ ناۋا قى-لىشتىنمۇ ئاز ـ تولا خەۋىرى بولسۇنكى، پادىشاھ خىلۋەتنى خالاپ


سېنىنگ ئال و ملكونگ غه قوزغالانگ سالورمېن سىلطان
بو سوزدىن خفا بولوب ايلچى غه ايدىكىم ياريب خليفه غه ايتغيل كه
بو نوع مالايعنى سوز لازم كالما بدور مېنىنگ سېندىن هيچ كم
ليكىم يوق مېنكا سېنىنگ برله بو شغل توشوب دور مانىنگ
هل جنكى سپل بارىب تا دار الخلافه غه پىل لار ايافيده ... اني
ويران قيلغيم دور و تفراقى غه پىل لار غه يوكلاب بر ...
غزنىن غه كلتور گوم ايلچى بارىب نچه مدت دىن كىين يانا
كلدى سلطان محمود شوكت تمام و هيبت مالاكلام برله تخت
با فرجام اوزره اولتورو غلوق و غلام لار صف قورو غلوق
و مست پىل لار بارگاه دركاهيدا چالغه اورو غلوق و لشكر تعبيه
قيليب ايلچى غه اجازه بيردى ايلچى كيريب بر بسته مقدار ليق كاغذ
بتيك ليك مهر ... قليق نامه نى پادشاه آلديدا قويدى و ايدى
امير المؤمنين ايتادور سېنىنگ نامنگ نىڭ قودوم و جوابى اوشبو نامه دا

ئارام ئېلىۋاتقان ۋاقىتلاردا، ناۋادا بۇ جايغا مەھرەمدىن ئۆزگە سازەن-دە سىغمىسا، يەنى سازەندە چاقىرىش ئىمكانىيىتى بولمىسا، مەھرەم ئۆزى بىلگەن پەدە - كۈيلەر بىلەن پادشاھنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ، ۋاقتىنى خۇش قىلىدۇ.

مەھرەم بولغۇچى يەنە ھېكايە ۋە ئاجايىپ - غارايىپ لەتىپە، ھەـ-زىل - چاقچاقلارنى كۆپلەپ يادقا ئالسۇن. مەھرەملىك ھېكايە ۋە ھەـ-زىل - چاقچاقتىن خالىي بولمايدۇ.

مەھرەم بولغۇچى يەنە دامكا - شاھمات ئويۇنلىرىدىنمۇ خەۋەردار بولسۇن. ئەمما، قىمارۋاز بولمىسۇن. قىمارغا ھېرىسمەن كىشى پادى-شاھقا مەھرەم بولۇشقا ئەرزىمەيدۇ.

مەھرەم بولغۇچى يەنە «قۇرئان»نىڭ تەپسىرىگە، ھەدىسكە ۋە فىقھى، يەنى قانۇن ئىلىملىرىگە پىششىق بولسۇن. پادىشاھ مەجلى-سىدە ئۇشبۇ مەنىلەردىن سۆز بولۇپ قالسا، جاۋاب ئېيتماقلىقا مۇمكىنچىلىك بولىدۇ. ئۆزگە ئالىملارنىڭ ھوزۇرىغا ھاجەت چۈش-مەيدۇ.

مەھرەم بولغۇچى يەنە پادشاھلارنىڭ تەرجىمىھالى — تارىخىغا ئالاقىدار كىتابلارنى كۆپ ئوقۇسۇن، پادشاھلارنىڭ خىزمىتىنى كۆپ قىلغان بولغاي. ۋاقتىكى، پادشاھ ئالدىدا ئۆتكەن پادشاھلارنىڭ زىكرىنى پاساھەتلىك ۋە يېقىشلىق ئىبارىلەر بىلەن بايان قىلىش ئارقىلىق پادشاھنىڭ كۆڭلىدە تەسىر پەيدا قىلىپ، خۇدايتائالانىڭ بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىدىن خەلقنى بەھرىمەن قىلىشقا سەۋەب بولسۇن.


يازغيليق دور خواجه ابو النصر مشكان روزنه كه ايلچى و رسالت
ديوانى نىڭ عمده سى ايردى قول اوزا تيب نامه نى اليب آچتى
نامه نىنگ اوليغه بسم الله الرحمن الرحيم بتيك ليك
دينه بر سطردا اوشبو طرزدا حروف مقطعات ال م
ال م ال م ثبت ايتيك ليك آخرى دا الحمد لله رب العالمين
والصلوة والسلام على رسوله محمد و اله اجمعين دين اوزكا
هيچ بتيلكانى يوق و سلطان محمود جمله كاتب لار برله
انديشه كا قاليب بو رمزنى فهم قيلالماى ال م سطور بولغان
قرآن نىڭ آيت لارىنى تمام اوقوب تفسير قيلديلار بو معانىنىڭ
معالجه سى هيچ وجه بيله اچيلادى عاقبت خواجه ابو بكر قهستانى هنوز
نوخط و نوجوان وادولوغلوق درجه سيغه قران حاصيل قيلماغان
ايردى نديم و همنشين لار ارا سيدين قوپوب عرض قيلديكه
اى سلطان عالم نامه دا الم بتيليب دور شاه صاحب اوزدا ...

مەھرەم بولغۇچى يەنە گەپ - سۆزدە ئەستايىدىل بولسۇن، گەپ - سۆزلىرىگە ھەرگىزمۇ چاقچاق ئارىلاشتۇرمىسۇن. ئەمما، ھەر - بىر سۆزنىڭ ئىستېمال مەنىسىنى پىششىق بىلسۇن. لېكىن، ھەـ-زىل - چاقچاق ۋاقتىدا، يەنى ھەزىل - چاقچاق بولۇۋاتقان مەھەلدە بەكمۇ ئەستايىدىل بولۇپ كەتمىسۇن. چۈنكى، ھەزىل - چاقچاق ۋە ھەر قىسىم ئىلىمدە ئالىم بولسىمۇ، ئۇنى ئىستېمال قىلىشنىڭ، يەنى ئىشلىتىشنىڭ تەرىقىنى بىلمىسە، ئوخشاشلا بىلمىگەنگە باراۋەردۇر.

مەھرەم بولغۇچى يەنە مۇناسىۋەتتە شىجائەتلىك ۋە قورقماس بولسۇن. پادشاھنى ئېيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ كېتىشتىن توس-سۇن. پادشاھقا خىلۋەتتە بىرەر نامەرد خىيانەت قىلىپ رەنج ۋە زەخمەت يەتكۈزمەك نىيىتىدە بولىدىكەن، دەرھال ئوتتۇرىغا چىقىپ باھادىرلىق كۆرسەتسۇن. شىجائەتتى ۋە باتۇرلۇقنى نامايان قى-لىپ، پادشاھنىڭ جېنىنى ئۇنداق مۇتتەھەمنىڭ ئىلكىدىن قۇتـ-قۇزسۇن. شۇندىلا مەھرەم قالتىس ئىش قىلغان بولىدۇ. ناۋادا شۇ باتۇرلۇقى تۈپەيلى، يەنى پادشاھنى قۇتۇلدۇرۇش يولىدا ئۆلۈپ



كەتسە، غوجايىنى ئاتا قىلغان نېمەتلەرنىڭ ھەققىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ياخشى نام بىلەن كەتكەن بولىدۇ. بۇ ھالدا مەھرەمنىڭ پەرزەنتلىرىگە تەربىيە ۋە ئېھسان قىلماق ۋە ئۆزگە ھوقۇقلىرىنى ساقلىماق پادشاھ ئۈچۈنمۇ ۋاجىپ بولىدۇ.

بەس، ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سۈپەتلەر ۋۇجۇدۇڭدا تامام مەۋجۇت بولمىسا، ئەلۋەتتە، ئۇشبۇ سۈپەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى بىلەن سۈپەتلەنگىن، شۇندىلا مەھرەملىككە لايىق كېلىسەن ھەم يارايسەن. ئەگەر نان يېمەك، يەنى قورساق توقلىماق، ھەزىل - چاقچاق دېمەك ئۈچۈنلا مەھرەم بولساڭ، ئۇ مەھرەملىك ئەمەس، بەلكى پەسكەشلىك ۋە ناكەسلىكتۇر. شۇڭا، مەھرەملىكنىڭ تەدبىرى، ئىش - تەرتىپلىرىنى، يەنى مەھرەملىككە ئالاقىدار ماتېرىياللارنى ئۆگەن. مەھرەملىكنىڭ قېنىنى بىھۇدە تۆكۈپ يۈرمە، يەنى مەھرەملىك سىنىڭ قولۇڭدا نابۇت بولمىسۇن. ناۋادا پادشاھ خىزمىتىدە ئولتۇرساڭ، پادشاھنىڭ ھال - ئەھۋالىدىن ھەرگىز غاپىل بولما. پادشاھ مەجلىسىدە بەندىلەرگە، يەنى پادشاھنىڭ چۆرىلىرىگە كۆز سالما. ئەگەر خۇش چىراي ساقىي مەي تۇتسا، مەيگە قارا، ساقىينىڭ باش - كۆزىگە قارىغۇچى بولما، بەلكى بېشىڭنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇر ۋە مەي پىيالىسىنى ۋاقتىدا قولىغا ياندۇرۇپ بەر. پادشاھنىڭ كۆڭلىدە ساڭا نىسبەتەن ئۆزگىچە خىيال پەيدا بولۇپ قالمىسۇن. قازى ئابدۇلمەلىك ئەسكەرىيگە يەتكەن كۈن ماڭا يەتمىسۇن دېسەڭ، پادشاھ ھوزۇرىدا ئۆزۈڭنى ياخشى ساقلا.



ھېكايەت: ئاڭلىشىمچە، قازى ئابدۇلمەلىك ئەسكەرىينى مەئمۇن خەلىپە ئۆزىگە خاس مەھرەم قىلىۋالغانىدى. ئابدۇلمەلىك ئەسكەرىي شارابخور كىشى ئىدى. ئۇ شارابخورلۇقىنىڭ كاساپىتىدىن قازىلىق مەرتىۋىسىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى.

بىر كۈنى شاراب مەجلىسىدە غۇلام ساقىي ئۇنىڭغا شاراب تۇتتى. ئابدۇلمەلىك جامنى ئالغۇچە ساقىيغا بېقىپ، كۆز ئۇچى بىلەن ئىشارەت قىلىپ بىر كۆزىنى قىسقانىدى، شۇ ھالەتتە، مەئمۇن خەلىپىنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالدى. قازى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن قىسقان كۆزىنى يۇمغىنىچە تۇرۇۋەردى. بەس، بىر سائەتتىن كېيىن، مەئمۇن:

— كۆزۈڭگە نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.

قازى دېدىكى:

— يا مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى، ھېچ بىلمىدىم، ئىككى قاپىقىم تۇيۇقلا بىر - بىرىگە يېپىشىپ قالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن قازى تا مەئمۇن خەلىپىنىڭ ھاياتلىقىدا مەئمۇننىڭ كۆڭلىدىن ئاشۇ «گۇمان»نى كۆتۈرۈۋېتىش كويىدا، ساقىيغا ئانچىكىم چاقچاق قىلىپ قىسقان شۇ بىر كۆزىنى زادىلا ئاچمىدى.



مەئمۇن خەلىپىنىڭ يۈزىگە، ھەتتا ئۆزگە ھېچ كىشىگىمۇ قارىيالمىدى.

بەس، پادىشاھقا مەھرەم بولغان كىشىنىڭ ۋۇجۇدى يۇقىرى بايان قىلغان تەرتىپلىك سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەن بولسا، مەھرەملىككە لايىق بولغۇسىدۇر. ۋەسسالام!

## ئوتتۇز توققۇزىنچى باب
## كاتىپلىقنىڭ تەرزى ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرى

ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى ۋە كۆڭلۈمنىڭ ھۇزۇرى، ئەگەر كاتىپ بولساڭ، سۆزگە قابىل ۋە خەتنى چىرايلىق پۈتمەككە ماھىر بولغىلىسەن. بۇنىڭ ئۇچۇن خەتنى كۆپ پۈتمەكنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىلغىن. شۇندىلا خەتتاتلىق سەنئىتىدە كامالەتكە يېتەلەيسەن. بۇنداق دىيىشىمدە تۆۋەندىكى ھېكايەت سەۋەبتۇر.

ھېكايەت: ئاڭلىشىمچە، بىر كۈنى ئىسمائىل ئىباد دىۋانخانىدا خەت پۈتۈپ ئولتۇرغان كاتىپلارغا: «مەن ھەر شەنبە كۈنى خەتنى خاتا يېزىپ قويىمەن، بۇنىڭ سەۋەبى ئازنا كۈنى بىر كۈن ھېچقانداق خەت پۈتمىگەنلىكىمنىڭ تەسىرىدىندۇر» دېگەنىكەن.

بەس، ھەمىشە بىر نېمە يېزىش بىلەن مەشغۇل بول. ئەمما، دائىم كۈشادە، يەنى ئازادە، ئوچۇق يېزىلغان خەتلەرگە ئېرىلىپ كەتمە. بىر - بىرىگە چىرماشتۇرۇپ، كىرىشتۇرۇپ يېزىلغان ئۇزۇن سۆز - ئىبارىلەرگىمۇ كۆپ ئىلتىپات قىلىپ كەتمە. نامەلەرنى مەقسەت - مۇددىئانى ئېنىق ئىپادىلەپ، مەنىسى چوڭقۇر، ئەمما ئازغىنا سۆزگە يىغىنچاقلاپ ئادا قىلىشقا ئادەتلەن. بېيىت:



نۇكتەئى كۆر غۇنچەئى زېھن ئاغزىدىن بولغاي ئەيان،
مۇختەسەر سۆزدە ئوقۇ رەڭگىن مەئانىي نامەئى.

دېمەك، نامە يېقىملىق ۋە ئوبرازلىق ئىبارىلەر بىلەن بېزەلگەن، ئايەت ۋە ھەدىسلەر بىلەن زىننەتلەنگەن بولۇشى لازىم. ئەمما، پارسچىدىن خەۋىرى يوق، تەبىئىتىگە پارسچە ماس كەلمەيدىغان كىشىلەرگە قارىتا مەكتۇپ ياكى خەت - ئالاقە پارسچە پۈتۈلمىسۇن. بولۇپمۇ پارسچە مەشھۇر بولمىغان، يەنى خەت - ئالاقە ئىشلىرىدا پارسچە ئومۇملاشمىغان دىيارلاردا تېخىمۇ شۇنداق. چۈنكى، بۇنداق جايلاردا نامە پارسچە پۈتۈلسە، كىشىلەرنىڭ نەزىرىگە خوپ كۆرۈنمەيدۇ. ئەرەبچە نامەلەرنىڭ شۆھرىتى ھەقىقەتەن تولىمۇ مەشھۇردۇر. ئەرەبچە نامەلەردە سەجئ (نەسرىي شېئىر) ھۈنەردۇر، يەنى



ئەرەب تىلىدا نامە پۈتكەندە سەجئ كەلتۈرۈش بەكمۇ مۇۋاپىق، ئەمما پارسچە نامىلەردە سەجئ كەلتۈرۈش ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس.

نامە پۈتكەندە چوڭقۇر مەنىلىك ئىبارە ئىشلىتىلگەي، ئەمما گەپ ـ سۆز ئىخچام بولغاي.

ئەلۋەتتە، كاتىپ بولغان كىشى كاتىپلىقنىڭ سىرلىرىنى پىششىق بىلىشى، ئىما ـ ئىشارەت ۋە كىنايە بىلەن بايان قىلىنغان سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ مەنىسىنى دەرھال بىلەلەيدىغان بولۇشى لازىم.

ھېكايەت: ئاڭلىشىمچە، بىر كۈنى سۇلتان مەھمۇد باغدادنىڭ خەلىپىسى قادىر بىللاھقا: «خەلىپە سەمەرقەنتنى ئەلۋەتتە ماڭا بەرگەي ۋە مېنىڭ نامىمغا خۇتبە ئوقۇتۇپ جار سالدۇرغاي. بۇنىڭ بەدىلىگە مەنمۇ ھەممە ۋىلايەتنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى خەزلىپىگە مەنسۇپ قىلاي. ناۋادا بۇ سۆزۈمنى قوبۇل تۇتمىسا، سىياسەت تىغى بىلەن ئالىمەن» دەپ ئەلچى ئەۋەتتى.

خەلىپە قادىر بىللاھ ئەلچىگە دېدىكى: «ئىسلام دىيارلىرى ئىچىدە سەمەرقەنت ئەھلىدىن ئىتائەتمەنراق خەلق يوقتۇر. ئاللا ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي! مەن بۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلماسمەن. ئەگەر سەن مېنىڭ يارلىقىم بولماي تۇرۇپ سەمەرقەنت ئەھلىگە قەست قىلساڭ، ھەممە خەلقىمنى جەم قىلىپ، سېنىڭ مال ـ مۈلكۈڭنى تالان قىلىشقا قوزغىلاڭ كۆتۈرگۈزىمەن!»

سۇلتان بۇ سۆزدىن خاپا بولۇپ، ئەلچىگە: «بېرىپ خەلىپىگە ئېيتقىنكى، بۇنچىۋالا كايىپ كېتىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. مېنىڭ سەندىن ھېچ كەملىكىم يوق. ماڭا سەن بىلەن جەڭ قىلىشتىن ئۆزگە چارە يوق ئوخشايدۇ. مانا مىڭ پىل بىلەن لەشكەر تارتىپ بېرىپ شەھىرىڭنى پىللار ئايىغىدا ئارمانسىز ۋەيران قىلىپ، تۇپرىقىنى پىللارغا يۈكلەپ غەزنەينىگە كەلتۈرىمەن» دېدى.

ئەلچى بېرىپ نەچچە مۇددەتتىن كېيىن يەنە كەلدى. سۇلتان مەھمۇد تامام شەۋكەت ۋە ھەيۋەت بىلەن ھەشەمەتلىك تەخت ئۈستىدە خىرامان ئولتۇراتتى. غۇلاملار سەپلىرىنى تۈزگەن، مەست پىللار بارگاھ ئالدىدا بىر ـ بىرىگە زەنجىرلەنگەن، لەشكەرلەر بولسا تەخ بولۇشقان ھالەتتە تۇراتتى.

ئەلچىگە ئىجازەت بەردى. ئەلچى كىرىپ:

«مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى: سېنىڭ نامەڭنى ئوقۇدۇم. جاۋابى ئۇشبۇ نامىدە يېزىلىقتۇر، دېدى» دەپ، بىر دەستە قەغەزنى ـــ خەت پۈتۈكلۈك، مۆھۈر بېسىلغىق نامەنى پادىشاھنىڭ ئالدىدا قويدى.



خاجە ئەبۇنەسىر پېشكان ئەلچى ۋە خەت ـ چەك ئىشلىرى دىۋانىنىڭ دىۋانبېگى ئىدى. قول ئۇزارتىپ نامەنى ئېلىپ ئاچتى. نامىنىڭ بېشىغا «بىسمىللاھىر ـ رەھمانىر ـ رەھىم» دېگەن ئىبارە،



كېيىنكى قۇرغا ئۇشبۇ تەرزدە قىسقارتىلغان «ا ل م، ا ل م، ا ل م» دېگەن ھەرپلەر، ئاخىرىدا «ئەلھەمدۇ لىللاھى رەببىل ـ ئالەمىن، ۋەسسەلاۋاتۇ ۋەسسەلامۇ ئەلا رەسۇلىھى مۇھەممەدىن ۋە ئالىھى ۋە ئەسھابىھى ئەجمەئىن» (بارلىق ھەمدۇ سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر. رەھمەت ۋە تىنچلىق ئاللانىڭ ئەلچىسى مۇھەممەدكە ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىنىڭ ھەممىسىگە بولسۇن!) دېگەن ئايەتتىن ئۆزگە ھېچنېمە پۈتۈلمىگەنىدى.

سۇلتان مەھمۇد بارلىق كاتىپلىرى بىلەن بىرلىكتە ھەرقانچە مۇلاھىزە قىلىپمۇ، بۇ ئىما ـ ئىشارەتنىڭ مەنىسىنى بىلەلمىدى. «قۇرئان»دىكى «ا، ل، م» كۆزۈلگەن ئايەتلەرنى تامام ئوقۇپ تەپسىر قىلدى. ئەمما، بۇ مۇددىئا ـ تېپىشماقنىڭ جاۋابى ھېچ ۋەجھ بىلەن مەلۇم بولمىدى.

خاجە ئەبۇبەكرى قەھەستانىنىڭ بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان، تېخى ئۆلىمالار ئارىسىدا يۇقىرىراق مەرتىۋىگە ئېرىشەلمىگەن، ياش ـ يىگىتلىك چاغلىرى ئىدى. مۇلازىم ۋە ھەمسۆھبەتلىرىنىڭ ئارىسىدىن قوپۇپ، ئۆز قارىشىنى بايان قىلىپ دېدىكى:

— ئەي سۇلتانى ئالەم، ئالىيلىرى نامەدە خەلىپىگە تەھدىت ۋە سىياسەت قىلىپ «پىللارغا دەسسىتىپ سورۇپ ـ توقاي قىلىمەن، باغداد شەھىرىنىڭ توپىسىنى پىللارغا يۈكلەپ غەزنىگە كەلتۈرىمەن» دېگەنىدىلە. بۇ يارلىقلىرىغا جاۋابەن «ا، ل، م»نى پۈتۈپتۇ. بۇ ئۈچ ھەرپ قوشۇپ ئوقۇلسا، «الم ـ ئەلەم» بولىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى «ئەلەم تەرەكەيفە فەئەلە رەببىكە بىئەسھابىل ـ فىل» (پەرۋەردىگارىڭنىڭ پىل ئىگىلىرىنى قانداق قىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟)① دېگەن بولىدۇ.



ئەبۇبەكرى قەھەستانى بۇ سۆزنى دېگەندىن كېيىن سۇلتان مەھمۇدنىڭ ھالى باشقىچە بولۇپ، نەچچە سائەتكىچە ھوشىنى يوقاتتى. خېلى ۋاقىتتىن كېيىن يەنە ھوشىغا كېلىپ كۆپ يىغلىدى. ئاندىن زارلىنىپ، ئۆزرىلەر ئېيتىپ، نىيىتىدىن ياندى ۋە ئەبۇبەكرى قەھەستانىغا شاھانە تون كىيدۈرۈپ، ئۇلۇغلار ئارىسىدا ئولتۇرۇشقا رۇخسەت بەردى. ئەبۇبەكرى قەھەستانى بۇ بىر سۆزنىڭ سەۋەبىدىن ئۇلۇغلۇق دەرىجىسىنى تاپتى.

ھېكايەت: ئاڭلىشىمچە، سامانىيلارنىڭ زامانىسىدا، ئەبۇ ئەلى سىمجۇرىي نىشاپۇردا تۇرۇۋاتقاندا، دائىم: «مەن خۇراساننىڭ ئەمرى ۋە باش قوماندانى» دەيدىكەن. لېكىن، ئەمىرنىڭ، يەنى خۇراسان پادىشاھىنىڭ خىزمىتىگە بارمايدىكەن. بۇ چاغ سامانىيلارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى بولۇپ، ئەبۇ ئەلىنى زورىغا قولغا چۈشۈرۈشكە، يەنى بويسۇندۇرۇشقا قۇدرىتى يەتمىگەچكە، ئامالسىز ئۇنىڭ نامىغا خۇتبە ئوقۇتۇپ جار سالدۇرۇش ۋە ھەدىيە، سوۋغا ـ سالام بېرىش ئارقىلىق



تۇتۇپ تۇرۇشقا رازى بولغانىكەن.

ئابدۇلجەببار جۇرجانىي جۇرجانىنىڭ ئەدىبى، مىرزىسى ھەم خاتىبى ئىدى. ئەبۇ ئەلى ئۇنىڭغا كاتىپلىق ئەمىلىنى بېرىپ، مۆھۆردار قىلغانىدى. ئەبۇ ئەلى مەسلىھەتسىز ھېچ ئىش قىلـ ماس ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئابدۇلجەببار جۇرجانىي ئۆزى ھۆرمەتكە سازاۋەر، سۆزى ھەر كىشىگە يېقىشلىق كىشى ئىدى.

ئەھمەد رافىئمۇ خوراسان ئەمىرىنىڭ ئالدىدا ئىدى. ئۇمۇ ناھايىتى پازىل، ئاق كۆڭۈل، ئاقىل، ھۆرمەتكە سازاۋەر ۋە كامىل كىشى ئىدى. ماۋرائۇننەھرنىڭ پۈتكۈل مەشغۇلاتلىرى ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدا ئىدى.

ئەھمەد رافىئ بىلەن ئابدۇلجەببار جۇرجانىي ھېچقاچان مۇلاقات داستىخىنىدا تۇز ـ تائام يېيىشمىگەن، مۇلاقات بەزمە ـ لىرىدە مەي ـ شاراب ئىچىشمىگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئارىلى ـ رىدا مۇستەھكەم دوستلۇق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. بىر ـ بىرىنى ھۆرمەتلەپ ئۆزئارا كىتاب ـ خەت ئەۋەتىشىپ، كۆڭۈل ئىستەك ـ لىرى ئۇچۇن تەسەللى تېپىشاتتى.

بىر كۈنى ۋەزىر خوراسان ئەمىرىگە مەلۇمات سۇنۇپ دېدىكى:

— ئەگەر ئابدۇلجەببار جورجانىي ئەبۇ ئەلى سىمجۇرىيغا كاتىپ بولمىغان بولسا، ئەبۇ ئەلىنى ئىتا ـ ئەتلىرىگە ئاسانلا بويسۇندۇرغىلى بولاتتى. ئەبۇ ئەلىنىڭ ھەممە بويۇنتاۋلىقى ئابدۇلجەببارنىڭ رايى ۋە تەدبىرى سەۋەبىدىندۇر. ئەبۇ ئەلىگە «ئەگەر مېنىڭ ئىتائىتىمدە بولساڭ، بۇ نامە ساڭا يەتكەن سائەتتە تە ـ خىرسىز ئابدۇلجەببارنىڭ بېشىنى كېسىپ، تۇۋرىغا سېلىپ، ئۇشبۇ ئەلچىنىڭ قولىغا بەرگەيسەن. ماڭا مەلۇمكى، ئىلگىرى بولۇنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ، يەنى ئابدۇلجەببارنىڭ مەسلىھەتىنى يىرالمىغانلىق تۇپەيلى يۈز بەرگەندۇر. ئەگەر مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلمىساڭ، ئارىمىزدىكى ئاداۋەتكە بولغان گۇمانىمنىڭ راست ـ يال ـ غانلىقىنى بىلمەك ئۈچۈن ئۆزۈم بارغايمەن. تەييار بولۇپ تۇرغىن، — دېگەن مەزمۇندا نامە ئەۋەتەيلى. ئەلۋەتتە، نامە ئەھمەد رافىئنىڭ خېتى بىلەن بولمىغاي. چۈنكى، ئەھمەد ئابدۇل جەببارنىڭ دوستى ـ دۇر. ئۇ دەرھال كىشى ئەۋەتىپ، ئۇنى (ئابدۇل جەببارنى) بۇ ئەھۋال ـ دىن ۋاقىپلاندۇرۇپ، قاچۇرۇۋېتىشى مۇمكىن.



خوراسان ئەمىرىگە بۇ مەسلىھەت ياقتى، ئەھمەد رافىئنى چاقىرتىپ:

— ئەبۇ ئەلى سىمجۇرىيغا مۇنداق مەزمۇندا نامە پۈتكىن. ئۇشبۇ ۋاقىتتىن باشلاپ نامە پۈتۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزگىچە بۇ سارايدىن تاشقىرىغا چىقمايسەن. ھېچ كىشى بىلەنمۇ كۆرۈشمەيسەن. چۈنكى، ئابدۇلجەببار دوستۇڭدۇر. ئەگەر ئۇ قولۇمغا

چۆچمىسە، سىنىڭدىن كۆرمەن، يەنى بۇ مەخپىيەتلىكنى سىنى پاش قىلىپ قويىدى، دەپ بىلىمەن، — دېدى.

ئەھمەد ھېچنېمە دېيەلمەي، خۇدىنى يوقاتقان ھالەتتە نامە پۈتۈشكە كىرىشتى. ئۇ ئۆز ھالىغا يىغلاپ، كۆڭلىدە: «كاشكى، مەن كاتىپ بولمىغان بولسام، مۇنداق قابىل يار ۋە پەزىلەتلىك دىلدار مېنىڭ نامەم بىلەن، يەنى مەن پۈتكەن نامە سەۋەبلىك قەتل قىلىنماس ئىدى» دېگەنلەرنى ئويلاپ، بۇ ئىشنىڭ تەدبىردىن ئاجىز كېلىپ تۇرغىنىدا، توساتتىن «ئەن يەقتۇلۇ» (ئۇلار ئۆلتۈرمەكچى) دېگەن ئايەت يادىغا كەلدى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: «ناۋادا ئۇ بۇ ئىما - ئىشارەتنى بىلەلمەي ياكى ئۇنىڭ سىرىنى پەملىيەلمەي قالسىمۇ، دوستلۇق شەرتىنى بەجا كەلتۈرەي» دەپ نامەنى پۈتۈپ، سەرلەۋھە قىلدى. ئاندىن نامەنىڭ بىر بۇرجىكىگە «ئەلىف» (ا)نى تارتتى، يەنە بىر بۇرجىكىگە «نۇن» (ن) ھەرپىنى يېزىپ، نامەنى خوراسان ئەمىرىگە كۆرسەتتى. ھېچكىشى سەرلەۋھەگە دىققەت قىلمىدى. نامەنى پېچەتلەپ، مۆھۈر بېسىپ ئەلچىگە بەردى. ئەلچىنى بۇ ھالدىن، يەنى نامە مەزمۇنىدىن ۋاقىپلاندۇرمىدى. ئەلچىگە:

— بۇ نامەنى ئەبۇ ئەلى سىمجۇرىيغا بەرگىن. ئۇ ساڭا ھەرنەرسە بەرسە، ئېلىپ كەلگىن، — دېدى.

ئەلچى نامەنى ئېلىپ راۋان بولدى.

ئەھمەد رافىئىنى ئۆيدىن چىقارماي، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۆيىگە قايتىشقا ئىجازەت بەردى.

ئەلچى نىشاپۇرغا يېتىپ كېلىپ، ئەبۇ ئەلى سىمجۇرىينىڭ ئالدىغا كىرىپ، نامەنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئەبۇئەلى نامەنى ئېلىپ سۆيۈپ، خوراسان ئەمىرىنىڭ سالامەتلىكىنى سورىدى.

ئابدۇلجەببار ئەبۇ ئەلىنىڭ ھوزۇرىدا ئىدى. نامەنى ئۇنىڭغا بەردى ۋە:

— ئېچىپ پەرماننى ئوقۇغىن، — دېدى.

ئابدۇلجەببار نامەنى ئېلىپ مۆھۈرنى، يەنى نامەنىڭ پېچىتىنى بۇزماي تۇرۇپ، سەرلەۋھەگە نەزەر سالدى. بىر بۇرجەكتە «ئەلىف»نى، يەنە بىر بۇرجەكتە «نۇن»نى كۆرۈپ، دەرھال «ئەن يەقتۇلۇ» (ئۇلار ئۆلتۈرمەكچى) دېگەن ئايەتنى يادىغا ئالدى ۋە «نامە مېنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا پۈتۈلۈپتۇ» دەپ بىلىپ، نامەنى ئاچماي پېچىتى بىلەن قويۇپ قويىدى ۋە «بۇرنۇم قاناپ كەتتى» دەپ، بۇرنىنى تۇتۇپ قوپقىنىچە سارايدىن چىقىپ، ئۆزىنى خىلۋەتكە ئالدى.

سارايدىكىلەر بىر سائەتچە ساقلىدى، ئۇ كىرمىدى. ئاخىر ئەبۇ ئەلى:

— خاجەنى (ئابدۇلجەببارنى) چاقىرىپ كېلىڭلار، — دەپ كىشى بۇيرۇدى، ھېچ يەردىن تاپالمىدى. ئەبۇ ئەلى يەنە بىرەيلەننى ھازىر قىلىپ، نامەنى ئەلچىنىڭ قېشىدا ئېچىپ ئوقۇدى. نامەنىڭ مەزمۇنىدىن ھەقىقىي ئەھۋال مەلۇم بولدى. ئەمما، ھەممەيلەن ئابدۇلجەببارنىڭ بىرەر چېكىتىنىمۇ كۆرمەي تۇرۇپ، نامەدىكى بۇنداق يوشۇرۇن مەنىلەرنى قانداق بىلىۋالغانلىقىنى ئۇقالماي تەئەججۈپتە قېلىشتى. ئەبۇ ئەلى بولسا، ئابدۇلجەببارنىڭ قېچىپ كەتكىنىگە كۆڭلىدە خۇشال بولدى. لېكىن، ئەلچىنىڭ ھوزۇرىدا كۆرۈنۈشتە غەزەپلەنگەن بولۇپ جار سالدۇرۇپ تەپتىش ۋە تەھقىق قىلدى.

ئابدۇلجەببار «مەن پالانى يەردە پىنھان بولدۇم» دەپ مەخپىي كىشى ئەۋەتتى. ئەبۇ ئەلى خەۋەر تېپىپ، ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ھەقتائالاغا شۈكۈر ۋە مىننەتدارلىق بەجا كەلتۈردى ۋە خەۋەر ئېلىپ كەلگەن كىشىگە:

— ئۇ شۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ جىم تۇرسۇن، باشقا ھەرىكەت قىلمىسۇن، — دەپ پەرمان قىلدى.

نەچچە كۈندىن كېيىن ئەبۇ ئەلى ئەلچىگە كۆمۈش ئىنئام قىلىپ، ئەلچىنىڭ كۆز ئالدىدا بولغان ماجىرانى تامام بايان قىلىپ، ئۆزىنىڭ بۇ ھالدىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىگە قەسەمياد قىلىپ، ئەلچىنى شا-

ھىت قىلىپ، نامەگە قارىتا ئۇشبۇ تەرتىپ بىلەن جاۋاب خەت يېزىپ، ئەلچىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئەلچى قايتىپ بېرىپ نامەنى خۇراسان ئەمىرىگە تاپشۇردى. خۇراسان ئەمىرى نامەنى مۇتالىئە قىلىپ، بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ بىر پەس تەئەججۇپتە قالدى. ئاندىن ئابدۇلجەببارنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلىپ، ئۇنىڭغا ئامانلىق بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا نامە پۈتمەككە ئەمىر قىلدى ۋە:

— بۇ نامەنى ئاچماستىن بۇرۇن، بۇ ھالدىن قانداق خەۋەردار بوپتۇ، شۇنى ئىقرار قىلغاي، — دېدى.

ئەھمەد رافىئ ھازىر ئىدى. ئۇ دېدىكى:

— ئەي جان پاناھ، مېنىڭ جېنىمغا ئامانلىق بەرگىن، مەن بايان قىلاي.

ئۇنىڭغا ئامانلىق بەردى. ئۇ ئەھۋالنى بايان قىلدى. خۇراسان ئەمىرى ئابدۇلجەببارنى ئەپۇ قىلىپ، ئۇ ئىما - ئىشارەتلەرنى كۆرۈپ باقماق بولۇپ، نامەنى ئېلىپ كېلىشكە ئەمىر قىلدى.

نامەنى ياندۇرۇپ ئېلىپ كەلدى. كۆردىكى، ھەقىقەتەن ئەھمەد رافىئ ئېيتقان سۈرەتتە ئىكەن. ھەممە خەلق بۇ ئەھۋالدىن ھەيران بولۇشۇپ، بۇ ئىككى بۇزرۇكنىڭ پەزىلىتى ۋە ھۈنەرلىرىگە تەھسىن - ئاپىرىن ئوقۇشتى.

يەنە كاتىپلىق شەرتى شۇكى، ئەگەردە ئۇلۇغلار ھوزۇرىدا مۇلازىم بولىدىكەن، تېز پەم ۋە ھوشيار بولغاي. پادىشاھ پەرمان قىلغان ھەمدە نەتىجىسى سۈرۈشتۈرۈلىدىغان ئىشلارنى دائىم ئېسىدە ساقلىغاي. دىۋان ئەھلىنىڭ ئەھۋالىدىن ۋاقىپ بولۇپ تۇرغاي، مۇئامىلىلىرىدىن ئاگاھ بولغاي. كۆرۈنۈشتە ۋەزىرنىڭ ھال - ئەھۋالىنى كۆزىتىپ يۈرگىنىنى چاندۇرمىغاي، يەنى ۋەزىرنىڭ ئىش - ھەرىكىتى توغرىسىدا ھېچنېمە بىلمەيدىغاندەك قىياپەتتە يۈرگەي. ئەمما، ئاستىرتىن ۋەزىرنىڭ ئىش - ھەرىكىتى، ماڭغان - تۇرغىنى، سىياسەت ۋە ياخشىلىقلىرىدىن ھەمىشە ۋاقىپ بولۇپ تۇرغاي.

يەنە ھېسابقا، يەنى ھېساب ئىشلىرىغا پۇختا بولغاي. ئەلەمدارلىق (ھەربىي ئىشلار) ۋە قەلەمدارلىق (مەمۇرىي ئىشلار) بويىچە ئەمەلدارلىقتا ئالاقىدار مۇئامىلىلەرنىڭ تەسەررۇپلىرىنى، يەنى باشقۇرۇش - بىر تەرەپ قىلىش تەرتىپلىرىنى خاتىرىلىمەكتىن بىر سائەتمۇ غاپىل بولمىغاي. بۇ تەرزدە بولماقلىق — كاتىپلار ئۈچۈن پەخىر ھەمدە مەجبۇرىيەتتۇر.

كاتىپلار ئۈچۈن يەنە ئەڭ ئۇلۇغ ھۈنەر — نېمەت ئىگىسىنىڭ سىرلىرىنى ئاسرىماق ۋە پايدىسىز گەپ - سۆزلەردىن تىلىنى يىغماقتۇر.

كاتىپلار يەنە ئۆز ئىگىسىنى تۈرلۈك ئىشلاردىن خەۋەرلەندۈرۈپ تۇرۇشى، ھەر ئىشتا بىپەرۋالىق ۋە سۇسلۇق قىلماسلىقى؛ خەتتاتلىقتا ھەرقانچە كامىل بولسىمۇ، يەنىلا ھەر خىل شەكىلدىكى خەتلەرنى كۆرۈپ، شۇ سۈرەتتە، يەنى شۇ خىل شەكىلدە خەت پۈتمەككە ماھىر بولمىقى خوپتۇر. لېكىن، يالغان خەت ياسىغۇچى ۋە ھىيلە ئىشلەتكۈچى دېگەن ئاتاققا قالماسلىق ئۈچۈن بۇنداق ھۈنەرنى غەيرىيلەرگە بىلدۈرمىسۇن. ئۇنداق بولمىغاندا، شۇ ئىش تۈپەيلى نېمەت ئىگىسىنىڭ ئىشەنچى سۇسلاپ كېتىدۇ. باشقا بىرسى دوراپ يازغان بولسىمۇ، ھەتتا دوراپ يازغۇچى مەلۇم بولغان ئەھۋالدىمۇ، بۇ خىل ئويدۇرمىچىلىق سېنىڭ گەدىنىڭگە يۈكلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا، كاتىپ «بىر كۈنى كارغا كېلىپ قالار، بىرەر مەنپەئەتى يېتىپ قالار» دېگەن ئۈمىدتە باشقىلارنى دوراپ خەت پۈتۈپ يۈرمىسۇن. ئەگەر كۈتۈلمىگەن ئەھۋالدا، دوراپ يېزىش توغرا كەلسە، كىشىلەرگە گۇمان قىلغۇدەك ئورۇن قالدۇرمىسۇن. چۈنكى، كۆپلىگەن پازىل ۋە پىشقان كاتىپلار، قابىل ۋە نامدار ۋەزىرلەر ئويدۇرۇلغان خەتنىڭ سەۋەبىدىن ھالاك بولغاندۇر. شۇڭا، كاتىپ بولغان كىشى دوراپ خەت يازىدىغان، يەنى باشقىلارغا ئوخشىتىپ يالغان خەت پەيدا قىلىدىغان ئىشنى زىنھار قىلمىسۇن. ناۋادا شۇنداق قىلغانلىقى ئاشكارا بولۇپ قال-

سا، ئەشۇنچە دائىرىسىنىڭ سىرتىدا قالىدۇ.

ھېكايەت: ئاڭلىشىمچە، ئەلمەزھەرىينىڭ ئوغلى رەبىئ پادىشاھ قەسرىنىڭ دىۋانىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر كاتىپ بولسىمۇ، كۆپ ھاللاردا باشقىلارنىڭ پوچىركىسىنى دوراپ خەت پۈتىدىكەن. بۇ خەۋەر پادىشاھ ساھىبنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ئۇ ئاڭلاپ كۆپ تەڭلىككە قاپتۇ. ئۇنىڭ ئىلىم - پەزىلىتى بىلەن سۇغىرىلغان ھاياتلىق كۆچىتىنىڭ بىخىنى بىر تەرەپ قىلماققا كۆزى قىيماپتۇ. بۇ سۆزنى ئۇنىڭغا ئىزھار قىلماققا يۈزى چىدىماپتۇ. بۇ ئىشنىڭ تەدبىرىدە نېمە قىلارنى بىلمەي قالغان پادىشاھ ساھىب ساقىسىز بولۇپ قاپتۇ. رەبىئ مەزھەر پادىشاھ ساھىبنى يوقلاپ خىزمىتىگە كىرىپتۇ ۋە:

— قايسى شەربەتنى ئىچەرسىزكىن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— پالانى شەربەتنى.

— قانداق غىزاغا كۆڭلىڭىز تارتىدىكىن؟

— سېنىڭ قىلمىشىڭغا، يەنى دورامچىلىقىڭغا. چۈنكى، ئۇ ئاغرىق كىشى يەيدىغان بىر تۈرلۈك ئاشتۇر.

رەبىئ مەزھەرى پادىشاھ ساھىبنىڭ بۇ ئەھۋاللاردىن ۋاقىپ بولغانلىقىنى بىلىپ:

— ئەي پادىشاھ ساھىب، مەن بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق بولمىغۇر ئىشلارنى ھەرگىز قىلمايمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ ساھىب:

— بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئىشلارنى يەنە قىلمىساڭ، مەنمۇ ئەپۇ قىلدىم، — دەپتۇ.

بەس، دورامچىلىق ھالاكەتلىك ئىشتۇر. ئۇنىڭدىن پەرھىز قىلماق كېرەك!

ئەي جىگەر پارەم، ھەرقانداق ھۈنەر - كەسىپنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ قىل.

پېقىر ھەر بابنىڭ مەزمۇنىغا ئالاقىدار بايانلارنى قالدۇرماي سۆزلىسەم، گەپ ئۇزىراپ كېتىدۇ. گەپ ئۇزارغانسېرى مەقسەتتىن مەھرۇم قالغۇدەكمەن. شۇنداقتىمۇ، نەسىھەت قىلىشنى تاشلاپ قويمىدىم. بەس، ھەر تۆردىكى سۆزلەرنى، يەنى ئالاقىدار مەزمۇنلارنى ئاز - تولا بايان قىلدىم. ئەگەر تىرىشىپ ھوشۇڭ بىلەن ئاڭلىساڭ، مەنپەئەت ھاسىل قىلالايسەن. چۈنكى، بىر چىراغ بىلەن نۇرغۇن چىراغنى ياندۇرغىلى بولىدۇ. ئەگەر ئۇلۇغ ئاللا سېنى كاتىپلىقتىن ۋەزىرلىككە يەتكۈزسە، ۋەزىرلىكنىڭ شەرتلىرىنى ياخشى مۇلاھىزە قىلغىن، ئامان - ئېسەن ئۆمۈر ئۆتكۈزەلەيسەن، ۋەزىرلىك مەشغۇلاتىڭدا نۇقسان كۆرۈلمەيدۇ. پادىشاھمۇ، ئۇلۇغ ئاللامۇ سەندىن، سېنىڭ ۋەزىرلىك ئىشلىرىڭدىن رازى بولىدۇ!

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن ئابلىمىت ئەھەت شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا، ئىلھام ئابدۇللا پوسكام ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدە)

# ھۇسەين ھاجى شېئىرلىرىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەدئىمىن قۇربان تۇغلۇق

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:** ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى ۋارىسلىرىدىن بىرسى بولغان ھۇسەين ھاجى داموللام 1881 ـ يىلى ئۆزبېكىستاننىڭ ئەنجان شەھىرىدە قەشقەر بەشكېرەملىك ئابدۇنەزەر باقى ھاجى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئابدۇنەزەر باقىھاجى مۇنداق سەۋەب بىلەن ئەنجاندا ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

ياقۇپ بەگ دەۋرىدە كەمبەغەل دېھقان ئابدۇنەزەر باقى بەشكېرەم بەگلىكىنىڭ تاغ بويى رايونىدىكى ئەسكە (يېڭىئاۋات) كەنتىنىڭ «ئۇيپالۋان» لەقەملىك زومىگەرى بىلەن سۇ تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قالىدۇ. شۇ ۋەقەدىن كېيىن ئابدۇنەزەر باقى ئەركەشتام ئارقىلىق ئەنجانغا چىقىپ يەرلىشىپ قالغان. ئۇزاق ئۆتمەي بۇۋىخان بۇۋى ئاتلىق مەزلۇمە بىلەن توي قىلىپ بەش پەرزەنتلىك بولغان. ئابدۇنەزەر باقى گەرچە سېرىقتال تۇرمۇش كەچۈرىدىغان دېھقان بولسىمۇ، پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. يەنى، بىرىنچى پەرزەنتى خالمۇرات بىلەن بەشىنچى پەرزەنتى ھەم ئوغۇلىنىڭ كەنجىسى ھۇسەيىنىنى، شۇنىڭدەك ئۇچىنچى، تۆتىنچى پەرزەنتى زورىخان بىبى بىلەن ئالتۇنخان بىبىنى مەدرىسەدە ئوقۇتقان. ئىككىنچى پەرزەنتى روزىجاننى بولسا ئىشلەپ ئىگىلىك تىكلەشكە يېتەكلىگەن. روزىجان جاپاغا چىداملىق، ھالال ئەقىدىلىك بالا بولغاچقا، ئاسانلا بېيىپ ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى ئۈستىگە ئالغان ۋە 30 ياشقا بارماستىنلا «روزى باي» دەپ ئاتالغان. ئابدۇنەزەر باقىنىڭ چوڭ بالىسى خالمۇرات 25 ياشتا بۇخارا مەدرىسەسىنى پۈتكۈزۈپ، «خالمۇرات داموللام» دەپ ئاتالغان. كىچىك بالىسى ھۇسەيىن بولسا 16 يېشىدا دادىسى بىلەن ھەج سەپىرىگە ئاتلانغان. ئابدۇنەزەر باقىھاجى تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىگە بارغاندا ئەينى دەۋردە شۇ يەرگە تارقالغان ۋابا كېسىلى بىلەن قازا قىلغان. ھۇسەيىن يىغلاپ ـ قاقشاپ دادىسىنى دەپنە قىلغاندىن كېيىن، ھاجىلارغا ئەگىشىپ بەيتۇللانى زىيارەت قىلىپ، ئەنجانغا قايتقان ھەم مەدرىسەدىكى ھاياتىنى داۋاملاشتۇرغان. دەسلەپ نەجمىدىن قارىي داموللامدا ئوقۇپ ئىشانلىق ئىرشادنامىسىنى قوشۇپ ئالغان. ئاندىن ئەينى دەۋردىكى ئەنجاندا ئەڭ نوپۇزلۇق مۇدەررىس ئابدۇكېرىم داموللام بىلەن مۇھىددىن مەخدۇمدا ئوقۇپ ئالىملىق مەرتىۋىسىگە يەتكەندىن كېيىن، ئۇستازلىرىدىن مۇھىددىن مەخدۇمنىڭ قىزى ئابىدخان بىبى بىلەن توي قىلىپ باللىق بولغان. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ھارپىسىدا ھۇسەيىن «ئىلمى كامىل موللا ھەم مۇرشىدى كامىل ئىشان» سۈپىتىدە يىراق ـ يېقىنغا تونۇلۇپ «ھۇسەين ھاجى داموللام» ياكى «ھاجى داموللام» دەپ ئاتالغان.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا روھانىيلار قاتتىق چەتكە قېقىلغان. ھاجى داموللام 40 ياشقا كىرگەن مەزگىلدە، يەنى 1920 - يىللىرى دادىسى ئابدۇنەزەر باقى ھاجىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا ئېيتقان: «بىزنىڭ ئەسلىي يۇرتىمىز قەشقەر بەشكېرەمنىڭ ئەسكە دېگەن يېرى ئىدى...» دېگەن ۋەسىيىتىگە ئاساسەن ئۇستازى ئابدۇكېرىم داموللام بىلەن بىرلىكتە ۋەتەنگە قايتىپ، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن جاي — بەشكېرەمنىڭ ئەسكە كەنتىگە ئولتۇراقلاشقان. ئۇزاق ئۆتمەي تۇغقانلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە مۇھەممەد ئىبراھىم ھاجىنىڭ قىزى پالاتخان بىبى بىلەن توي قىلىپ دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ ئىلىم شۆھرىتى يىراق - يېقىنغا تارالغان. ئىسلامىي ئىلىملەردە پىشقان، ئىستېداتلىق ئالىم بولۇشقا قارىماي، مۇرشىدى كامىل ئىشان سۈپىتىدە نۇرغۇن مۇرىت - مۇخلىس تەربىيەلىگەن.

ھۈسەين ھاجى داموللام ئەنجاندىن كېلىپ ئالتە يىلدىن كېيىن، يەنى 1927 - يىللىرى ئەنجانلىق مەزلۇمەسى ئابىدىخان بىبى قىزلىرى ئالىخان بىبى، مارىخان بىبى، راھىلىخان بىبىنى ئېلىپ قەشقەرگە كەلگەن. پالاتخان بىبى ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالغان.

ساقىيە مەدرىسەسىنىڭ مۇدەررىسى ئابلىراخۇن داموللام شېڭ شىسەي دائىرىلىرى تەرىپىدىن ھەپسىگە ئېلىنغان مەزگىللەر (1938 — 1941 - يىللىرى)دە كۆپچىلىك قەشقەر ئۆلىمالىرىنىڭ زورى بىلەن ساقىيە مەدرىسەسىگە كىرىپ تالىپ تەربىيەلەپ، ئەينى دەۋر قەشقەر ئىسلام مائارىپىغا تۆھپە قوشقان. 1954 - يىلى چوڭ مەزلۇمەسى ئابىدىخان بىبى سوۋېت ئىتتىپاقى گىراژدانلىرىنىڭ ئۆز دۆلىتىگە قايتىش ھەققىدىكى سىياستى بويىچە ئالىخاندىن باشقا پەرزەنتلىرى — مارىخان، راھىلىخان، ھۆرنىساخانلارنى ئېلىپ ئەنجانغا قايتقان. 1956 - يىلى چوڭ قىزى ئالىخان زۇلۇن خېنىم، نۇرنىساگۈل، يەھيا مەخسۇم قاتارلىق ئۈچ پەرزەنتىنى يېتىم قالدۇرۇپ (بۇلار 1972 - يىلى ئەنجانغا قايتۇرۇلغان) ئۆلۈپ كەتكەن. بۇ قىزنىڭ ئۆلۈمى ھۈسەين ھاجى داموللامغا تولىمۇ ئېغىر كەلگەچكە ئاغرىقچان بولۇپ قالغان ھەم پالاتخان بىبىدىن بولغان پەرزەنتلىرى ھەببۇللا مەخدۇم (1942 — ؟) بىلەن سالىخان (1935 — 1995)نىڭ غەمخورلۇقىدا ھايات كەچۈرۈپ، 1961 - يىلى 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى 80 يېشىدا ئاخىرەتكە سەپەر قىلغان ھەم قۇمالتاغ باغرىغا دەپنە قىلىنغان.

ھۈسەين ھاجى داموللام ھاياتىدا جامائەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، مۇدەررىس ۋە خاتىپ بولۇپ، يىراق - يېقىندا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغاندىن باشقا، يەنە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ نۇرغۇن شېئىرلارنى يېزىپ قالدۇرغان. يېڭىئاۋات جامەسىدە خاتىپلىق قىلىۋاتقان ئوغلى ھەببۇللا مەخدۇم ئۇنىڭ ئۈچ قول يازمىسىنى ساقلىغان بولۇپ، ئىككى قول يازما پۈتۈنلەي نەزم بىلەن پۈتۈلگەن دىۋان ئىكەن. ئەپسۇس، بۇ ئىككى دىۋاننى ھۈسەين ھاجى دامولامنىڭ ئەنجاندىكى پەرزەنتلىرىدىن مارىخان بىبى 1985 - يىلى قەشقەر بەشكېرەمگە كەلگەندە: «دادامنىڭ يازغان خەتلىرىنى كۆرسەم دادامنى كۆرگەندەك بولىدىكەنمەن، مەن ئوقۇپ ساقلاپ قوياي» دەپ ئۆزبېكىستانغا ئېلىپ كەتكەنىكەن. بىز پەقەت ئۇنىڭ ئۈچىنچى بىر دەپتىرى، يەنى ھۈسەين ھاجى دامولامنىڭ غەيرىي ئەدەبىي قول يازمىسىنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولدۇق.

ھۈسەين ھاجى دامولامنىڭ بۇ قول يازمىسى ئەينى دەۋردە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن سىزىقلىق قېلىن دەپتەرگە يېزىلغان. ئاخىرىغا يەنە دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن كاتەكچىلىك دەپتەر ۋارىقىدىن تۆت ۋاراق، تىك سىزىقلىق دەپتەر ۋارىقىدىن توققۇز ۋاراق چاپلانغان بولۇپ، جەمئىي 131 ۋاراق. بۇ قول يازما ئاساسلىقى «جامىئۇس - سەغىر»، «فەتىۋائى ھەدىس»، «سەئىد ئەلى ئىرانى»، «تەخسىرى ھۈسەينى»، «خەزىنەتۇل - رىۋايەت»، «فەتىۋائى ئەلى ئەپەندى»، «كەنزۇل - ئىباد»، «مۇختەسەر خەزىنات»، «فەتىۋائى

نەقۇەرىيە»، «ھەدىس ئەربەئىن»، «خەمسەتۇل ـ فەتىۋائى»، «تەرىقەتۇل ـ مۇھەممەدىيە»، «موللا ئەلى قارىي»، «نۇجۇمۇل ـ ئىلىم»، «مەجمۇئەتۇل ـ فەتىۋا»، «سەئىدىدىن تەپتازانى»، «بوستانۇل ـ ئارىفىن»، «مەئلۇماتۇل ـ ئافاق»، «جامىئۇل ـ مەبانى»، «فەتىۋائى كامىلىيە»، «ھاياتۇل ـ ھايۋان»، «لىسانۇل ـ ئەھكام»، «تەفسىرى قازىخان»، «فەتىۋائى ھىندى»، «فەتىۋائى قازىخان»، «فەتىۋائى مىئىراجىيە»، «بەھرى دۇرەر»، «تەفرىھۇل ـ قۇلۇب»، «مەۋلەۋى فەخرىددىن»، «رەددۇل ـ مۇختار»، «بوستان»، «جەۋرەتۇن ـ نەبىيرە»، «مۇفەررەھۇل ـ قۇلۇب»، «زەينۇل ـ ئەھكام»، «مەرىپەتنامە»، «مەئىنىيۇل ـ ئەھكام»، «شەرىئۇل ـ ئەيىن ئىلىم»، «شەرھى موللا تەپتازانى»، «ئالىمىن گىز»، «شەرھۇل ـ ئەقائىد»، «مەھبۇبۇل ـ قۇلۇب» قاتارلىق ئەرەبچە ھەم پارسچە نوپۇزلۇق ماتېرىياللاردىن ئېلىنغان ئۈزۈندىلەر بولۇپ، ھەر بىر ئۈزۈندى ئاخىرىغا قايسى كىتابنىڭ نەچچىنچى بېتىدىن ئېلىنغانلىقى ئەسكەرتىلگەن. بەزى ماتېرىياللاردىن كېيىن ھاشىيەدە شەرھى بېرىلگەن. تەكشۈرۈشىمىزچە، قول يازمىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى بىر ۋاقىتتا، بىر ئورۇندا يېزىلمىغان. چۈنكى، خەت سۆڭەكلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى، يەنى ھەرقايسى بەتلەردىكى خەتلەرنىڭ تەكشى ئەمەسلىكى، بەزىلىرىگە ئىشلەتكەن قومۇش قەلەمنىڭ چوڭ، بەزىلىرىنىڭ ئوتتۇراھال، بەزىلىرىنىڭ بولسا ھەددىدىن زىيادە كىچىك ئىكەنلىكى، شۇنىڭدەك ئىشلەتكەن قارا سىياھ (ناۋات سۈيىگە چىلانغان قازان قارىسى) رەڭگىنىڭ قېنىق ياكى سۇسلۇق دەرىجىسىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئىكەنلىكى، ھەتتا بىر قىسىم جايلارنىڭ قىزىل سىياھ (ناۋات سۈيىگە چىلانغان قارا ئۈجمە قېقى) بىلەن يېزىلغانلىقى يۇقىرىقى قارىشىمىزنى ئىسپاتلايدۇ. گەرچە خەت سۈپىتى ئانچە تەكشى بولمىسىمۇ، ئەمما مۇئەللىپنىڭ خەتتاتلىقتا خېلىلا پىشقانلىقى، خەتلەرنىڭ دېگۈدەك پارسىي خەت نۇسخىسىغا تەئەللۇق ئىكەنلىكى ئۆز ـ ئۆزىدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ.

قول يازمىدا ئەڭ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى ئۇنىڭدىكى شېئىرلاردىن ئىبارەت. بۇ ھۆسەيىن ھاجى داموللام ئۆزى يازغان شېئىرلار، ئەرەبچە، پارسچىدىن تەرجىمە قىلغان شېئىرلار ھەم ئۇ كۆچۈرۈپ ساقلىغان شەرق كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر نامايەندىلىرى بولغان بىر قىسىم شېئىرلاردىن ئىبارەت. قول يازمىدا شەيخ سەئدى، ئابدۇراھمان جامىي، ئەلىشىر نەۋايى، ئابدۇقادىر بېدىل، خوجا ھافىز، فۇزۇلىي، ھىلالىي، ئاجىزىي قاتارلىق كىلاسسىك شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى ھەرقايسى بەتلەرنىڭ يېرىم قالغان يەرلىرىگە (بەزىلىرى پۈتۈن بەت بويىچە) چىرايلىق كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، ئەلىشىر نەۋايى بىلەن فۇزۇلىينىڭ شېئىرلىرىدىن باشقىلىرى پارسچە ياكى ئەرەبچە يېزىلغان. مۇئەللىپ باشقىلارنىڭ شېئىرلىرىنى كۆچۈرگەندە ئاۋۋال شۇ شائىرلارنىڭ تەخەللۇسىنى يېزىپ، ئاندىن كۆچۈرگەن. مەسىلەن، نەۋايىنىڭ:

كىردى تۇفراقىغا ھىلال ئاچتى تولۇن ئايغا جەمال،
ئۇل تولۇن ئاينىڭ قاراغىدىن چۇ ئۈلدى ئون ھىلال.

ئاي قاشىدا كۈننى كۆردۈم كۈن قاشىدا ئاينى،
ئايدا ئىزلەپ يىلدا تاپتىم يارنىڭ رۇخسارىنى.

فۇزۇلىينىڭ:

ۋەفا بىر كىمسەدىن كىم ئىستەدىم ئاندىن جەفا كۆردۈم،
كىمكىم بۇ فەنا دۇنيادا كۆردۈم بىۋەفا كۆردۈم.

كىمىكىم دەردى ئىزھار قىلدىم ئىستەدىم دەرمان،
ئۆزۈمنى ھەم بەتەر مېنىڭ دەردۇ غەمگە ئاشىنا كۆردۈم.

قول يازمىغا يەنە «مۇناجاتى ھەزرەتى جامىي»، «مۇناجاتى جۇنەيد باغدادىي»، «مۇناجاتى ھەزرەتى غەۋسىل ئەئزەم» قاتارلىق پارسچە شېئىرلار تەپسىلىي كۆچۈرۈلگەن. جامىي، بېدىل قاتارلىقلارنىڭ مەسنەۋىلىرىدىن ئېلىنغان بېيىتلار ئەڭ كۆپ كۆچۈرۈلگەن. بۇ ھۈسەيىن ھاجى داموللامنىڭ شەرق كىلاسسىك شېئىرىيىتىنى تولۇق ئۆگەنگەن ھەم ئۆزلەشتۈرگەن قەلەم ساھىبى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.
ھۈسەيىن ھاجى دامولامنىڭ بۇ قول يازمىدىكى شېئىرلىرى 80 پارچىدىن ئارتۇق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە غەزەل بىلەن مەسنەۋى 30 پارچە، رۇبائىي 20 پارچە، فەرد 30 پارچە بولۇپ، بىر قىسىم مەسنەۋىلەر، رۇبائىي ۋە فەردلەر پارسچە يېزىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، بەش ـ ئالتە پارچە شېئىر ئەرەبچىدىن ۋە پارسچىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، 131 ۋاراق، يەنى 262 بەتلىك بۇ قول يازمىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ شېئىرلار ناھايىتى ئاز. شۇنداقتىمۇ، بۇ شېئىرلار ئارقىلىق ھۈسەيىن ھاجى دامولامنىڭ شېئىرىي ئىجادىيەت يولى ۋە ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ئىدىيەۋى خاھىشلىرىدىن خەۋەردار بولغىلى بولىدۇ.
ھۈسەيىن ھاجى دامولامنىڭ شېئىرلىرى لىرىك شېئىرلاردىن ئىبارەت بولۇپ «ھاجى» تەخەللۇسىدا يېزىلغان. كۆچلۈك تەسەۋۋۇپ روھى بىلەن سۇغىرىلغان غەزەللىرىگە قارىساق، ئەينى دەۋر شارائىتىغا نىسبەتەن تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە كۆز قاراشلارنىڭمۇ يوشۇرۇنغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. مەسىلەن:

قوفغىل، ئەي دىل، سەئيى قىل تائەتغەكىم خۇب كاردۇر،
سەئىدىلىك تاپغاي كىشىكىم سۇبھىدە بىداردۇر.

سەھەر تۇرماي ئىشىڭ پۈتمەس، كىشى مەقسۇدىغا يەتمەس،
سۇبھىنى بىلگەن غەنىيمەت تالىبى دىداردۇر.

قوپغىل، ئەي ھاجى، قىلىپ ھىممەت سەھەر غەفلەتنى قوي،
ئۇيلاغىل قەبرەڭنىكىم بۇ شەمئى يوق خۇب ناردۇر.

دېگەن مىسرالاردا سەھەر تۇرۇپ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، توغرا ئەمەللەر بىلەن شۇغۇللانغان كىشىنىڭ ئىككى دۇنيالىق بەخت ـ سائادەتكە مۇيەسسەر بولىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن بولسا:

جەھانغا باغلاما كۆڭلۇڭ بۇكىم سىفايەپەرۋەردۇر،
كىم ئۇلسا فاسىقۇ فاجىر ئانىڭ چەشمى مۇنەۋۋەردۇر.

باق ئول پىرئەۋن شەددادىغا كىم قىلدى ۋە لېك خىزمەت
يۇتۇرمەي زەررەئىي ئاسىب خەزائىن دۇررى گەۋھەردۇر.

دېگەن مىسرالاردا كىشىلەرنى مال ـ دۇنياغا كۆڭۈل بەرمەسلىككە ئاگاھلاندۇرۇپ، خەزىنە ـ خەزىنە گۆھەر يىغقان، ئەمما پاسىقلىق بىلەن دۇنيادىن ئۆتكەن پىرئەۋن، شەددات قاتارلىق دۇنياۋى تىپلارنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتىنى ئەسلەتكەن.

ھۈسەيىن ھاجى دامولّامنىڭ شېئىرلىرى ئىچىدە يەنە «ئەرزنامە، ئۈستۈن ئاتۇشتا ياتقان ۋەكىللەرگە» ماۋزۇلۇق شېئىرى بىلەن «ئەئيانى ياركەندغە دۇئايى سالام تەرىقىدە يازىلغان ئەبياتلار» دېگەن ئومۇمىي ماۋزۇ ئاستىدىكى باقىجان، ئەئلەم ئاخۇن ياركەندىي، ھاجى مەخدۇم، ئابدۇراخمان ھاجى دامولّام، ئۆمەر خەتىپ ئاخۇن، ئابدۇلئەھەد مەخدۇم، ئابدۇلھەكىمى، موللا نادىر ئاخۇن، موللا ياقۇپ، ئابدۇخالىق قارىي، قادىرجان، مۇھەممەد ئىمىن قارىي، روزى مەمەت، مىيان ھەزرەت قاتارلىقلارغا بېغىشلاپ يازغان شېئىرىي سالام خەتلىرىمۇ بار. ئالدىنقىسى بەشكېرەم خەلقى بىلەن ئۈستۈن ئاتۇش خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدا 1946 ــ 1947 ـ يىللىرى يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق سۇ تالىشىش ۋەقەسى ۋە ئۇنىڭ ھەل قىلىنىش جەريانى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان ئاساستا ھۈسەيىن ھاجى دامولّامنىڭ رېئالىزملىق ئىجادىيەت يولىدىن گۇۋاھلىق بېرىدۇ. كېيىنكىسى ھۈسەيىن ھاجى دامولّامنىڭ يەكەن ئۆلىمالىرى بىلەن بولغان تارىخىي مۇناسىۋىتىنى ھەم ئۇنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكى تەسىر دائىرىسىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى تولۇقلىما ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ھۈسەيىن ھاجى دامولّام شېئىرلىرىدا ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر مۇھىم نۇقتا ئۇنىڭ تەرجىمە ئىجادىيىتىدۇر. ئۇنىڭ قول يازمىسىدا بىرقانچە پارسچە فەرد بىلەن ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى يانمۇيان بېرىلگەندىن باشقا، يەنە بىر پارسچە غەزەل بىلەن بىر ئەرەبچە غەزەلنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىمۇ يانمۇيان بېرىلگەن. پارسچە غەزەلنىڭ ئەسلىي ئاپتورى جامىي بولۇپ، بۇ غەزەلنىڭ بېشىغا يېزىلغان «جامىي» دېگەن تەخەللۇستىن مەلۇم بولغان. غەزەل پەقەت تۆت بېيت بولۇپ، بەلكىم تەخەللۇس كىرگۈزۈلگەن بېيت چۈشۈپ قالغان ياكى قالدۇرۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ بېشىغا «تەرجىمە» دېگەن خەت ماۋزۇ تەرىقىسىدە يېزىلغان. بىراق، بۇ غەزەلنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ ئاخىرقى بېيتىغا «ھاجى» تەخەللۇسى كىرگۈزۈلگەن. بۇ شېئىر مانا مۇنداق:

غەم نەدۇر سۈرەت كىمدىن ئەھلى مەئنا ئالدىدا،
رۇھ ئەگەر رۇمدىن ئولۇرسەن تەننى دەي ئولغىل قارا.

باقمايۇرسەن بىلال ئولغاچ مەئانىي ئەھلىدىن،
تاپتى فۇرسەت مۇستەفاغا گەرچە زاھىردۇر سىيا.

دېدى پەيغەمبەر: نەزەر قىلماس خۇدا زاھىرغا ھېچ،
ياققۇسىدۇر قەلبىڭىزغە ئەرتەيۇ شامۇ زىيا.

سەن ھەم ئەھلى دۇنيادەك ھېچ ئولمىغىل زاھىرپەرەست،
ھاجى دىلنى تەئمىر ئەتكىل باتىنىڭ ئەيلەپ سەفا.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ غەزەلنىڭ تەرجىمىسى شۇنداق راۋان ھەم پاساھەتلىك چىققان. ئەمما، ئۇنىڭغا «ھاجى» تەخەللۇسىنىڭ كىرگۈزۈلگەنلىكى ھاجى دامولّامنىڭ نەزىرىدە ئابدۇراخمان جامىي غەزىلىنى ئۆزىنىڭ تەرجىمە قىلغانلىقىنى غەزەلنىڭ ئۆزى ئارقىلىق ئىپادىلەشمۇ ياكى باشقا بىر سەۋەب بارمۇ، بۇنىڭغا ئېنىق بىر نەرسە دېمەك تەس.

ئەرەبچە غەزەل تۆت بېيتلىق ئۇچۇق غەزەل (بىرىنچى بېيتتىكى ئىككى مىسرانىڭ بىرىنچىسى قاپىيەنىڭ سىرتىدا ئۇچۇق قالدۇرۇلغان غەزەل ــ ئا) بولۇپ، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى يانمۇيان بېرىلگەن. بۇ

شېئىر مۇنداق:

دائىم ئولسۇن جايىڭىز مەئۋايى ئېرۇر نەختۇ نەخت،
ھەم قارارگاھى شەرافەت نىئمەتۇ ئىقبالۇ بەخت.

ئەيش ئېتىڭ ئىززەتدەكىم شاھلار ئاڭا رەشك ئەيلەسۇن،
ھەم ئانىڭ خۇشنۇد ئېتەر ئاللاھۇ پەيغەمبەر سىفەت.

بەھرەۋەر قىلسۇن خۇدا ئەۋلادىڭىزنى دائىما،
سەئدۇ ئۇمر تەۋىل ئىلە مەھفۇز ئېتەر ئول مەرھەمەت.

ئىستىجاب ئەتكىل، خۇدايا، ئول دۇئايىم فەزل ئىلە،
كىرگۈز ئانى خەتىڭگە باھۇلۇل ھەم تاجۇ تەخت.

بۇ غەزەلنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىمۇ شۇنداق راۋان ھەم پاساھەتلىك چىققان. بىراق، ئەرەبچە ياكى ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ ھېچقايسىسىغا تەخەللۇس كىرگۈزۈلمىگەن. شۇڭا، بۇ باشقىلار يازغان ئەرەبچە غەزەلنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىمۇ ياكى ھاجى داموللام ئۆزى يازغان ئەرەبچە غەزەلنىڭ كېيىنرەك ئۆزى تەرىپىدىن قىلىنغان تەرجىمىسىمۇ (ئەرەبچە غەزەل بىلەن يانمۇيان بېرىلگەن ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى يېزىشتا ئىشلەتكەن قەلەمنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ۋە سىياھىنىڭ رەڭگىدە روشەن پەرق بار)، بىر نېمە دېمەك تەس. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ئىككى شېئىرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىن ھاجى داموللامنىڭ شېئىرىي ئىجادىيەتتىكى يېتىلگەن ماھارىتىنى ۋە تىل ئىشلىتىشتىكى پاساھىتىنى، ئەرەب، پارس تىللىرىدىكى كامالىتىنى ھەم شېئىرىي تەرجىمانلىقتىكى بەدىئىي بالاغىتىنى كۆرۈۋالالايمىز.

تۆۋەندە ھۈسەيىن ھاجى داموللامنىڭ شېئىرلىرىدىن بەزى نەمۇنىلەرنى ئوقۇرمەنلەر ھوزۇرىغا سۇنىمىز.

1

سۇلۇك ئەھلى نە ئىش قىلسا سەن ئاڭا ئىئتىراز ئەتمە،
نە ئىش قىلسا ئۆزى بىلگەي سۇلۇك يولىدا ئۇ قاندۇر.
سۇلۇك ئەھلى قىلۇر بەئزەن ئىشىكىم كۆرسە ئەيب ئەيلەر،
ۋەلې ئاستىدا چىندىن ھىكمەتى باردۇركى تافقاندۇر.
كۆپ ئادەم ئەھلى سۇرەتدۇركى، كۆرمەس ئالەمى مەئنى،
بۇ ئالەم ئەھلى دىلنى ئالدىدا بىر نۇقتە ناداندۇر.
دېگەيلەر ئەھلى زاھىر ئانچە كۆرگەيمىز بۇ كۆز بىرلە،
مۇنى بىلمەس بۇ كۆزغە نۇر بەخش ئولغان كۆزى جاندۇر.
خۇدا ئۆز فەزلى بىرلە چەشمى دىلنى رەۋشەنا ئەتسە،
بىلۇر ئاندىن ئۆزى كىمدۇر، ئانى كىمدۇر، ئۇنى كىمدۇر.
ئايا ھاجى، دېدىڭ ئاللاھۇ ھەقدىن تۇرفە قىلدىڭ كەم،
ئانى مەھكەم كۆڭۈلدە ساقلاغىلكىم سىررى جاناندۇر.

2

يا قادىرا، رەببىم سەن
سەندىن ئۆزگە كىمىم بار.
مەن دۇنيادا غەرىبمەن،
سەندىن ئۆزگە كىمىم بار.

ئاجراپ تۇشتۇم جەننەتدىن،
ھەم ئىززەتۇ خىزمەتدىن.
تۆرت دەريائى رەھمەتدىن،
كەۋسەر بىرلە نىئمەتدىن.
مەن دۇنيادا غەرىبمەن،
سەندىن ئۆزگە كىمىم بار.

ھۇرلار ئەردى ئۇنىسىم،
غۇلمان ئەردى مۇنىسىم.
بىراق ئەردى جەللىيىم،
دىدار ئەردى مەرھەمىم،
مەن دۇنيادا غەرىبمەن،
سەندىن ئۆزگە كىمىم بار.

كەلدىم فانى دۇنياغا،
شەۋقىم ئەھلى ئۇقباغا،
ئىشقىم جەمال ئاللاھغا
يەنە رەسۇلۇللاھغا،
مەن دۇنيادا غەرىبمەن،
سەندىن ئۆزگە كىمىم بار.

كەچدىم ئاتا ـ ئانامدىن،
ئەممۇ خالۇ ئاكامدىن،
فەرزەند، نەبرە، پاچچامدىن،
خانىم سىڭلىم ئاچامدىن،
مەن دۇنيادا غەرىبمەن،
سەندىن ئۆزگە كىمىم بار.

ۋەللاھ دۇنيا زىندانتدۇر،
ۋەللاھ ئۇقبا خادانتدۇر،
ھاجى دوستۇڭ چەندانتدۇر،
ئەسلى مەقسۇد ئاللاھدۇر،
مەن دۇنيادا غەرىبمەن،
سەندىن ئۆزگە كىمىم بار.

3

قوفغىل، ئەي دىل، سەئيى قىل تائەتغەكىم خۇبكاردۇر،
سەئدلىك تافغاي كىشى كىم سۇبھىدە بىداردۇر.
خورۇسلار قىچقىرۇر «قوفغىل سەھەر» دەپ ئەيىۇھەل ـ غافىل،
بىلمەگەي غافىل كىشى، بىلگەيكى ئۇ ھوشياردۇر.
قىچقىرۇر پەرۋەردىگارىم قايدادۇر دائى دەبان،
ھەر دۇئالارنى ئىجابەت ئەتمەكى تەيياردۇر.
دىگەي ھەلمۇستەغفىر ئەننى فەئەغفۇر ئەنھۇ ئىسيانەھۇ،
ئول نىدانىڭ لەززەتىن بىلگەن دىلى ئاگاھدۇر.
سەھەر تۇرماي ئىشىڭ پۇتمەس، كىشى مەقسۇدىغا يەتمەس،
سۇبھىنى بىلگەن غەنىيمەت تالىبى دىداردۇر.
تۇشەر پەرۋەردىگارىم سۇبھىدە دۇنيا سەمائىغا،
مەرھەمەت ئەيلەر ئانىكىم ھەمراھ خەۋفۇ زاردۇر.
قوفغىل، ئەي ھاجى، قىلىپ ھىممەت، سەھەر غەفلەتنى قوي،
ئويلىغىل قەبرەڭنىكىم بىر شەمئى يوق خۇب ناردۇر.

4

ئۈمىد بىرلە كېلىپمەن دەرگەھىڭغە نا ئۈمىد ئەتمە،
مۇھەممەد ھۆرمەتىدىن روزى مەھشەر شەرمىسار ئەتمە.
گۇناھىم كۆپلۈكىدىن ئايۇ يىللار مۇزتەرىبدۇرمەن،
ئانى يۈزگە سالىپ يەۋمۇلجەزادا ئاشكار ئەتمە.
ئۈمىدىم قىلدۇرۇپ لاتەقنەتۇ مىن رەھمەتۇللاھدىن،
كەچۈرگىل جۇملەئى ئىسيانىمى ۋەئدەڭ خىلاف ئەتمە.
رىجائىم كۆپدۇرۇر سەتتار ئاتىڭدىن، ئەي ئىلاھىي مەن،
مېنى نەۋمىد ئېتىپ پەردەمنى يىرتىپ غەمگۇزار ئەتمە.
قىيامەت تاڭى ئاتقاندا ھەمە ئۆزنى ئۇنۇتقاندا،
تىلىم تىزغە تۇشۇرۇپ تەشنە ئەيلەپ خارۇزار ئەتمە.
قۇرارلار ئۇل تارازىنى قىلۇر خەلق نالە ـ زارنى،
سەۋابىمدىن گۇناھىمنى ئۇشۇل دەمدە گىران ئەتمە.
نىدا بولغاي ئۇشۇل دەم ئاچارسۇن ياماندىن دەپ،
گۇناھىمنى كېچىپ ھېچ ئەھلى جەننەتدىن جۇدا ئەتمە.
سىيرات كۆۋرۈك ئۇزە ياخشى يامانلار ھەيدەلىپ بارسا،
ئاياغىمنى سەبات ئەت تايدۇرۇپ دىلنى گۇزار ئەتمە.
ئۇ كۇفرۇكدىن ئۆتۈپ مۇئمىن ئولۇر شايىستەئى جەننەت،
ماڭا لازىم ئەمەس جەننەت، جەمالىڭ ئىنقىتائ ئەتمە.
كەل، ئەي ھاجى، تەدەييۇنلە شەرىئەت دامەنىن تۇتغىل،
شەرىئەت دامى تۇتقان كىشىدىن يەتمەز گۇمان ئەتمە!

5

غەمىم يوق ئىككى دۇنيادە كەرەملىك پادىشاھىم بار،
دىلۇ جانىم مادارى ئەجزدە پۇشتى پەناھىم بار.
نە غەمدۇر قۇتدىن زىرا كەفىلدۇر رىزقۇ رۇزىمغا.
نە تەڭلىك دۇنيادىن زىرا باشىمدا بىرۇ بارىم بار.
خەلايىق ئايتادۇر فەرزەند ئوغۇل قىز دۇنيادا دەركار،
كېچىپمەن ئىككى دۇنيادىن مېنىڭ ئارامى جانىم بار.
خۇدا نۇر ئەھلى دۇنياغا ھەردەم ھېساب ئەيلەپ،
كېرەكمەس دۇنياۋۇ ئۇقبا رەھىملىك رەھنەمايىم بار.
قىيامەت شىددەتىدىن قورقادۇر زاھىد بىلەن ئابىد،
نە غەم بىر ئەھلى ئىرفان ئەھمەد ئاتلىق پىشۋايىم بار.
ئىشەنگەي ئەھلى تائەت تائەتە ئابىد ئىبادەتغە،
ماڭا لايىق ئەمەل يوق شاپىئىي يەۋمۇل ھىسابىم بار.
جانان كۇلسە راھەتتۇر ۋەلي مەردى ئىبادەتتۇر،

گۇناھ قىلدىم ئۈمىد ئەيلەپ ئاشۇنداغ تەكيەگاھىم بار.
قىلىپ مەن جىق گۇناھ ئىشلار ئېتىپ غەففارلىقىڭ ئۈمىد،
غەفۇرۇ ھەم رەھىم ۋەسفىڭگە مەزھەرلىك رىجائىم بار.
دېدىڭ ھاجى ئاغىزغا ھەرنە كەلسە بىرنى ياندۇرماي،
ئەمەل قىل لاتەخەف نەھرىغە مەھشەردە خۇدايىم بار.

## 6 غەزەل لۇزۇمى تەۋەككۇلدا

نېچۈك مەن قەدرسىز بىچارەلىكتىن ئەيلەبان تەشۋىش،
خۇدا شاھۇ گەداغە فەرقسىز رەززاقى بىشەكدۇر.
بەھۇكمى ئايەتى قۇرئان كەقىلدۇر رىزق ھەللىغە،
بىياباندا گۇلى ئۇلسۇن ۋە يا دەريادا زى رۇھدۇر.
ھەۋادا ئەيش ئېتەرلەر بىئەدەد پەررەندەلەر ئۇيناپ،
ئانىڭ رىزقىن ھەۋادا ئەيلەمىش كۆرمەكغە كۆز يوقدۇر.
ئەدەدسىز جەنۋەرلەر يەر تۈۋىدە ئەيلەشىپ مەئۋا،
تاپىپ يەر رىزقىنى سەھۋ ئىلە نىسيانغا يول يوقدۇر.
زىرائەت يا تىجارەت ئەيلەمەي شۇ جەنۋەرلەر ھېچ،
تەۋەككۇل تازەلىقدىن سۇفرەئى ئامىغا مەھرەمدۇر.
تەۋەككۇلنى خۇداغا مۇھكەم ئەيلەپ تارقىشۇر ئۆيدىن،
نە يەرغە ئۇچسا يا بارسە ئۇلارغا تويغۇدەك داندۇر.
نېمە غەم ھاجى سەن ھەم كەم ئەمەسسەن زاغى سەھرادىن،
تەۋەككۇل ئەيلەبان ئۇچقاي بارۇرسە تاش ئارا ناندۇر.

7

ئىلاھا، جۇملە مۇئمىننى دىلىن شاد ئەيلەغىل، يا رەب،
ئەتا ئەيلەپ مۇرادىنى سەرئەفراز ئەيلەغىل، يا رەب.
مەلەكدىن تا سەمەك ئەمۋاجى لۇتفۇڭدىن ئۈمىدۋاردۇر،
بۇ جۇملە تەشنە لەبلەرنى لەبىن سىيراب قىل، يا رەب.
كېلىپ ئەردى بۇ مىسكىن دەرگەھىڭغە شەيئى لىللاھ دەپ،
بېرىپ سەن ئاڭا شەيئى ئۈمرىن ئەكمال ئەيلەغىل، يا رەب.

8

قىل ئول بەندەچەڭنى ئۈمرىن ئۇزۇن،
بۇ دۇنيادا ئەيلەپ رىزقىن كۆپ فۇزۇن.
ئانى ئالىمۇ قارىيۇ فازىل ئەت،

تەقىيۇ نەقى ئابىدۇ زاھىد ئەت.
شەرىئەت تەرىقەتتە سابىت قەدەم،
مەئارىفدا كامىل ھەقىقەتتە ھەم.
ئاتىن قويدۇق ئانى مۇھەممەد ئەزىز،
ھەمىن ئاگاھ ئولغاي ئۇل ساھىب تەمىز.
ھەبىبنىڭ ئىسمىن ئاڭا نام ئەيلەدۇق،
مۇھەممەد ئىشقدىن ئىختىيار ئەيلەدۇق.
ئەزىزنى مۇھەممەدغە زەم ئەيلەدۇق،
كى تەركى ئەدەبدىن ھەزەر ئەيلەدۇق.
ۋەلا مۇھەممەدنى رەقەم ئەيلەسەم،
كۆرۈنۈر كۆزۈمغە مەئشۇق مۇھتەرەم.
(1354 ـ ھىجرىيە رەقەم قىلىندى)

9

سىزغە لايىق تۇھفەغە قادىر بولالماي مەن غەرىب،
سورمايىن ئەھۋالىڭىز سىزلەرغە كۆپ قىلدىم خەتا.
تۇھفەئى ئاجىز ئىلە بارماقغا مەن ئەيلەپ ھەيا،
شۇل قۇسۇر ئۆتكەن خەتا ئەفۋىنى قىلغۇم ئىلتىجا.
كۆپ خەتالارنى قىلىپ چالا قويۇپمەن ئەرزنى،
ئەفۋ ئېمىش ئەھلى كەرەملەر ئالدىدا ياخشى جەزا.
ئەسلى زاتىم بەشكەرەمدىن بولغان ئۈچۈن دائىما
تىنمايىن شامۇ سەبا سىزلەرغە مەن قىلغۇم دۇئا.
ئەي ئىلاھا، بەشكەرەم ئەھلىغە قىل نۇسرەتنى يار،
ھەل قىلىپ مۇشكىللەرىن، ھاجەتلەرىن ئەيلەپ رەۋا.
ئەبرى رەھمەت باشلارىدا دائىم ئولسۇن سايەبان
نەفئى نام ئىزدەر قىلىپ ئەمۋالۇ جان ئەيلەپ پىدا.
دۇنياۋۇ ھەم ئاخىرۇ ھاجەتلەرىن قىلغىل رەۋا،
ئاخىرەتدە قىل مەكان ئانلارغا فىردەۋسى ئەلا.
تەرك ئېتىپ ئەھلى ئەيال يەر سۇغا ھېچ قىلماس نەزەر،
ياتلار سىز-بىزنى دەپ، سەھرادا ئەيلەپ ماسەۋا.
ئەي خۇدايا، قىلما زايىئى ھىممەتى ئالىيلەرىن،
جارى قىل دەريالارىن ھەم دىللارىن ئەيلەپ سەفا.
تەشنە لەب ئولما سەن ھەم، ئەي ھاجىئى، بىخانۇمان،
سەن تەلەبدە دائىم ئولساڭ ھەم ساڭا قىلغاي ئاتا[①].

① بۇ شېئىرنىڭ ئەسلىي ماۋزۇسى «ئەرزنامە، ئۇستۇن ئاتۇشتا ياتقان ۋەكىللەرغە» دەپ يېزىلغان.

10

يارانلار، ئاڭلاڭىزلار ماھى تابانىمدىن ئايرىلدىم،
كۆزۈمنىڭ نۇرىدىن ھەم ئول مېھرىبانىمدىن ئايرىلدىم.
جەھاننىڭ زىينەتى ئەردى ئەجايىب ئەقلى ھۇش ئىلەن
زەكى نادىر دۇردانە ۋەفادارىمدىن ئايرىلدىم.
جاھان كۆزى كۆرگەنمەس ئانىڭدەك ئاقىلۇ دانا،
ئەقىلنىڭ مەئدەنى....... تابدىن ئايرىلدىم.
كۆزۈم نۇرى جىگەربەندىم باشىمدا تاجىم ئەردى ئول،
يارانلار، ئۈشتىدى تاجىم شەبىستانىمدىن ئايرىلدىم.
كېلىپ فەرغانەدىن غۇربەت دىياردا ئۆمر ئۆتكۇزگەن،
غەرىبۇ بىناۋا ئول يۇسۇفى كەنئانىمدىن ئايرىلدىم.
ئانا ھەمشىرەلەر بىرلە كېلىشتى كاشغەر كۆزلەپ،
ۋەفالىق مېھرىبانلىق باغۇ بوستانىمدىن ئايرىلدىم.
ئۇلار كەتتى، يوقالدى مېھرىبانلىق، ئەيلەيۇپ مەنگە،
جەھاندا مېھرىبان ئولغان ۋەفادارىمدىن ئايرىلدىم.
ئۇنىڭ فەرزەندى ئۇچ ئەردى ئۇلارغا باقمادى ھەرگىز،
خۇداغە يۇزلەنىپ كەچكەن ۋەلىزادەمدىن ئايرىلدىم.
تامام ھەمشىرەسىدىن مەن غەرىبغە مېھرى كۆپ ئەردى،
ئۇلاردىن جۇملە كەچكەن مەن ۋەفادارىمدىن ئايرىلدىم.
كېتىشتىلەر ئۇلار فەرغانەغە ھېچ بىر ۋەفا قىلماي،
يوقالدى.............. مېھرىبانىمدىن ئايرىلدىم.
رىزا بولدۇم مەن ئاندىن سىزنى يارانلار گۇۋاھ قىلدىم،
دادا رازىلىقىن تافقان خىرىدارىمدىن ئايرىلدىم.
ئاتا رازى، ئانا رازى، مۇھەممەد، چەھاريارلار ھەم
خۇدا رازىلىقىن تافقان مۇسۇلمانىمدىن ئايرىلدىم.
خۇدايا رەھمەت ئەتكەيسەن مەن ئاندىن رازى بولغاندىن،
سائادەتمەنلىكىن تافقان سەرۋى خىرامانىمدىن ئايرىلدىم.
رىزا بەر ھاجى سەن ھەم ئول خۇدا ئەمرىن قەبۇل ئەيلەپ،
...... ئۆتۈپ كەتتى رىزادارىمدىن ئايرىلدىم.

11

ۋەفاتى ۋەقتىدە بولدى نىشانلار رەھمەتىلىكنىڭ،
رەھىملىك مەرھەمەتلىك نۇرى ئەيندىن ئايرىلىپ قالدىم.
قولۇمدا بەردى جانىن بىخۇدۇ ئەقلى زەۋال ئولماي،
مالائىكلەر تۇرۇپ باشدە مەزاردىن ئايرىلىپ قالدىم.

گۆرىستانغا ئالىپ باردۇق گۆرى بىر نۇر بولۇپ كەتتى،
مازار ئولدى گۆرىستانغا ۋەلىدىن ئايرىلىپ قالدىم.
ۋەسىيەت ئەيلەدى مەنگە داۋام ئەيلەك دۇئالار كۆپ،
دەبان كەتدى جاھاندىن (ئاھ) بالامدىن ئايرىلىپ قالدىم.

12

خالايىقلار ئىشىتمەك ماھى تابانىمدىن ئايرىلدىم،
كۆزۈم نۇرى جىگەر پارەم قۇۋۋەتى جانىمدىن ئايرىلدىم.
ماڭا ھەمراھ ئىدى ئول كۆپ ئىشىمدا ئەقلۇ ھوش بىرلە،
ئەقىلنىڭ مەئدەنى رەھبەر جەھان باغىمدىن ئايرىلدىم.
كېتىپ ئەقلۇ ھۇشۇم ئولدۇم جاھاندا مىسلى مەجنۇندەك،
مېنى ئەيب ئەتمەگىزلەر ھەممە ئىدراكىمدىن ئايرىلدىم.
ماڭا مۇنىس ئىدى ئول ئىززەتۇ ھۆرمەت ئىلەن دائىم،
دىلىم نۇرى، جانىم قۇتى گۈلىستانىمدىن ئايرىلدىم.
كېلىپ پەرغانەدىن غۇربەت دىياردا ئۆمر ئۆتكۈزگەن،
غەرىبۇ بىناۋايىم يۇسۇفى كەنئانىمدىن ئايرىلدىم.
ياشى قىرىق ئۈچدە ئەردى زىيادە ياكى كەم بولماي،
ئۆمرى قىسقا، ئۆزى كامىل مىسلى تاغىمدىن ئايرىلدىم.
ئانا ھەمشىرەلەر كەتكەندە فەرغانە قالىپ ئەردى،
مېنىڭدىن دىل ئۈزەلمەي، مېھرىبانىمدىن ئايرىلدىم.
ۋەفالىق، مېھرىبانلىق ياش تۇغۇلغان پەرزەند ئەردى ئول،
داداغا مېھرىبان ئولغان ۋەفادارىمدىن ئايرىلدىم.
ئۇنىڭدىن قالدى ئۈچ فەرزەند ئوغۇل قىزلار بولۇپ جۇملە،
ئۇلارنى تاشلابان كەتكەن رىزادارىمدىن ئايرىلدىم.
ئۆزىن تاپشۇردى ئەللاھغە داۋام زىكرىنى ياد ئەيلەپ،
ئەجايىپ مەرھەمەتلىك ئۆز زاكىرە خانىمدىن ئايرىلدىم.
رىزا بولغانلىقىمغا سىزنى يارانىم گۇۋاھ قىلدىم،
پەقىرغە مېھرىبان ئولغان خەرىدارىمدىن ئايرىلدىم.
ئاتا رازى، خۇدا رازى، مۇھەممەد چاھاريارلار ھەم،
رىزاسى ھەققە تاپقان جانى جانانىمدىن ئايرىلدىم.
خۇدايا رەھمەت ئەتكەيسەن مەن ئاندىن رازى بولغاندىن،
سائادەت تاپقان ئۇ سەرۋى خىرامانىمدىن ئايرىلدىم.
مىڭ ئۈچ يۈز يەتمىش ئالتە ئەردى تارىخى نەبى ئول دەم،
ئۆتۈپ كەتتى جاھاندىن ئول رىزادارىمدىن ئايرىلدىم.
شەرەپلىك ئاي ئىچىدە، يەئنى قۇربان ئىككىسى ئەردى،
ئۈچۈپ كەتكەن بېھىشقە بۇلبۇلى زارىمدىن ئايرىلدىم.

رىزا بەر هاجى سەن هەم ئول خۇدا ئەمرىن بىجا ئەيلەپ،
قەزاغە رازى بولغان ئابىدەخانىمدىن ئايرىلدىم.

13

قارىلىق ساڭا يەتتى زارۇ نالان ئولغانىڭ ياخشى،
بەهار ئايىنى بۇلۇتدەك كۆزى گىريان ئولغانىڭ ياخشى.
ساقال ساچىڭ ئاقاردى بىل كەفەن تەييار ئولۇپ قالدى،
كۆزۈڭنىڭ نۇرى قاچتى دائىم ئاگاھ ئولغانىڭ ياخشى.
دىلى ئاگاھ كىشىغە ئول كەفەننىڭ تارى پۇدى دەر،
ئەجەل تۇتماي ياقادىن ئۆزى تەييار ئولغانىڭ ياخشى.
تىشىڭدىن قانچە گەۋهەر كېمىيىپ زۇر رەنجلەر سالدى،
ئەجەل كىرمەكغە، جان چىقماقغە ئاگاھ ئولغانىڭ ياخشى.
بەلۇ تىزدىن كېتىپ قۇۋۋەت ئەجەلغە يال بېرىپ قالدىڭ،
ئۇ كەلسە مۇهلەتى يوقلۇقغا ئاگاھ ئولغانىڭ ياخشى.
بىلۇرسەن ئۇشبۇ دۇنيا كىمغە قىلدى بىر ۋەفاسىنى،
ۋەفاسى جەۋرىدۇر دەپ ئاڭا ئاگاھ ئولغانىڭ ياخشى.
بىلۇرسەن بىۋەفا دۇنيا دېگەن ئۇشبۇ ئىبارەتنى،
نەشەي ئولسۇن خۇدادىن باشقا ئاگاھ ئولغانىڭ ياخشى.
بەس، ئول فەرزەندۇ مالۇ هەم خاتۇنان بىۋەفادىندۇر،
ئۇلاردىن ئۈز دىلىڭ خۇب ئاڭا ئاگاھ ئولغانىڭ ياخشى.
ئۆلۈم يادى بىلەن دائىم خۇدانىڭ زىكرىنى ئايتغىل،
سەفەر زادى ئېمىش ئول، ئاڭا ئاگاھ ئولغانىڭ ياخشى.
دىلىڭدە ئىشقى ئاللاھ ئولسۇن، ئانى قىلمە ئىزهارەن،
گۇل ئولماي، غۇنچە ئول دائىم دىلى خۇن ئولغانىڭ ياخشى.
كۆز ئاچ ئاگاھ بول مۇشكى خوتەننىڭ ئەسلى.......
سەن هەم سەبر ئەيلەيۈپ خۇنابغە مۇشكى ئولغانىڭ ياخشى.
دىلىڭ ئىشقى خۇدادىن كۆيسە دىلدىن بۇيلار چىققاي،
كى ئانداغ مىڭ بەهادۇر، ئاڭا ئاگاھ ئولغانىڭ ياخشى.
قايۇ بەندە خۇدا يادى دىلىدا دائىما ئولسا،
بولۇر ئەكسەرى غەم هەم ئاڭا ئاگاھ ئولغانىڭ ياخشى.
ۋەلې ئول بويىنى هەركىمسە بىلمەس ئەۋلىيا بىلگەي،
سەن هەم ئول ئەۋلىيادەك بويى دانا ئولغانىڭ ياخشى.
كەل، ئەي هاجى، نەسىھەت ئۆزغە قىل، تەرك ئەيلە ئالەمنى،
نەسىھەت ئۆزغە ئەيلەپ، سىررى ئەفشا ئولغانىڭ ياخشى.

14

جەھانغا باغلامە كۆڭلۈڭ بۇكىم سىپايە پەرۋەردۇر،

كىم ئولسا فاسىقۇفاجىر ئانىڭ چەشمى مۇنەۋۋەردۇر.
بېرىپ قىلغان مۇرادىمىز ئانى كۆپ تەربىيەت ئەيلەر،
چىقارىپ تەختۇ راھەت خىزمەت ئەيلەر گويىيا قۇلدۇر.
باق ئول پىر ئەۋن شەددادىغا كىم قىلدى ۋەلىك خىزمەت،
يۇتۇرمەي زەررەئى ئاسىپ خەزائىن دۇررى گەۋھەردۇر.
نەزەر ئانلارغا ئەيلەپ سەن كۆزۈڭ غەيرەت بىلەن ئاچقىن،
كىمىكىم پەست ئولۇر ئالەمدە، ئالەم ئاڭا باققاندۇر.
ئۇچار جانۋەرلەر ئىچرە پىستەرىن چىبىن بىلەن زەنبۇر،
ئۇلارنىڭ تۆئمەسىغە قەند ئەسەل شۇكرانە ئەتكەندۇر.
ھۇما بىر قۇشدۇرۇركىم جۇملە قۇشلارنىڭ شاھەنشاھى،
ئۇنىڭ رىزقىغە مىڭ يىللىق قۇرۇق ئۇستىخاننى قىلغاندۇر.
پەيەمبەر ئەۋلىيالار بۇ جەھانغا شەمسۇ ئەختەردۇر،
ۋەلې دائىم بەلاسىن ئەكسەرىن ئانلارغا بەرگەندۇر.
نەزەر ئىبرەت بىلەن باقغىل تامامى ئەنبىيالارغا،
ئۇلارنىڭ ھېچ كىمىن ئولغانمىكىن راھەتتە ئۆتكەندۇر.
ۋەلىيلەر ھەم جەھاندا جۇملەسى دەردۇ بەلا بىرلەن،
بەلاغا ئادەت ئەيلەپ راھەتى دۇنيا ئۇنۇتقاندۇر.
بۇ ئالەم ئىچرە ئالىم، فازىلۇ قارىينى كۆپ كۆردۇم،
ئۇ شۇنداغ فەزلى بىرلەن ئەغنىيا خەيلىغە پابەنددۇر.
بىر ئەھلى دىل سەۋارىبدۇر بۇكىن بىر تىفل پەرۋەردىن،
نېچۇك خارا بولۇپ ئىززەت...... مۇئەززەزدۇر.
دېدى ئەرزىم قەبۇل ئەت دۇنياۋۇ ئۇقبا چۇ كۇندەشمىز،
ئۇنىڭچۇن ئەھلۇ ئەۋلادىغە بەرگۇم سۇت بىلەن جاندۇر.
پەيەمبەر بەختىلارچۇن كۇندەشىم فەرزەندلەر ئەردى،
ئانىڭچۇن دائىما مۇشتلاپ باشىغا بەرمىگەن ناندۇر.
سەن ھەم، ھاجى، كۆڭۈلغە ئەسلى كەلتۇرمە فەلەك جەۋرىن،
دىلىڭ خۇش تۇت پەيەمبەر سۇننەتىدىن ساڭا يەتكەندۇر.

15

زايىئ ئۆتتى گەۋھەرى ئۇمرۇڭ دەۋام ئىسيان ئىلەن
ئىمتىسالى ئەمر قىلماي ئاندا نالانىڭ نەسۇد.
ئەرتىگاپ ئەيلەپ ئىدا ھەر زەررەئى خەۋف ئەيلامە،
ئول سىرات ئۇزرە خىجالەت ئاھ، سوزانىڭ نە سۇد.
ئەنبىيالارغا دېگەي ھەل بىللۇغەت ئەمرى ئول خۇدا،
لال ئولۇر ئانلار ساڭا ئاندا پۇشايماندىن نە سۇد.

## شېئىرىي سالام خەتلەر

ۋەئىلا ياركەند ئەفەندىم ھەزرەتى ئول باقىيجان،
مىڭ تەھەييات سالام ئولسۇن، ئەمىنۇ ئەمان.
ئەھلى ئەۋلادىغا ھەم ئولسۇن سالام تا باقىي ئان،
بىزەۋالۇ ئىنقىتائىسىز دائىم ئولسۇن توئىمان.

*　　　*　　　*

ئەئىلەمۇ ئالى ياركەندغە سەلام ئايغىل سەبا،
بى تەكەللۇف، بىتەخەللۇف قىل سالامىم بىئىبا.
كەم ئېمىش ئول زاتى ئالى روكنىدىن ھەم ياركەند،
ئەدل ئىلەن تەھقىق ئېتەردە يا ئۆمەر يا مۇستەفا.
خوش تەۋەززۇئ، خوش تەكەللۇم، بىتەكەللۇف زات ئىكەن،
فىكرى ئىدراكى چوقۇرراق بەھرى ماچىندىن سەفا.

*　　　*　　　*

جەنابى ئەبدۇرەھمان ھاجى دامۇللام فەلەك رىفئەت،
شىرۇيە مەنزىلەت رۇستەم شىجائەت ھاتەمى ھىممەت.
بۇ دۇنيادا ئانى ھەم ئال نې ئەتسە خالىيۇ زىننەت.
بىشارەتلەندۇر ئاڭا ئاخىرىيدە ھۇر ئىكەن جەننەت.

*　　　*　　　*

جەنابى ساھىبى مۇنبەر خەتىب ئاخۇند ئۆمەر ئالى،
دىلى دائىم مۇسەففادۇر ئەداۋەددىن ئولۇپ خالى.
سالامەتلىككە ئولسۇن نۇسرەتى ھەق دائىما يارى،
ۋە ھەم ھىفز ئەيلەسۇن پەرۋەردىگارىم ئەھلى ئەۋلادى.
كى ئەركىن ئول جەناب فىكرۇ فەراسەتدە فىلاتون تەبئ،
ھەمىشە ئەنقىتائىسىز ئىلمۇ ھېكمەت تەبئىدە جارى.

*　　　*　　　*

سەلامۇ ھەم تەھەييات تەبىب ئابدۇلئەھەد مەخدۇم،
ئىلاھا، ئەيلەغىل سالىم بالالاردىن ئېتىپ مەئسۇم.
ئەتا ئەيلەپ ئاڭا روشەن زەمىرۇ خۇب سۇرەتنى،
خۇداۋەندەم ئەزەلدە سەئدۇ ئىقبال ئەيلەيۇپ مەرقۇم.

* * *

شەرەفلىك ھەم نەسەبلىك زاھىدۇ تەقۋادىن ئۇن مەئشۇق،
جەناب ئابدۇلھەكىمى ئەتتەھەييياتۇ سەلام مەسلۇق.

* * *

سالامىم ۋاسىل ئەتكىل، ئەي جەنابى ھەزرەتى قادىر،
كى سەن فەئئال ھەم دەييان ھەم مەننانۇ ھەم غافىر.
بەرادەر ئاخىرى دەم ھەمدەمىم ئول ھەزرەتى نادىر،
لىباسى مەغفىرەت باش ئۈزرە ئەيلەغىل چادىر.

* * *

جەنابى موللا يەئقۇپ ئەبدۇخالىق قارى قادىرجان،
داۋام ئەتسۇن سەلامەت فەزلى بىرلە ھەزرەتى ياران.

* * *

شەرافەتلىك، نىجابەتلىك جەنابى مەدئىمىن قارى،
زاھىدى بىرلە تەقۋانى نەسىب ئەتمىش ئاﯓا بارى.
سەلام بىرلە دۇئا ھەم ۋەسلىغە ئولسۇن خۇدا يارى،
كى ئەركىن ئول جەناب ئىلكىدە دەريايى كەرەم جارى.

* * *

لەكدىن ئارتۇقراق دۇئايۇ مىڭدىن ئارتۇقراق سەلام،
سىزغە ئولسۇن، ئەي جەناب روزىمەمەت ئاخۇن مۇدام.

* * *

سالامىم ئول مىيان ھەزرەتغەكىم ئەۋلادى پەيەمبەردۇر،
جاھىل سەھرا خەلقى ئۈزرە گويا بىر شەمسى ئەنۋەردۇر.
خەلايىق قالغۇسى زۇلەمات جەھان ئىچرە پەيەمبەر يوق،
ئانىڭ ئەۋلادلارى دىن ھەم نەبىيغە رۇكنى ئەكمەلدۇر.
بايان ئەۋسافىنى قىلماقغا كامىل ماﯓا ھاجەت يوق،
سىدقلىق كىشىغە ۋەسفى ئول بەدرى مۇنەۋۋەردۇر.

(بۇ سالام خەتلەرنىڭ ئەسلىي ماۋزۇسى: «ئەئيانى ياركەندغە دۇئايى سەلام تەرىقىدە يازىلغان ئەبياتلار» دەپ ئېلىنغان)

(نەشرگە تەييارلىغۇچى قەشقەر شەھەرلىك 26 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە)

كىتاب نۇر بىكتى

تۇرسۇن قۇربان تۇركەش

# سەنئەتكارنىڭ ئۇستىخانىسى ــ زەللىي ئىشارە سەنئىتىنىڭ شەرھى

زەللىينىڭ 186 ـ غەزىلىدىكى:

ئەسرى مىھنەت زىندانى ئىچرە گەھزرەتى يۇسۇف،
قەنى مەغرىب زەمىنىنىڭ ئىقلىمىدىن بىر زىلەيخايى.

بېيىتتىدا دۇنيا كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىكى مەشھۇر ئاشىق ـ مەشۇقلار قىسسىسى «يۇسۇپ ـ زىلەيخا»غا ئىشارە قىلىنغان. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مۇھەممەد سىددىق بابا رەھىم مەشرەپ بىلەن زامانداش بولۇپلا قالماي يەنە ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان شائىر ئىدى.

مەشرەبى ئالى ئۇمەمىنىڭ شېئىرى شەككەر بارىدىن،
دانە ـ دانە ئەنگۈبىنىمنى نې جۇدا كەلتۇرمىشەم.

125 ـ غەزەلدىن كەلتۈرۈلگەن بۇ بېيىتتا شائىر مەشرەپ شېئىرىيىتىنى گوياكى خاسىيەتلىك مېۋىگە ئوخشىتىپ، ئۇنىڭ تەسىرىنى تەسەۋۋۇپتىكى ئىلمىي ھال دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ تەسۋىرلىگەن. يەنە «ئولمىشام» رادىفلىق 119 ـ غەزىلىنىڭ تۇگەللەنمىسىدە ئۆزىنىڭ شەرق تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىدىكى مۇتەسەۋۋۇپ شائىر پەرىدىدىن ئەتتارنىڭ مەنىۋى ئەگەشكۈچىسى ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بەرگەن.

بۇ زەللىي ۋاقىفى سىررى ئىلاھىي بولماغاچ،
جانۇ دىل بىرلە مۇرىدى شەيخى ئەتتار ئولمىشام.

زەللىيدىكى بۇنداق دىنىي خاھىشنى ئۇنىڭ دىۋانىدىكى مەشرەپتىن پەرىدىدىن ئەتتارغا، ئۇنىڭدىن مەنسۇر ھەللاجغا ئۇلىنىدىغان بېيىت ـ مىسرالار ئارقىلىق تېخىمۇ ئېنىق باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ. شائىر بەدىئىي ئىجادىدا ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىپ سىغىنغان كىشىلەرنىڭ بىرسى مەنسۇر ھەللاج ئىدى. ئەدىبنىڭ بۇ ھەقتىكى ئۇنىلغان بېيىتلىرىدىن بىرسى مۇنداق:

قەدەھ مەنسۇر ئاتىغا تولدۇرۇپ كەلتۇرگىل، ئەي ساقىي،
تەنىمدە ھەم رەگۇ ھەم ئۇستىخاندا ھەم رەسەن كەلدىم.

كۆرۈشكە بولىدۇكى، يۇقىرىقى بېيىتلاردا شائىر ئىشارە سەنئىتىگە مۇراجىئەت قىلغان.

دېمەك، بىز «ئىشارە» دەپ ئاتىغان بۇ ئۇسۇل ئىلمىي بەدىئىياتقا دائىر ئەرەب، پارسچە كونا ئەسەرلەردە «تەلمىھ» نامى بىلەن يۇرۇتۇلگەن ۋە بۇ ئەرەبچە ئاتالغۇنىڭ مەنىسى «نەزەر تاشلىماق» دېگەنلىكتىن ئىبارەت. ئىشارە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئەڭ كۆپ قوللىنىلغان ۋە ئەڭ ئاكتىپ بەدىئىي سەنئەت ھېسابلىنىدۇ.

ئىشارە سەنئىتىدە ئىجادكار ئۆزىنىڭ نەزمىي ۋە نەسرىي ئەسىرىدىكى تۈپ غايىۋى ئىدىيەنىڭ ئىسپاتى ئۈچۈن تارىخىي، دىنىي، ئەپسانىۋى شەخس، ۋەقە ۋە ئوبرازلارنىڭ نامىنى كەلتۈرىدۇ ياكى ئۇلارغا ئىشارە قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىنىڭ كۆز ئالدىدا ئاشۇ شەخس ۋە ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتى جانلىنىپ، سەنئەتكارنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئىدراك قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، كىتابخان ئەسەردىكى ئۆزىنى ئويلاندۇرۇۋاتقان لىرىك ۋە ئېپىك قەھرىمانىنىڭ مەنىۋى قىياپىتى بىلەن ئىشارە قىلىنغان ئوبيېكتنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ ياكى باغلاپ ئېستېتىكىلىق مۇكەممەللىك يارىتىدۇ، بىلىمنى ئاشۇرىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك ئېيتقاندا، ئىشارە شېئىر ئىچىدىن شېئىر، ھېكايە ئىچىدىن ھېكايە چىقىرىشقا؛ ئېيتىلغان گەپكە ئېيتىلمىغان گەپنى قوشۇپ چاچما ئوق ياكى دوم كۆمتۈرۈلگەن ئۈچ بۇلۇڭ شەكىللىك بارغانچە كېڭىيىپ بارىدىغان پىكىر ۋە تەسەۋۋۇرنى ئىپادىلەشكە لايىقلاشقان بەدىئىي ئۇسۇل. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىشارىنى ئاز سۆز بىلەن كۆپ مەنىنى ئىپادىلەش سەنئىتى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. زەلىلىي ھەر خىل ژانىرىدىكى ئىجادىدا بەدىئىي غايىۋى ئىدىيەنى ئوبرازلىق، چوڭقۇر ۋە باغلانما تەسەۋۋۇرلۇق قىلىپ ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشارە سەنئىتىگە ئوبيېكت قىلىپ كەلتۈرگەن دىنىي، تارىخىي شەخس ۋە ئاتالغۇلار نەچچە يۈزدىن ئاشىدۇ، بەلكى بۇ ئىش قىسقىچە ئىزاھلىق لۇغەت تۈزۈشنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇلاردىن پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى، «تەۋرات» قاتارلىق مۇقەددەس كىتابلار، ھەزرىتى ئادەم، ئەۋلىيالار، ھارۇن، بۇغراخان، ئىبنى سىنا، كەيكاۋۇس، سوقرات، تەرىقەت، زاھىد، رىند قاتارلىقلار تونۇشلۇق بولسىمۇ، يەنە بەزىلىرىنى شەرھلەشكە توغرا كېلىدۇ. تۆۋەندە زەلىلىينىڭ ماھارەت سىرلىرى ۋە چوڭ تەسەۋۋۇپ ئەللامىسى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدىغان، نەزمىياتىدا كۆپ ئۇچرىسىمۇ بىزگە ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان، دىن، تەسەۋۋۇپ ۋە كىلاسسىك ئەدەبىيات ھەققىدىكى تەپەككۇرىمىز ۋە بىلىمىمىزنى بېيىتىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بىر قىسىم ئىشارە سەنئىتى ئوبيېكتلىرى ھەققىدە مېغىزلىق مۇلاھىزە ئېلىپ بارىمىز.

**1) كىمىيا**

زەلىلىي داستانلىرى، 4 ـ، 76 ـ، 89 ـ، 125 ـ غەزەللىرى ۋە 13 ـ مۇخەممەسىدە «كىمىيا» ئاتالغۇسىنى ئىشلەتكەن.

ئىشق كىمىيايى ئەھمەر ئالەم دۇكان ئەمەسمۇ؟
مەردى خۇداغا مەئلۇم ئۇستادگان ئەمەسمۇ؟

ئۇنداقتا «ئەمەسمۇ؟» رادىفلىق 152 ـ غەزەلىدىن ئېلىنغان مەزكۇر بېيىتتا «كىمىيا» ئاتالغۇسى قانداق مەنىدە قوللىنىلغان؟ كىمىيا ـــ ئەسلىي يۇنانچە سۆز بولۇپ، قەدىمدە خېمىكلار كىمىيا تېشىنىڭ ياردىمى بىلەن مىس، قەلەيگە ئوخشاش مەدەنلەرنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ، دەپ قارىغان ۋە بۇ ھەقتە شەرق ـ غەربتە كۆپ تەجرىبىلەر ئىشلەنگەن. شۇڭا، بۇ ئاتالغۇ كېيىنكى دەۋرلەردە ئۆزىگە كۆپلە-

گەن مەنىلەرنى يۇكلىگەن. يەنى پەلسەپىۋى مەنىدە ئەڭ قىممەت باھا تاش، ھاياتلىق سۈيى بولغان ئىكسىر مەنىسىدە كەلگەن. شۇنىڭدىن كېلىپ چىقىپ دىنىي ئىلىمدىكى مەجازى مەنىسى ــ ھەقىقەت ۋە مەردپەت. چۈنكى، خوتەنلىك ئېزىزشاھ سارىيىدا ئىشلىگەن مەرىپەتپەرۋەر ئالىم مۇھەممەد ئىسا ئەبۇ ھامىد غەززالىي (1038 ــ 1111) نىڭ كىتابىنى پارسچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا «تۈركىي كىمىيائى سائادەت» دەپ تەرجىمە قىلغان[①]دا ئاشۇ مەنىسىگە ئاساسلانغان. تەسەۋۋۇپى چۈشەنچىدە تۆرلۈك ئېزىش ۋە ساختىلىقلاردىن قۇتۇلۇپ، ئارىلىقنىڭ ھەممە مۇشەققەتلىرىنى يېڭىپ تاۋلانغان ۋە پاكلانغان ئىنسان كامالەتكە يەتكەن زاتلارنىڭ تەسىرى ۋە نەزىرى چۈشكەن ئىنساننى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، جالالىددىن رۇمىي ئۆزىنىڭ ئىشق ۋە ھايات ھەققىدىكى قاراشلىرىنىڭ جەۋھىرى ـ قايمىقى سۈپىتىدە ئامراق قىزىغا كىمىيا دەپ ئىسىم قويغان. پەۋقۇلئاددە تەسىرگە ئىگە بولغان ھالەتلەر، يەنى ئىشقۇ ئاشىقلىق ۋە ئۇنىڭ ئازابلىرىغا بەرداشلىق بېرىشمۇ كىمىيا. سەككاكىي مۇشۇنداق ئېتىقادتىن پايدىلىنىپ يار پىراقىدا ئىزتىراپ چېكىپ، رەڭگىرويى سارغايغان ئاشىق تىلىدىن مۇنداق يازغان:

فىراقىڭ بوتاسى ئىچرە قانىمنى سىزغۇرۇر ھەردەم،
يۈزۈمنى ئالتۇن ئەتكەلى غەمىڭنى كىمىيا قىلما.

بېيىتتا فىراق ــ بوتا[①]، يۈز ــ مېتال، غەم بولسا كىمىيا تېشى مەنىسىدە قوللىنىلغان.
نەۋايى «سەددى ئىسكەندەر»دە كىمىيانى كۆڭۈلنى ھەممە ئىللەتلەردىن تازىلىغۇچى جەۋھەر مەنىسىدە ئىشلەتكەن:

چۇ ھىممەت ئېرۇر كىمىيائى ۋۇجۇد،
كى ئاندىن تاپار ئېئتىبار ئەھلى جۇد.

قىسقىسى، ئۆزلۈككە ئېرىشىش ۋە پەننىڭ ئەڭ ياخشىسى بولغان ۋەتەننى سۆيۈش ئىلمى قاتارلىقلار كىمىيادۇر. مەزكۇر ئاتالغۇنى كىلاسسىكلار مۇشۇنداق مەنىلەردە تەكرار ئىشلەتكەن. مەشرەپنىڭ قىممەتلىك ۋە ئىبرەتلىك پەندى ـ نەسىھەت مەنىسىدە «كىمىيا» كىتابىنى يازغانلىقى مەلۇم. 20 ـ ئەسىردىكى بىرازىلىيە يازغۇچىسى پەئۇلا كائېلاغا «ئەلكىمياگەر» رومانى دۇنياۋى شۆھرەت ئېلىپ كەلگەن. شۇنداق بولغاندا، زەلىلىي يۇقىرىقى بېيىتتا بىر قاراشتىلا بىلىنىدىغان ئوچۇق مەنىنى ئەمەس، بەلكى «ئىشق كۆڭۈل ئالىمىنى يورۇتقۇچى قىزىل جەۋھەر، تەگرىنى ئايان قىلغۇچى ئۇستاز» دېگەن تېخىمۇ چوڭقۇر يوشۇرۇن مەزمۇننى ئالغا سۈرگەن.

2) لاماكان

بۇ بىر كۆچمە مەنىدىكى ئاتالغۇ بولۇپ، «ماكانسىز، تېنىمسىز، سەييارە» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. زەلىلىيگە ئوخشاش تەسەۋۋۇپ شائىرلىرىنىڭ قارىشىچە، ئىشق ئاشىقنى زامان ۋە ماكاندىن مۇستەسنا بولغان ھەققە ئېرىشتۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئىنساننىڭ جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن زامان ۋە ماكان توسۇقلىرىدىن خالىي بولۇشى مۇمكىن بولمىسىمۇ، لېكىن ئىشق ئارقىلىق لىرىك قەھرىمان بۇ مەقسەتكە يېتىدۇ. ئۇنىڭدا ئىنسان ئوبرازى بولغان ئاشىق ۋەھدەت (داستانلار، 35 ـ، 155 ـ غەزەل ۋە 4 ـ، 14 ـ مۇخەممەسلەردە بۇ ئاتالغۇ ئۇچرايدۇ)، يەنى بىرلىك شارابىنىڭ ۋاستىسىدە ئۆلمەي تۇرۇپ،

پانىيلىق مەقامىغا ئېرىشىدۇ.

«لاماكان» ئىبارىسى تۈركىي – ئۇيغۇر تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىدا ھەممىدىن بۇرۇن مۇتەسەۋۋۇپ شائىر ئەھمەد يەسسەۋىي ھېكمەتلىرىدە ئۇچرايدۇ:

ئىرشاد قىلىپ ۋەھدەت مەيىن قانىپ ئىچتىم،
لامەكاندا ھەقدىن ساۋاق ئالدىم مانا.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ھېكمەتتىكى پىكىر كۆڭۈل ئالىمى ھەققىدە بارماقتا، چۈنكى ماكان، زاماندىن خالىي بولغان يېگانە ھەقنىڭ نۇرى جىلۋىلىنىدىغان جاي پەقەت «كۆڭۈل» مۈلكىدۇر. دېمەك، «لاماكان» بىرلىك ئالىمى. زامان ۋە ماكاننىڭ توسۇقلىرى بولمىغان، ئۆزگە ئالەملەرگە ئەركىن ساياھات قىلغىلى بولىدىغان 86 – ۋە 100 – قاتارلىق يەتتە غەزىلىدە «ئەرش كۈرسى» ئاتالغۇسى بار. بۇ ئېرپان ساھىبلىرىنىڭ ساپ كۆڭلىدۇر. يەنە كېلىپ ئۇ ھەقنىڭ دەرگاھى بولغانلىقى ئۈچۈن دىنىي ۋە دۇنياۋى ھاياتتا ئىنساننىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىش ئېغىر گۇناھ ھېسابلانغان. بۇ نۇقتىدىن زەلىلىي غەزەللىرىدە ھېكمەتلەشتۈرۈلگەن بېيىتلار بار:

دىل كەئبەئى مۇئەززەم ئاغرىتماغىل، بەرادەر،
يوقتۇر تەرىقەت ئىچرە مۇندىن يامان گۇناھى.

زەلىلىي دىنىي، تەسەۋۋۇپنى چوڭقۇر چۈشەنگەن شائىر ئىدى. ئۇ ئەھمەد يەسسەۋىينى پىر – ئۇستاز بىلىپ، ئۇنىڭ ئەقىدىلىرىنى داۋاملاشتۇرغان. مەنىۋى قەلەندەر ۋە سەيياھ بولغان بۇ ئەدىب ماكانسىزلىق مەنىسىنى ئۆزىدە ئومۇملاشتۇرغۇچى «لاماكان»نى لىرىكا ياكى غەزەللىرىنىڭ تۈگەللەنمىلىرىدە گويا تەخەللۇسى ياكى خاسلىق بەلگىسىدەك تەكرار قوللانغان.

ھىسارى تەختى تەندە پادشاھى ناتەۋان كۆڭلۈم،
تەماشا ئەيلەدىم نەقدىنەئى ئىككى جەھان كۆڭلۈم.

دەلىل ئەتكەن بىلە كۆڭلۈم جەھانغا ھەرگىز ئوخشارمۇ،
نەزەرگاھى خۇدايى لاماكاندۇر بۇ قاچان كۆڭلۈم.

شائىرنىڭ 132 – غەزىلىنىڭ باش قىسمى بولغان مەزكۇر بېيىتلار «لاماكان»نىڭ دىنىي، تەسەۋۋۇپىي مەنە قاتلىمىغا چوڭقۇر ئۇيغۇنلاشقان.

مۇھەممەد سىددىق سەپەر ئۈستىدە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، ئىككىنچى تۈرلۈك ئېيتقاندا، شائىر ئەسەرلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئۇنىڭ قەھرىمانىنىڭ سەرگەردانلىق ھاياتىنىڭ مەھسۇلى بولسا، يەنە بىر قىسمى ياشانغان يىللىرىدىكى كۆڭۈل سەيرىدىن ئىبارەت مەنىۋى پائالىيىتىنىڭ مېۋىسى. ئۇ «كۆڭۈلنى جاۋاھىرخانا» (134 – غەزەل)، «كۆڭۈلنى گۈلىستان» (15 – مۇخەممەس) دەپ تەسۋىرلىگەن بېيىتلاردا ئېيتىلغاندەك، شائىرنىڭ مىستىك لىرىك قەھرىمانى كۆڭۈلنى تەن مەملىكىتىنىڭ تەختىدە پادشاھ بىلمەكتە، ئۇنىڭ بىلەن ئىككى ئالەمنى سەير قىلماقتا. لىرىك قەھرىماننىڭ كۆڭلى مەۋجۇت ئالەمدىن

قانائەتسىزلىك ھېس قىلىپ، ئاللانى سېغىنماقتا. بىر جايدا تۇرۇپ ۋە قول - پۇتلىرىنى قانات - قۇيرۇق قىلىپ لاماكان سەپىرى ئارقىلىق يەر - زېمىننى سەير قىلماقتا.

بالۇ پەرى مەئنىنى يىسار ئىلە يەمىن قىل،
بىر يەردە تۇرۇپ سەيرى ھەممە رۇيى زەمىن قىل.

بۇلاردىن بىز زەلىلىينىڭ كىلاسسىك سوپىزمنىڭ يېڭى دەۋردىكى داۋامچىسى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

3) ئەسھابۇل - كەھف

ئەي زەلىلىي، سەن سەگى ئەسھابى كەھف ئولدۇڭ بۇ كۈن،
جەئفەرى تەييار ئىشىكى بولدى غارى ئاشىقان.

مانا بۇ شائىرنىڭ «ئاشىقان» رادىفلىق غەزەللىرىدىن بىرسىنىڭ تۈگەللەنمىسى. غەزەلنىڭ 149 - بېيىتتىكى «ئىمام جەئفەر»نىڭ ئىسمىنى ۋاقتىنچە نەزەردىن مۇستەسنا قىلىپ تۇرغاندىمۇ، ئوقۇرمەن «سەگ، ئەسھابۇل - كەھف ۋە غار»نىڭ ئىشارەتلىك مۇناسىۋىتىنى بىلمىسە ۋە بۇلارغا ئالاقىدار بىر دىنىي رىۋايەتتىن خەۋەردار بولمىسا مەزكۇر بېيىت مەزمۇنىنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن غەزەلدە ئالغا سۈرۈلگەن مەزمۇننى بىلەلمەيدۇ. «ئەسھابۇل - كەھف» ھەققىدىكى بۇ رىۋايەت «قۇرئان»دىكى «كەھف» سۈرىسىنىڭ ۋەقەلىكى بىلەن باغلىق بولۇپ[2]، مەنبەلەردە «ئىت ۋە غاردىكى سادىق دوستلار» ۋە «غاردىكى ۋاپادار دوستلار» نامى بىلەن ئۇچرايدىغان بۇ رىۋايەتنىڭ يەنە بىر نۇسخىسى مۇنداق:

ھېكايەت قىلىنىشىچە، قەدىمكى زاماندا دەقيانۇس دېگەن بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ ھوزۇرىغا بىر دەرۋىش كىرىپ، ئۇنىڭدىن ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنىدىن ۋاز كېچىپ، يېڭى دىنغا ئىمان ئېيتىشقا دەۋەت قىپتۇ. شاھ رازى بولۇپ دەرۋىش تەشۋىق قىلغان دىنغا كىرىپتۇ ۋە ئوغلىنىمۇ شۇ يولغا باشلىماقچى بوپتۇ. ئەمما، ئۆز ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشنى خالىمىغان شاھزادە ئالتە نەپەر يېقىن دوستى بىلەن بىرلىشىپ شەھەردىن چىقىپ كېتىپتۇ. يولدا ئۇلار بىر پادىچىغا ئۇچراپ، بولغان ۋەقەدىن ئۇنىمۇ خەۋەردار قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەل - يۇرتنىڭ ئايىنىغانلىقىدىن نارازى بولغان بۇ قاچقۇنلار بىرلىشىپتۇ. پادىچىنىڭ بىر ئىتى بار ئىكەن. يىگىتلەر ئۇنىڭمۇ ئەگىشىپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ: «بۇ ئىت بىزنى ئاشكارىلاپ قويۇشى مۇمكىن» دەپ ئۇيلاپ، ئىتنى ھەيدىۋەتمەكچى بولغاندا، ئىت: «ئەي، مۆمىنلەر!» دەپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ. ئىتنىڭ گويا ئىنساندەك زۇۋانغا كىرگەنلىكىدىن ھەيران بولغان مەسلەكداشلار ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ ۋە بىر تاغقا يېتىپ كەپتۇ. تاغدا بىر غار بار ئىكەن. يەتتە يىگىت ۋە ئىت ئاشۇ غارغا كىرىپ ئاغزىنى تاشلار بىلەن ئېتىپ يوشۇرۇنۇپتۇ. ئۇلار غاردا 309 يىل تۇرۇپتۇ[3]. ئارىدىن شۇنچە دەۋرلەر ئۆتۈپ ئۇلار تاشقىرىغا چىقىپ قارىسا، ئالەم بۈرۈنقىغا ئوخشىمايۋاتقۇدەك. ئۇلار كىشىلەردىن بىلسە، دەقيانۇس ئۆلۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ نەچچە - نەچچە خانۇ خاقانلار دەۋران سۈرۈپ ئۆتكەنىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار يەنە غارغا كىرىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئەمدى ئۇلار تا روزى قىيامەتكىچىلىك ئۇخلىغۇدەكمىش.

زەلىلىينىڭ «ئىچىدە» رادىفلىق 162 - غەزىلىنىڭ باشلانمىسىدا ۋە 3 - مۇخەممىسىدە:

زاھىد نەچۈك تىرىلگەي مەستانى يار ئىچىدە،
ئەسھابى كەھف ياڭلىغ يار ئىلە غار ئىچىدە...

كىرىپ غارى فەناغا ياتقىلۇ ئويغانماغىل زىنھار...

دەپ يازغانلىقى قۇرۇق توقۇلما ئەمەس، بەلكى دەل شۇ خىل ھالەتنىڭ شېئىرىي ئىشارىسى ئىدى. مەركىزىي ئاسىياغا بۇ قەدىمىي رىۋايەتنىڭ تۈرلۈك نۇسخىلىرى تارقالغان.

يەنە بىر تۈرلۈك مەنبەلەردە ئېيتىلىشىچە، دەقيانۇس (201 — 251) نامى بىلەن مەشھۇر بولغان بۇ ھۆكۈمدار — رىم خاقانى كىۋىنت تىرويان دېتسىي بولۇپ، ئۇنىڭ خىرىستىيان مۇرىتلىرىغا بولغان قىرغىنچىلىقىدىن قاچقان ئىت ھەمراھلىقىدىكى يەتتە يىگىت غاردا نەچچە ئەسىر ئۇخلاپ، كېيىن بەرەيلەننى شەھەرگە نانغا ئەۋەتكەن. نان ساتقۇچى تەڭگىدىكى بۇنىڭدىن ئۈچ يۈز يىل بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن دېتسىينىڭ رەسىمىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان. كىشىلەر «دېتسىيدىن قالغان تەڭگىلەر»نى كۆتۈرۈپ يۇرگەن بۇ يەتتە كىشىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى ئەۋلىيا دەپ بىلگەن ھەم ئۇلارغا سىغىنغان.

مەزكۇر رىۋايەتنىڭ ئاۋۋالقى نۇسخىسى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى ئەبۇ رەيھان بېرۇنىي (973 — 1048)نىڭ «ئۆتمۈش ئەجداتلاردىن قالغان يادىكارلىقلار» ناملىق كىتابىدا خاتىرىلەنگەن. رەبغۇزى «قىسسەسۇل ـ ئەنبىيا» (ئەلچىلەر قىسسەسى)سىدا بۇ رىۋايەتنىڭ دەقيانۇسنىڭ خۇدالىق تالاشقانلىقى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى كۆرسەتكەن. نەۋايى بۇ رىۋايەتنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن ئالاقىدار يەنە بىر نۇسخىسى ھەققىدە توختالغان④. ھازىر «ئەسھابۇل ـ كەھف» تۇرپاندىكى بىر مازارنىڭ نامى. 18 ـ ئەسىردىكى تۇرپانلىق شائىر قۇسۇرىي بۇ رىۋايەتلەر ئاساسىدا 24 كۇپلېتلىق شۇ ناملىق مۇخەممەس يازغان ۋە ئەرەبچە ئەسەر «تارىخى ئەسھابۇل ـ كەھف»نى ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان. شۇنداق سەۋەبلەر بىلەن ئۆزگە ئەللەردە يۈز بېرىپ «دەقيانۇستىن قالغان» دېگەن تەمسىلنى چۈشەندۈرۈپ بەرگۈچى بۇ رىۋايەتنىڭ ۋەقەلىكى زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خەلق ئارىسىدا تۇرپاندىكى شۇ ناملىق مازارغا باغلىنىپ قالغان. زەلىلىنىڭ نەچچە غەزىلىدە جۈملىدىن 79ـ غەزەللىرىنىڭ تۇگەللەنمىسىدە:

شەھرى ماچىندىن زەلىلىي تەلبە ئەيلەيدۇر سەفەر،
ئەردەۋىل ئىلە كۇچاۋۇ سەير تۇرفاندۇر تەمەئ.

دەپ قەيت قىلغىنىدەك، تۇرپان سەپىرىدە ئەسھابۇل ـ كەھفنى تاۋاپ قىلغان. «كىمكى دىلبەر زۇلفىنى» سەترىلىك 63 ـ غەزىلىدىمۇ بۇ سەپەردىن مەقسەت تەكرارلانغان، ھەتتا خەلق شېئىرىي ئىجادىيىتىدىمۇ ئەرەبىستاندىكى ئىمام جەئفەر بىلەن تۇرپاندىكى ئەسھابۇل ـ كەھف مۇناسىۋەتلىك بولغان، بۇنى زەلىلىيمۇ شۇنداق چۈشەنگەن. دېمەك، غەزەلدىكى بىر سۆزگە مۇجەسسەملەنگەن شۇنچىۋالا چوڭ دىنىي ئىشارەتلىك رىۋايەتنى كىتابخان ياخشى بىلگەندىلا، زەلىلىي لىرىك قەھرىمانىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزى بىلەن ئەمام جەئفەر مۇناسىۋىتىنى «غاردىكى سادىق دوستلار» ئورنىغا قويۇپ ۋە ئۆزىنى «سادىق ئىتقا» ئوخشىتىپ تەسۋىرلىگەنلىكىنى، «سەپەرنامە» داستانىنىڭ «چاھارىيارلارنىڭ ئەلقابەلەرى» قىسمىدا:

بەندە زەلىلىي سەگى ئەسھاب ئېرۇر،
سىلسىلەسى بوينۇما قۇللاب ئېرۇر.

دەپ يازغانلىقىنى بىلەلەيدۇ. شائىرنىڭ «غاردىكى يارلار ئىشقىنى» شۇنچە زور قىزغىنلىق بىلەن مەدهـ

يەلىشى ئۆز نۆۋىتىدە لىرىكىنىڭ ئومۇمىي ئىدىيەسىنى چوڭقۇر چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن ياردەم بېرىدۇ. 19 - ئەسىرنىڭ تارىخشۇناسى موللا مۇسا سايرامى «دەر بايانى ئەسھابۇل - كەھف» ناملىق ئەسىرى ئارقىلىق بۇ ئەنئەنىۋى تېمىنى زامانىمىزغىچە ئۇلاشتۇرغان.

4) شەيخ ئۇۋەيس قەرەنىي

«نەسايىمۇل - مۇھەببەت» ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئالىملار ۋە دىنىي ئۆلىمالارنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىغا بېغىشلانغان تەزكىرىسى. ئەسەرگە فارابىي ۋە ئەھمەد يۈكنەكىي قاتارلىق تۈركىي - ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نەچچە ئونلىغان نامايەندىسى كىرگۈزۈلگەن.

نەۋائىي ئەسەردە ئۆزىدىن نەچچە ئەسىر بۇرۇن ئۆتكەن كىشىلەردىن تارتىپ زامانىسىغىچە بولغان 770 ئەدىب، ئۆلىما ھەققىدە توختالغان بولۇپ، بۇنىڭ بىرىنچىسى شەيخ ئۇۋەيس قەرەنىيدۇر. بۇ كىشى ھەققىدىكى مەلۇماتنى زەلىلىي مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ: «ئۇۋەيس قەرەنىي ئېھسان ۋە مېھرىبانلىقى بىلەن تابىئىنلارنىڭ ياخشىسىدۇر»[5] دېگەن ھەدىسى بىلەن باشلىغان. سەۋەبى 625 - يىلىدىكى ئوھۇد ئۇرۇشىدا پەيغەمبەرنىڭ بىر چىشى سۇنۇپ كەتكەن. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئۇۋەيس قەرەنىي پەيغەمبەرگە بولغان ئىخلاسمەنلىكى سەۋەبلىك 32 چىشىنىڭ ھەممىسىنى يۇلۇپ تاشلىغان. نەتىجىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئۆزىنىڭ «مۇرەققە» (قۇراق تون)، يەنى خىرقىسىنى قەرەنىيگە قالدۇرغانلىقىنى ۋەسىيەت قىلغان. بۇ ئەھۋالنى شەرق ئاپتورلىرى چىن ئېتىقادنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە نەزمىگە قاتقان، مەنقەبە - تەزكىرىلەردە پۈتكەن. جۈملىدىن مۇھەممەد سىددىق شېئىرلىرىدىكى ماھارەتلىك ئىشارە سەنئىتىدە قەرەنىينى تىلغا ئېلىشتىن مۇستەسنا قالغان ئەمەس:

زەلىلىيگە شەفائەت ئەيلەگەي دەپ كۆپ ئۈمىدىم بار،
كۇلاھى خىرقەۋۇ ۋەيسى قەرەن، ئەلبەتتە، ئەلبەتتە.

نەۋائىي تەزكىرىدە يەنە مۇنداق كەلتۈرگەن: «ۋە ھەزرەت رىسالەت سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرمەپدۇر ئەردى ۋە ئول ھەزرەت ھەم ئانى زاھىر كۆزى بىلەن كۆرمەپدۇر ئەردىلەر. مەنايۇ رۇھانىيەت يۈزىدىن تەربىيەت قىلىپ ئەردىلەر. بۇ جىھەتدىن ھەر كىشىنىڭكى بۇ تائىفەدىن زاھىر يۈزىدىن پىرى مەلۇم بولماسە ۋە مەشايىخدىن بىرسىنىڭ روھى ئانى تەربىيەت قىلغان بولسا، ئانى ئۇۋەيسىي دەرلەر»[6]. شائىر مەزكۇر كىتابىنىڭ پەرىدىددىن ئەتتار ھەققىدىكى بۆلىكىدە رۇمىينىڭ ئەتتار ھەققىدىكى سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ: «ئۇۋەيسىي ئىكەندۇرلار ۋە مەۋلانا جەلالىددىن رۇمىي سۆزلەرىدە مەزكۇردۇركى، شەيخ مەنسۇر ھەللاج نۇرى يۈز ئەللىك يىلدىن سوڭرا شەيخ فەرىددىن ئەتتار روھىغا تەجەللى قىلدى ۋە ئانىڭ مۇرەببىيسى بولۇپدۇر»[7] دەپ يازغان. دېمەك، شائىر تۆگىچى قەرەنىينىڭ پەيغەمبەرنى كۆرمەي تۇرۇپ ئاشىق بولغانلىقى ياكى ئۇنىڭ روھىغا چىن ئىخلاس قىلغانلىقى ھەققىدىكى بايانلىرى ئارقىلىق ئىسلام تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىدىكى «روھىدىن تۇغۇلۇش» مەنىسىدىكى «ئۇۋەيسچىلىك» ئەقىدىسىنىڭ شەكىللىنىش ئاساسىنى ئىزاھلىغان. قەرەنىيگە تەقلىد قىلىپ غەزەل - داستانلىرىدا ئۆزىنىڭمۇ تۆگە مىنىپ سەپەر قىلغانلىقىنى تەسۋىرلىگەن. شېئىرىدىكى ۋەزىن ئېھتىياجى بىلەن بۇ سۆز «ۋەيسى» دەپ ئېلىنغان. تۈركىي - ئۇيغۇر تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىدا بۇ ئەقىدە تونجى سوپىزمچى شائىر ئەھمەد يەسسەۋىي تەرىپىدىن راۋاجلاندۇرۇلغان. 15 - ئەسىردىكى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى ئۇۋەيسخاننىڭ شەخسىيىتىدىكى بەزى ئەھۋاللارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولمىسا كېرەك. كېيىن زەلىلىي قەلەمگە ئالغان دى-

نىي، تارىخىي ئۆلىما غوجا مۇھەممەد شەرىق «قەشقەر، يېڭىسار ۋە يەكەن رايونلىرىدىكى دىنىي پائالىيەت-
لىرىدە بۇ تەرىقەت مەزھىپىنى قۇرغان...»[8] «ئابدۇرەشىدخان غوجا مۇھەممەد شەرىفنى ۋە ئۇنىڭ ئۇۋەي-
سىيە مەزھىپىنى يۆلىگەن»[9]. دېمەك، مۇھەممەد سىددىق ياشىغان يىللاردىكى جەنۇبىي شىنجاڭدا بۇ ئې-
قىمنىڭ تەسىرى بولۇش ـ بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، شائىردا دىنىي تەسەۋۋۇپلۇق خاھىشى كۈچلۈك
بولغاچقا ئۇۋەيس قەرەنىينىڭ روھىغا سىغىنغان، ئۆزىنى ئۇنىڭ مەنىۋى روھىدىن تۇغۇلغان ئۇۋەيس، دەپ
قارىغان. شۇڭا، ئۇ مەشھۇر 39 ـ غەزىلىدە:

ئەگەر جۇشى قىيامەت زاھىر ئولسا ۋەھم قىلمايمەن،
كۇلاھى ـ خىرقەئى ۋەيسى قەرەن پۇشتى پەناھىمدۇر.

دەپ يازغانلىقى تاسادىپىي ئەمەس. شائىر رېئال ۋە خىيالىي سەپىرىدىكى تاۋاپ ـ ئىبادەتلەردە ئۇۋەيسىي-
نىڭ نامىنى تەكرار زىكىر قىلغان. 128 ـ غەزىلى ۋە 14 ـ مۇخەممەسىدە خوتەننىڭ نىيە ناھىيە قارا-
سايدىكى ئاتالمىش ئىمام جەئفەرى سادىق مازارى بىلەن «ئەبايۇ خىرقەۋۇ ۋەيسى قەرەننى تەۋاف ئەيلە-
گەن»لىكىدىن مۇڭلانغان. شائىر بۇ ئەقىدىسىگە شۇنچىلىك ھېسسىيات بىلەن بېرىلگەنكى، ھەتتا ئاخى-
رەتلىكىنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن رەسۇلىللاغا ئۇۋەيس قەرەنىينىڭ نامىدىن ئىسپات كەلتۈرمەكچى
بولغان. «كەلتۈرمىشەم» رادىفلىق غەزەللەرنىڭ بىرسىدە بۇ تەلقىنگە يېتەرلىك مىسال بار:

يا رەسۇلىللا، ماڭا مەھشەردە بەرگەيسەن نىجات،
ئىلتىجايى خىرقەۋۇ ۋەيسى قەرەن كەلتۈرمىشەم.

مانابۇلار زەلىلىي شېئىرىيىتىدىكى «ۋەيسى قەرەن» ئىشارىسىنىڭ ئەسىر مۇساپىلىرىدىكى مەنە قات-
لىمى بولۇپ، بۇ كىتابخانلاردىن بىلىم ۋە ئىجتىھات تەلەپ قىلىدۇ.

### 5) ئىمامى جەئفەرى سادىق

شائىر دىۋانىدا ئىككى ئاتالغۇنى ھەممىدىن كۆپ قوللانغان. بۇلار چىن ماچىن بىلەن ئىمام جەئفەر
سادىقتۇر. زەلىلىي يەتتە غەزەل ۋە بەش مۇخەممەستە ئىشارە سەنئىتىدىن پايدىلىنىپ تارىخىي شەخس —
جەئفەر سادىقنىڭ ئىسمىنى كەلتۈرگەن. ئۆزىنى بولسا ئىخلاسمەن مۇرىت، بۇ كىشىنى يۇقىرىدا نامى
تىلغا ئېلىنغان دىن ۋە تەسەۋۋۇپ ئەللامىلىرىگە ئوخشاش كامىل مۇرشىد ھېسابلىغان. بۇ ھەقتە 157 ـ
غەزەلنىڭ تۇگەللەنمىسىنى ئەسلەش كۇپايە:

زەلىلىي جەئفەرى سادىقنى دەيدۇ مۇرشىدى كامىل،
كى بۇرھانى كەلامىم جەئفەرى تەييار بولغايمۇ؟

ئۇنداقتا ئىمامى جەئفەرى سادىق (699 — 765) كىم؟ ئۇنىڭ شىنجاڭ بىلەن قانداق ئالاقىسى بار؟
بۇ كىشى ھەزرەت ئەلى نەسەبىدىن بولۇپ، شىئە مەزھىپىنىڭ ئالتىنچى ئەۋلاد ئىمامى. شىئە مەزھىپى-
دىكى «جەئفەرىيە» مەزھىپى ۋە ئون ئىككى ئىمامچىلارنىڭ ئاساسچىسى. سىياسىي بىلەن كارى بولمىغان،
ھەتتا خەلىپە بولۇش ھەققىدىكى تەكلىپلەرنى رەت قىلىپ، مۇدەررىسلىك قىلغان. كۆپ ۋاقتىنى تەبىئىي
پەنلەرنى، جۈملىدىن ئالگېبرا ئۆگىنىشكە سەرپ قىلغان. شۇڭا، «جەبىر، جەئفەر» دەپ ئاتالغان ۋە كېيىن

سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن.

قاراخانىيلار مىلادىيە 970 ـ يىللارغىچە نەچچە قېتىم خوتەننى ئىسلامغا كىرگۈزۈش ئۇرۇشلىرى ئېلىپ بارغان. بۇ ھەقتە مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە ئۇرۇش مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن قوشاقلاردىن پارچىلار كەلتۈرگەن. لېكىن، تارىخىي چىنلىق شۇنداق بولسىمۇ، بىر قىسىم تەسەۋۋۇپچىلار تەزكىرە يېزىش، جەڭنامە سۆزلەش ۋە مەدداھلىق قىلىشتەك ئۇسۇللار بىلەن ماكان، زامان جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە يېقىن كەلمەيدىغان ۋەقەلەرنى، يەنى ئۇيغۇرلارغا ئىسلامىيەتنىڭ تارقىلىشى بىلەن ئەرەب لەشكەرلىرىنىڭ دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرىنى ئۆزئارا باغلاپ، تەشۋىق ـ تەرغىبات ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە ئەجدادلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىسلاملاشتۇرۇش ئىشىنى نوقۇل دىنىي ھېسسىيات بىلەن قاراخانىيلاردىن ئىككى ئەسىر بۇرۇنقى ئىمامى جەئفەرى سادىق ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئۇرۇشى دەپ چۈشىنىش ئاۋام ئارىسىدا ئومۇملاشقان ئەنئەنىگە ئايلانغان. ھەتتا خوتەندە ئىمامى جەئفەرى سادىق ۋە ئۇنىڭ مازارى ھەققىدە بابا رەھىم مەشرەپنىڭ جاھان كەزدىلىكى بىلەن باغلانغان رىۋايەت تارقالغان. خوتەندە مەشرەپ غوجام نامى بىلەن تارقالغان بۇ رىۋايەتنىڭ مەلۇم بىر نۇسخىسى مۇنداق:

مەشرەپ غوجام ئىمام جەئفەرى سادىق توغرىسىدىكى جەڭنامە ـ رىۋايەتلەرنى كۆپ ئاڭلىغانىكەن. شۇڭا، قەدىمكى چىن ـ ماچىن دەپ ئاتالغان خوتەن دىيارىغا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ مازارىنى تاۋاپ قىلماقچى بوپتۇ ۋە «ئىمامى جەئفەرى سادىق يۈرگەن يول»نى بويلاپ يولغا چىقىپتۇ. چۆلدە ئۇزاق ئادىشىپ يۈرۈپتۇ ۋە بۇ دۇنيادا تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىدىن كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئۆلۈۋالماقچى بوپتۇ. بىر توغراقنىڭ ئۈچىغا چىقىپ بويىنىغا ئارقاندىن سىرتماق سېلىپ، بىر ئۇچىنى توغراق شېخىغا باغلاپتۇ ۋە غولاچلىرىنى كەڭ ئاچقانچە كۆككە قاراپ: «ئى خۇدايا، پاك پەرۋەردىگارا، مېنىڭ ساڭا قىلغان تائەت ـ ئىبادەتلىرىم ۋە يولۇڭدا تارتقان دەرد ـ رىيازەتلىرىم دەرگاھىڭدا مەقبۇل بولسا، يا ئىمامى جەئفەرى سادىقنىڭ نام ـ نىشانىنى ئايان قىل، يا جېنىمنى ئال» دەپ مۇراجىئەت قىلغىنىچە ئۆزىنى يەرگە تاشلاپتۇ. نەتىجىدە توغراقنىڭ شېخى سۇنۇپ، مەشرەپ ئۆلمەپتۇ. سۇنۇپ كەتكەن شاخ بولسا نېرىراقتىكى يەنە بىر توغراققا تىرىلىپ قاپتۇ. بۇنى خۇدانىڭ كارامىتى دەپ بىلگەن مەشرەپ قايتا توغراققا چىقىپ ئەتراپقا قارىسا، يىراقتا بىر دۆڭدىن «مۇشۇ دۆڭگە بەلگە سېلىپ قوي!» دېگەن غايىب سادا ئاڭلانغاندەك بوپتۇ. دەرۋىش دۆڭنىڭ يېنىغا بېرىپ 41 كېچە ـ كۈندۈز تائەت ـ ئىبادەت قىپتۇ، جەھرى ـ نەزم قېتىپتۇ. دۆڭلۈككە بىر تال شاخنى تۇغ ـ نىشان قىلىپ قاداپتۇ. كېيىن كىشىلەر بۇ يەرنى ئىمام جەئفەرى سادىقنىڭ قەبرىگاھى دەپ بىلىپ، ياغاچ ـ شەددىلەرنى سانجىپ تاۋاپ ۋە مازار سەيلىسى قىلىدىغان بوپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان ئاۋام ئارىسىدا دەردمەن ياكى ئېزىلگەن كىشى مازارلىقتا بېرىشتىن ئاۋۋال مەشرەپ ئۆلۈۋالماقچى بولغان توغراققا چىقىپ تەڭرىگە ئىلتىجا قىلسا، تەلىپى ئىجابەت بولارئىمىش، دېگەن رىۋايەت تارقىلىپتۇ. مەشرەپنى كۆتۈرەلمەي سۇنۇپ كەتكەن شاخ بىلەن يەنە بىر توغراق ئوتتۇرىسىدىن شەكىللەنگەن بوشلۇق نىيە تەۋەسىدىكى قاراسايدا «مەشرەپ دەرۋازىسى»، ئۇ گۈلخان قويۇپ ياتقان گەمە «مەشرەپ گەمىسى» دەپ ئاتىلىپتۇ.

ئەلۋەتتە، بۇ رىۋايەت بولۇپ، تارىخىي چىنلىقنىڭ ئۆزى ئەمەس. زەلىلىينىڭ شائىرلىق سۈپىتىدە مەلۇم دەرىجىدە تەسەۋۋۇپچىلىق مەۋجۇت بولۇپ، ئۇمۇ سەرگەردانلىق سەپىرىنى مەشرەپنىڭ ئىزىنى بويلاپ داۋاملاشتۇرغان. زەلىلىي ئوقۇمۇشلۇق زات بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىمام جەئفەرى سادىق مازارىنى خوتەن نىيەدىكى قاراسايدا دەپ تونۇغاندا، بۇ جەرياننىڭ تارىخىي قاتلىمىغا ئەمەس، بەلكى فولكلورلۇق مەنىسىگە كۆپرەك ئېتىبار قاراتقان. «كەلدىم» رادىفلىق127 ـ غەزىلىدە «ئۇنى تەرىقەت ئەھلىنىڭ مۇرشىدى بولغاچقا، مەرقەدىنى تاۋاپ قىلغىلى كەلدىم» دەپ يازغان بولسا، ئالتىنچى مۇخەممەسىدە جەئفەرى سادىقنى ئازغانلارنى توغرا يولغا باشلىغۇچى نىجادكار، تاۋاپ يولىدا دۈشمەن ئوق ـ مالامەت ياغدۇرسىمۇ

زەلىلىي پەسەنتىگە ئالمايدۇ، دېگەن مەزمۇننى مۇنداق ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن:

مەقامى جەئفەرى سادىقنى كۆردۇم بۇلئەجەب جايدۇر،
مەدارى مۇلكى تۈركىستان ئېرۇر ئاتى قاراسايدۇر،
ھىدايەت قىلغالى گۇمراھلارنى ھەر لەھزە چىرلايدۇر،
زەلىلىينى ئەدۇۋ گەر تىيرەباران قىلسا قورقمايدۇر،
ئىمامانى خوتەننىڭ چەھارباغىنى ھىسار ئەيلەپ.

بۇلاردىن شائىر لىرىكا ۋە داستانلىرىدا ئىشارە سەنئىتى سۈپىتىدە شۇنچىكىلا تىلغا ئالغان بەزى ئاتالغۇلار- نىڭ تارىخىي قاتلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى بىلىش تەس ئەمەس. زەلىلىيدىن كېيىن 19 ـ ئەسىردىكى شائىر نىمىز مولla قۇربان خەلق ئىچىدىكى چۆچەكلەر ئاساسىدا مەخسۇس «ئىمامى جەئفەرى سادىق» داستانىنى يازغان.

6) ئىبراھىم ئەدھەم

بۇ زات قەدىمكى زەردۇشت ۋە بۇددا مەدەنىيىتى مەركەزلىرىدىن بىرسى بولغان بەلخ شەھىرىدە تۇ- غۇلغان. ياشلىقىدا ياخشى بىلىم ئېلىپ، ئىلاھىيەت يولىغا ماڭغان. ئاز ۋاقىت بەلخ شەھىرىنىڭ ھاكىمى بولغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىبراھىم ئەدھەم شىكارغا چىقىپ بىر قۇلاننى ئېتىپتۇ. شۇ چاغدا قۇلان گويا ئىنساندەك زۇۋانغا كىرىپ: «ئەي شاھ، سەن ھىمايىسىز ھايۋانلارنى قىرغىن قىلىش ئۈچۈنلا تۇرەل- گەنمىدىڭ؟» دەپتۇ. ھوشسىزلىنىۋاتقان بىچارە ھايۋاننىڭ بۇ گېپى پادىشاھنى قاتتىق ئويلاندۇرۇپتۇ. شاھ ئوردىغا قايتىپ كېچىنى تۈۋا ـ ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ ئەتىگىنى قارىسا، ئوردا ئۆگزىسىدە بىر بەدەۋى چوپان ئۇيياقتىن ـ بۇياققا سالماق مېڭىپ يۈرۈگۈدەكمىش. ئىبراھىم ئەدھەم قاراۋۇللار ئارقىلىق ئۇنى تۇتۇپ كېلىپ: «سارىيىمنىڭ ئۆگزىسىدە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟» دەپ سورىغانىكەن، پادىچى: «يوقالغان تۆگەمنى ئىزدەپ يۈرىمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شاھ تونۇگۇنكى كۆڭۈل يېرىمچىلىقى بولغاچقا غەزىپىنى تەستە بېسىپ، ئۇنىڭغا: «سەھرادا يوقالغان تۆگىنى ئوردىنىڭ ئۆگزىسىدىن ئىزدەش ھاماقەتلىكقۇ؟» دې- گەنىكەن، چوپان: «تەختتە ئولتۇرۇپ، تەڭرىنى ئىزدەش بۇنىڭدىنمۇ ئۆتە ھاماقەتلىك ئەمەسمۇ؟» دەپتۇ. بۇ سۆز ئۇنىڭ بىر قەلبكە ئىنسان ۋە تەڭرىدىن ئىبارەت ئىككى ئىشق سىغمايدۇ، دېگىنى ئىكەن. بۇنىڭ- دىن تەسىرلەنگەن ئىبراھىم ئەدھەم ئىككىنچى كۈنى ئوردىنى تەرك ئېتىپ شاھلىق تونىنى قەلەندەرلىك كۆلاھىغا ئالماشتۇرۇپ، ئۆمرىنى تەرىقەت، تەقۋادارلىق ۋە سەيرى جاھان بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. زەلىلىينىڭ ئالتىنچى مۇخەممىسىدە: «چۇ ئىبراھىمۇ ئەدھەم ھەق يولىدا دەربەدەر بولغاي...» دەپ مۇڭلۇق بىر ئا- ھاڭدا كۈيلىگەنلىكى دەل مۇشۇ رىۋايەتكە قىلىنغان ئىشارىدۇر. رىۋايەتتە يەنە ئېيتىلىشىچە، ئىبراھىم ياخشى ئەمەللىرى بىلەن پادىشاھتىن شەيخۇل ـ ئەزەمگە ئايلىنىپ تەسەۋۋۇپ تەرىقىتىنىڭ ئاساسچىسى بولۇپ قالغان. ئۇ كىشىلەرنى نەزىر ۋە سەدىقىلەرنى ئالماي ھالال ئەمگەك بىلەن ياشاشقا دەۋەت قىلغان. ئىبراھىم ھاياتىنى ھەر كۈنى چۆلدە يانتاق چېپىپ، ئۇنى بازارغا يۈدۈپ كىرىپ سېتىش، دوراپۇرۇشلۇق قىلىش، جامائەت ئورۇنلىرىنىڭ تازىلىقىنى قىلىشتەك خالىس جاپالىق مېھنەت بىلەن ياشاپ 9 ـ ئە- سىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ۋاپات بولغان.

چۇ ئىبراھىمۇ ئەدھەم تەختۇ تاجىدىن گۇزەر ئەيلەپ،
ئۆزىنى ئاجىزۇ بىچارەۋۇ بىخانۇمان قىلماق.

زەلىلىي دىۋانىدىكى 90 ـ غەزەلدىن ئېلىنغان مەزكۇر بېيىت ئىشارە سەنئىتىدىن پايدىلىنىپ ئىبراھىم ئەدھەم ھەققىدە شەرقتە تارقالغان ناھايىتى كۆپ رىۋايەتلەرنىڭ ئوبرازلىق شېئىرىي مەنزىرىسىنى ئومۇملاشتۇرغان.

بەلخ ياكى خۇراسان تەختىدە ئىبراھىم ئەدھەم ئىسىملىك بىر تارىخىي شەخسنىڭ ئۆتكەن ـ ئۆتمەگەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، ئەرەب، پارس فولكلورىدا ئۇ ئىبرەتلىك سوپى ۋە خاكسار ساخاۋەتچىنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان. شۇ سەۋەبتىن ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «نەسايىمۇل ـ مۇھەببەت»تە: «ئىبراھىم ئەدھەمنىڭ ھالاتى بەغايەت كۆپتۇر، بىر كىتاب بىتسە بولۇر»[10] دەپ يازغانلىقى تاسادىپىي ئەمەس. قارىماققا ئىبراھىم ئەدھەم توغرىسىدىكى ھېكايىلەردە تەسەۋۋۇپقا خاس تەركىدۇنياچىلىق تەرغىب قىلىنغاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن بىز تەپەككۇر كۆزى بىلەن باقساق، ئۇنىڭ نېگىزىدە ھايۋانلارنى ئاسراش ۋە ئەمگەك سۆيەرلىكتىن ئىبارەت ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ ياتقانلىقىنى سېزىمىز.

7) شەمس تەبرىزىي ۋە جالالىددىن رۇمىي

مۇھەممەد سىددىق ئەدىبلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە زامانىسىنىڭ چوڭ بىلىمدانلىرىدىن ئىدى. ئۇ شېئىرلىرىدا تەبرىزىي بىلەن رۇمىي ۋە ئابدۇرەھمان جامىينى كۆپ قېتىم مۇرىد ـ مۇرشىدلىق ئىھتىرامى بىلەن كۈيلەپ ئەسلىگەن. زەلىلىينىڭ پارس ـ تاجىك ئەدەبىياتىدىكى بۇ ئۇلۇغ سىمالارغا ئەشارە قىلغان بېيىتلىرىنىڭ تىپىكلىرى مۇنۇلار:

«ھەزرەتى مەخدۇم جامىي بىرلە مەۋلانايى رۇم،
ھەر بىرى ۋەقتى بەلا پۇشتۇ پەناھىڭدۇر سېنىڭ.»

«نە مەۋلانايى رۇمىي ئۆزلۈكىدىن ئارىف ئولدىلار،
زەلىلىي، تەربىيەت تا قىلماغۇنچە شەمس تەبرىزىي.»

شائىرنىڭ 103 ـ، 195 ـ غەزەللىرىدىن ئېلىنغان بۇ پارچىلارنىڭ مەزمۇنى زەلىلىينىڭ نەزمىي تالانتى، ئەدەبىي ماھارىتى ۋە تەسەۋۋۇپ ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى موللاشتۇرۇشتا ئۇنىڭ نەزىرىنىڭ شەرقنىڭ مول تەپەككۇر دۇردانىلەر خەزىنىسىنىڭ سىرتىدا قالمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئىشارە سەنئىتى ۋاستىسى بىلەن بېيىتلاردا زىكىر قىلىنغان ئەللامىلەرنىڭ ئىچىدە شەمسى تەبرىزىينىڭ دەۋرى بۇرۇنراق بولۇپ، بۇ كىشى جەلالىددىن رۇمىينىڭ ئۇستازىدۇر.

تەخەللۇسىدىن مەلۇمكى، شەمسىددىن مۇھەممەد (1188 ــ 1248) تەبرىزدە تۇغۇلغان. 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كىچىك ئاسىيادىكى تۈركىيەنىڭ كونيا شەھىرىگە كېلىپ جەلالىددىن رۇمىي بىلەن تونۇشقان. ئۇ رۇمىيغا پەلسەپە ۋە سوپىزمدىن دەرس بەرگەن. كۆپلىگەن مەنبەلەردە رۇمىينىڭ شەخسىي كامالىتى ۋە ئالەمشۇمۇل مۇۋەپپەقىيىتىدە شائىر ۋە شەيخ شەمس تەبرىزىينىڭ تەسىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى تەكىتلەنگەن. بىر شېئىرىدا «ئەگەر ئەتتار ماڭا روھ بەخش ئەتكەن بولسا، شەمسىي تىلسىم ئاچقۇچىنى تۇتقۇزدى» دەپ يازغان. كونيادا روھىيەت بەزمىسى دەپ ئاتالغان نەي ـ راۋاب جورىلىكىدىكى ئۇسسۇل ـ سامالىق تەسەۋۋۇپلۇق ئېقىمنى ئەۋجىگە كۆتۈرگەن. دىن، تەسەۋۋۇپ جەھەتتىكى چوڭقۇر ۋە ئەركىن پەكىرلىكى سەۋەبلىك ھەمىشە رەقىبلىرىدىن مالامەت يەپ، كۆپ ۋاقتىنى سەرگەردانلىقتا ئۆتكۈزگەن. تۇرغان يەرلىرىدە مۇدەررىسلىك قىلىپ، يۈزلەپ شاگىرت يېتىشتۈرگەن. 1247 ـ يىلى بىر قېتىملىق

ئىسياندا ئىز - دېرەكسىز يوقالغان ياكى ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭدىن ئەۋلادلارغا «كىتابۇل - ئەسرار» ناملىق شېئىرلار دىۋانى بىلەن «ماقالات» ناملىق سۆھبەت - نۇتۇقلار توپلىمى مىراس قالغان.

شەرق ئېپىك شېئىرىيىتىنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بىرسى بولغان «مەسنەۋىيى مەئنەۋى»نىڭ ئاپتورى مۇتەپەككۇر ۋە پەيلاسوپ شائىر جەلالىددىن رۇمىي (1207 — 1273) دۇر. ئۇنىڭ دادىسى باھائۇددىن ۋەلەد زامانىسىدىكى ئەڭ چوڭ سوپى ۋە مەكتەپدار بولغاچقا، خارەزمشاھنىڭ ئوردىدا ئىشلەش تەلىپىنى رەت قىلىپ، نەچچە يۈز شاگىرتى بىلەن ئاۋۋال مەككىگە، كېيىن كىچىك ئاسىياغا كەتكەن.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر رۇمىيدىن ئىنسانىيەتكە قالغان ئەڭ چوڭ تۆھپە «پارس تىلىدىكى قۇرئان» دەپ ئاتالغان 26840 بېيىتلىق «مەسنەۋى» كوللىياتى بولۇپ، ئۇ بۇ ئەسىرى ئارقىلىق دۇنيا ھەققىدە ئىنسان ئەقلى بىلىشكە مۇمكىن بولغان كۆپ نەرسىلەرنى ئەكس ئەتكۈزگەن. رۇمىي «مەن شائىر ئەمەس، شېئىرنى يامان كۆرىمەن. پەقەت تەبلىغنى شېئىر بىلەن قىلىشنىڭ پايدىلىقلىقىغا ئىشەنگىنىم ئۈچۈن قولۇمغا قەلەم ئالدىم» دېگەن. «ئۆز دەۋرى دۇنيا خەلق ئىجادىيىنىڭ قامۇسى» دېيىلگەن بۇ ئەسەرىدە شەرق - غەربلىك ئالىملارنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى، تۈرلۈك دىن ۋە سوپىستىك ئېقىملار بىلەن مۇناسىۋەتلىك چۈشەنچىلەرنى ئوقۇرمەنگە ساددا شېئىرىي ئۇسلۇب بىلەن شەرھلەپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى، دىنىي، سوپىستىك قاراشلىرىنىڭ ھايات ھەقىقەتلىرىگە يېقىنلىقىنىڭ ئىسپاتى ئۈچۈن يۈزلىگەن رىۋايەت ۋە مەسەللەرنى كەلتۈرگەن. شۇڭا، ئوقۇرمەنلەر ئىنسان ۋە ھەق مۇھەببىتىنىڭ تۇتاشلىقى كۈيلەنگەن «مەسنەۋى» سەھىپىلىرىنى ۋاراقلىغاندا، ئۇنىڭ سوپىستىك مەنىسىنى تامامەن ئەستىن چىقىرىپ، لىرىك شېئىرىيەتنىڭ تەگسىز قوينىغا ئەسرار بولۇشىدۇ. لېكىن، رۇمىي شەمسىنىڭ مەنىۋى ئاشىقى بولغاچقا، ئەسەرلىرىدىكى كۆپلىگەن بۆلەك ۋە سۇژىتلارنى ئۇنىڭ كىتابىدىن ئالغان. دوستىنىڭ روھىنى تەن ۋە جېنىغا سىڭدۈرۈۋېلىش ئۈچۈن غەزەللىرىدە «شەمس تەبرىزىي» تەخەللۇسىنى قوللانغان.

جەلالىددىن رۇمىينىڭ يەنە بىر ئۇلۇغلۇقى شۇكى، ئۇ دىن ۋە مەزھەپ كۈرىشىنى نادانلىق دەپ قاراپ، پىسەنت قىلىپمۇ قويمىغان. ھەممە دىنلارنىڭ مەقسىتى بىر، يولى باشقا، دەپ ئەزىزلىگەن. ئۇنىڭ نامىزىغا يەھۇدىي ۋە خىرىستىيان ئالىملىرىمۇ قاتنىشىپ كۆز يېشى قىلىشقان. زامانىسىدىلا ئەرەبچە يېزىلغان شېئىرلىرى، گىرېك تىلىدىكى پارچىلىرى ۋە تۈركىي مىسرالىرىنى ھەرقايسى مىللەتلەر سۆيۈپ ئوقۇغان. تۈركىيەدىكى يۇنۇس ئەمرە باشلىغان خەلق ئاشىقلار شېئىرىيىتى بىۋاسىتە رۇمىي ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن. يەتتە يۈز يىلدىن بۇيان رۇمىي دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئالقىشلىنىپ كەلمەكتە. ئەتتار زامانىسىدىلا ئۇنىڭغا ئاتاپ «ئەسرارنامە» داستانىنى يازغان. جامىي «نەفەھاتۇل - ئۈنس»تا، نەۋايى «نەسايىمۇل - مۇھەببەت»تە جەلالىددىن رۇمىي ھەققىدە توختالغان. گىيوتى بىلەن گېگىل ئۆز تەلىماتلىرىغا رۇمىينىڭ سوپىستىك ئىنسانپەرۋەرلىك قاراشلىرىدىن پايدىلىق ئوزۇقلۇقلارنى قوبۇل قىلغان. بىزنىڭ ئەدىبىمىز مۇھەممەد سىددىق زەلىلىيگە ئوخشاشلا پاكىستانلىق مەشھۇر شائىر مۇھەممەد ئىقبال ۋە تۈركىيەلىك نازىم ھېكمەتلەرمۇ رۇمىينىڭ ھاياتبەخش بۇلىقىدىن سۇ ئىچكەن.

**8) نەقشبەند**

زەلىلىي دىۋانىدا پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى، «تەۋرات» قاتارلىق مۇقەددەس كىتابلار، ھەزرىتى ئادەم، شىبلىيدەك ئەۋلىيالار، يۇسۇپ - زۇلەيخا ۋە شەيخ سەنئاندەك ئاشىقلار، ھاتەم تەي، ھارۇن بۇغراخان، ئىبنى سىنا، كەيكاۋۇس، سوقرات ۋە پەرىدىن ئەتتار قاتارلىقلار بىلەن تەڭ ئەزىزلىنىپ ئىشارە قىلىنغان يەنە بىر شەخس باھاۋىددىن نەقشبەندىدۇر. بۇ مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، دىنىي، تەسەۋۋۇپ ۋە بەدىئىي تەپەككۇر ھاياتىدا زور تەسىرگە ئىگە شەخس. ئەلىشىر نەۋايىنىڭ «سەددى

ئىسكەندەر» (ئىسكەندەر سېپىلى) داستانىدىكى:

مۇسافىر بول، ئەمما ۋەتەن ئىچرە بول،
تىلە خىلۋەتۇ ئەنجۇمەن ئىچرە بول.

سەفەر ئەزمى دەۋزەخقە سانىيدۇرۇر،
ۋەتەن ھۇببى ئىمان نىشانىدۇرۇر.

دېگەن بۇ بېيىتلارنى نەقشبەندىيە سۇلۇكىدىكى «سەفەر دەر ۋەتەن، خۇش دەر دەم ۋە خىلۋەت دەر ئەنجۇمەندىن» ئىبارەت ئۈچ شوئارنىڭ ئوبرازلىق شېئىرىي ئىپادىسى دېيىشكە بولىدۇ. بۇلاردا شائىر يىراق ۋە ئۇزۇن سەپەر ھاياتىدىكى دوستلار ھەم ۋەتەننى تەرك ئېتىش ھېسسىياتىنى قارىلىغان. ئىقتىباس سەنئىتىدىن پايدىلىنىپ، پەيغەمبەرنىڭ «ۋەتەننى سۆيمەك ئىمان جۇملىسىدىن» ھەدىسى ئارقىلىق، قاراشلىرىنىڭ ھەقىقەتلىكىنى دەلىللىگەن. «ھەيرەتۇل ـ ئەبرار» (ھەيرەتتە قالغان كىشىلەر) داستانىنىڭ مۇقەددىمە بابلىرىنىڭ بىرسىنى مەخسۇس خاجە باھائۇددىن نەقشبەند بىلەن خاجە ئەھرار ۋەلىيگە بېغىشلىغان.

خاجەكى، نەققاشى سىپىھرى بەلەند،
بولغالى ھەر سەفھەسىغە نەقشبەند.

داستاننى ئوقۇۋېتىپ «نەقش» سۆزىنىڭ نەچچە ئون يەردە گويا تەكراردىن ئىبارەت بەدىئىي سەنئەت سۈپىتىدە يېنىشلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز. يەنە «لىسانۇت ـ تەير» (قۇشلار تىلى) داستانىنى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، نەۋايى نەقشبەندچىلىك تەرغىباتىنىڭ مەسىللىك شېئىرىي ھاسىلاتى دېيىش مۇمكىن. نەقشبەندىن كېيىن، تەلىماتلىرى ئۇنىڭ يۇزلىگەن سوپى ـ تالىپلىرىنىڭ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىن باشقا ئىسلام مەملىكەتلىرىگىچە غۇلاچ يايغان. نەۋايى قاتارلىق ئۇيغۇر كىلاسسىكلىرى ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا نەقشبەندچىلىك زەلىلىي لىرىكىسىنىڭ ئاساسىي ھېسسىي مۇتىفى بولۇپ قالغان. شۇ سەۋەبتىن زەلىلىي «سەپەرنامە» داستانىدا:

كۆركى بۇخارادا شەھى نەقشبەند،
مەئنى سىپىھرىدە مەھى نەقشبەند.

كىمكى تۇتسا سىلسىلەئى خاجەگان،
شەررى شەياتىنۇ بەلادى ئەمان.

دەپ يېزىپ، مەزكۇر سوپىستىك ئېقىمنى مەنىلەر ئاسمىنىدىكى يورۇق ئاي، شەيتانىي گۇناھلاردىن ساقلىغۇچى ھىدايەت يولى، دەپ كۆرسەتكەن بولسا، شائىر ئىككى يۈزلىمچىلىك قارىلانغان «شەھىنشەھلىك ئېرۇر دىلبەر» سەترىلىك بىر ئىشقىي تەسەۋۋۇپى غەزىلىدە نەقشبەندىيە تەرىقىتىنى گۈزەل قائىدە، ئۇ ئارقىلىق ئۈزلەتلەردە (ئەل كۆزىدىن چەتتە) ئىلاھ ئىشقى بىلەن سەرخۇشلۇق مەقامىغا يەتكىلى بولىدۇ، دەيدۇ:

تەرىقى نەقشبەندى ئاڭلادىم زىبا رەۋشلىكدۇر،
كۆڭۈل مەستى ئىلاھىي ئەل كۆزىدە پارسا بولماق.

زەلىلىينىڭ يەنە مەزكۇر بېيىتتا نەقشبەندىيەنىڭ «خىلۋەت دەر ئەنجۇمەندىن» شوئارىغا ئىشارە قىلغانلىقى ئۆز - ئۆزىدىن ئايان.

«نەقشبەندىيە» — مەركىزىي ئاسىيادا خاجە مۇھەممەد باھائۇددىن نەقشبەند (1318 — 1389)نىڭ نامى بىلەن باغلانغان يىرىك تەسەۋۋۇپ تەرىقىتى. نەۋايى «نەسايىمۇل - مۇھەببەت»نىڭ نەقشبەند قىسمىدا بۇ كىشى ھەققىدە توختىلىپ: «ھەقىقەت يۈزىدىن ئالار ئۇۋەيسىيدۇرلار ۋە تەربىيەتى ھەزرەتى خاجە ئابدۇلخالىق غىژدۇۋانى روھىدىن تاپىپدۇرلار»[11] دەپ خاتىرىلىگەن. تەسەۋۋۇپنىڭ بىلىمدانى، شەرقشۇناس بېرتېلىس نەقشبەندىيە تەلىماتىنىڭ ئاساسىنى ئىختىيارىي رەۋىشتىكى پەقىرلىق ئىدى، دەپ كۆرسەتكەن. چۈنكى، بۇ خىل تەرىقەت يولى جاھالەت كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى چىرمىۋالغان ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا ھاكىم تەبىقىنىڭ زۇلمىغا، تەركىدۇنياچىلىققا قارشى ئىدىيەۋى كۈرەشلەر داۋامىدا ئىلغار ئىدىيەۋى ئېقىم بولۇپ رويابقا كەلگەن، مۇسۇلمانلارنى ئۆمۈرنى زايە قىلماي پېشانە تەرى بىلەن جاپالىق ئەمگەك بەدىلىگە ھالال ۋە ئۈمىدۋار ياشاشقا دالالەت قىلغان. نەقشبەندىنىڭ ئۆزى بۇغداي ۋە ماش تېرىشتەك دېھقانچىلىق ئەمگىكى بىلەن كۈن كەچۈرگەن. ھەتتا ھالال ئەمەس دەپ، يۇقىرى تەبىقىنىڭ داستىخىنىغا بارمىغان. قىشتا قومۇش، يازدا بورىدا يېتىپ كۈن ئالغان. زەلىلىينىڭ «كىرمەگەيمەن جەننەتۇل - مەئۋاغا دىلبەر بولماسا» سەترىلىك 12 - غەزىلىدە:

نەقشبەندىيلەرگە نەقشى بورىيايى بەسدۇرۇر،
ئەتلەسى گەردۇن ئەگەر بالىنى بىستەر بولماسا.

يەنى، ئۇلارغا كۆك ئاسمان يېپىنچا، قارا يەر سېلىنچا، بورا نەقشى بولسا بەس، دەپ يازغانلىقى نەقشبەندىيە سوپىزمىنىڭ ماھىيىتىگە مۇۋاپىق پېقىرانە ھايات كارتىنىلىرى ئىدى. مەزكۇر سوپىستىك ئېقىم كىشىلەرنى ئىلىم - پەن، سودا، دېھقانچىلىق، ھۈنەرۋەنچىلىك، ئەدەبىيات، مۇزىكا، خەتتاتلىق، نەققاشلىق، رەسساملىق ۋە بىناكارلىق قاتارلىق تۈرلۈك مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ ھاياتلىق ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا چاقىرغان. شۇڭا، 15 - ئەسىرنىڭ كۆپلىگەن دۆلەت ئەربابلىرى، ئەدىب - ئالىملىرى ۋە سەنئەتكارلىرى مەزكۇر تەرىقەت تەلىماتىغا ئىجابىي يانداشقان. جۈملىدىن جامىي ۋە نەۋايى قاتارلىق ئىنسانپەرۋەر ۋە تەرەققىيپەرۋەر مۇتەپەككۇرلار نەقشبەندىيە يولىنى تۇتۇپ، ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەر، ئەمگەك سۆيەر، ئادالەتلىك ۋە مۇرۇۋۋەتلىك بولۇشتەك ئىلغار ئىجتىمائىي قاراشلىرىنى يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈپ تەسۋىرلىگەن.

مۇھەممەد سىددىق سوپىزمىنىڭ شىنجاڭدا ئاينىپ ئەكسىيەتچىلەشكەن دەۋرىدە ياشىغان.

شۇڭا، «سەپەرنامە»دىكى تۆۋەندىكى بېيىتنى ئۇنىڭ كىشىلىك ۋە بەدىئىي ئىجادىيەت قارىشى جەھەتتە نەقشبەندىيە روھىنىڭ سادىق داۋامچىسى ئىكەنلىكىنىڭ بېشارىتى دېيىشكە بولىدۇ.

دەرلەر ئانى سىلسىلەئى نەقشبەند،
ھەق يولىدا بوينۇما ياخشى كەمەند.

### 9) قاسىمى ئەنۋار

ژانىرلار تەرەققىياتىدا مۇخەممەسچىلىكنىڭ شۆھرىتى 14 - ئەسىرنىڭ ئۇلۇغ شائىرى ھاپىز خارەزمىينىڭ نامى بىلەن باغلانغان. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نەۋايى مۇخەممەسچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرغان

بولسىمۇ، لېكىن مەشرەپ بۇ ژانىرنىڭ ئاخىرقى يۇقىرى پەللىسىنى ئىگىلىگەن شائىر.

تەركى قىل كەۋنەيىن ئىچىنى گەر كۇلاھى ئىستەسەڭ،
بورىيا ئۈستىدە ئولتۇر تەختى شاھى ئىستەسەڭ.
چۈن فەتىلە ساچلارى تۇغدۇر گۇۋاھى ئىستەسەڭ،
ئەي زەلىلىي، پەرتەۋى نۇرى ئىلاھى ئىستەسەڭ،
خانەدانى ھەزرەتى شاھ قاسىمى ئەنۋار بول.

بۇ زەلىلىينىڭ تەسەۋۋۇپ روھىدىكى 15 ـ مۇخەممەسىنىڭ ئاخىرقى كۇپلېتى. گەرچە زەلىلىي مۇخەممەسلىرىنىڭ سانى ئازراق بولسىمۇ، لېكىن سوپىستىك غايىلىرىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە خەلقپەرۋەرلىك ئاھاڭلىرى بىلەن ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، لىرىكىلىق، مۇڭلۇق، ئاتەشلىك، گويا يىراقتىكى دەريا شاۋقۇنىدەك جۇشقۇن ۋە ئويناق بىر كەيپىياتتا ئەكس ئەتكۈزۈپ بەرگەنلىكى بىلەن مەشرەپكە مۇقابىل كېلەلەيدۇ. جۈملىدىن مەزكۇر مۇخەممەسنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئىشارە سەنئىتىنىڭ ۋاسىتىسىدە قاسىمى ئەنۋار (1355 ــ 1433) نىڭ نامىنى ئىمام جەئفەرى سادىق بىلەن مەنسۇر ھەللاج قاتارىدا تىلغا ئېلىشتۇر.

ئۇنداقتا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتشۇناسلىقىغا ئانچە كۆپ تىلغا ئېلىنمىغان تارىخى شەخس قاسىم ئەنۋار كىم؟ نەۋايى «نەسايىمۇل ـ مۇھەببەت»نىڭ «ئەمىر سەييىد قاسىم تەبرىزىي»[12] سەھىپىسىدە بۇ كىشى ھەققىدە چوڭراق سەھىپە ئاجرىتىپ توختالغاندىن باشقا، «مەجالىسۇن ـ نەفائىس» تەزكىرىسىنىڭ بىرىنچى مەجلىسىنى «ھەزرەتى ئەمىر قاسىم ئەنۋار... تەۋەررۇك بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ كىتابچە ئۇ زاتنىڭ ئۇلۇغ ئىسىملىرى بىلەن باشلاندى»[13] دەپ يازغان ۋە ئۇ توغرىسىدىكى مۇنداق بايانلارنى ئۇلاپ كەلتۈرگەن: «ئۈچ ـ تۆت ياش ئارىلىقىدىكى ۋاقىتلىرىمدا چوڭلار مېنى شېئىر ئوقۇشقا تەكلىپ قىلسا، بۇ بېيىت (قاسىم ئەنۋارنىڭ بىر پارىسچە بېيىتىنى دېمەكچى ـ ئا) نى ئوقۇپ بېرەتتىم. ئۇلار ھەيران قالاتتى... كېيىن ئۇ ھىراتقا قايتىپ كەلدى. چاغاتاي ئەمىرزادىلىرى بەلكى ھەممە يۇرت كاتتىلىرى ئۇنىڭغا مۇرىت بولدى... ئەل ئۇنىڭ نەزمىلىرىگە بەكمۇ مايىل بولۇپ، شېئىرلىرىنى ئوقۇشقا ۋە كۆچۈرۈۋېلىشقا ئىنتىلدى...»[14]. نەۋايىنىڭ بۇ بايانلىرى قاسىمى ئەنۋارنىڭ ئۇنىڭ بالىلىقتىكى ھەۋەسكار قەلبىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىش بىلەن بىللە، تۆمۈرىيلەر دەۋرى ئەدەبىياتى ۋە تەسەۋۋۇپىدا چوڭ تەسىرگە ئىگە شائىرلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

پارس تىللىق بۇ ئەزەربەيجان كلاسسىكىدىن «رىسالەئى دەر بەيانى ئىلىم» (بىلىم ھەققىدە رىسالە) قاتارلىق تەسەۋۋۇپ ۋە مەرىپەت تېمىسىدىكى ئەسەرلىرى مىراس قالغان بولۇپ، 1958 ـ يىلى تېھراندا ئۇنىڭ «كۇللىياتى» نەشر قىلىنغان. 1992 ـ يىلى تاشكەنتتە تۈركىي ئەدەبىياتتا مەشھۇر بولغان «مەسنەۋىلەر مەجمۇئەسى» كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. قاسىم ئەنۋەر يۇقىرىقى ئەسەرلىرىدە ئاللا، ئىنسان ۋە بارلىقنىڭ بىرلىكى ئاساسىدىكى تەسەۋۋۇپ قاراشلىرى بىلەن مەۋجۇت جەمئىيەت رېئاللىقىدىن نارازى بولۇش، ئادالەتسىزلىك، زاھىدلار ئىككى يۈزلىمچىلىكىنى قارىلاشتەك ئىلغار ئىجتىمائىي پىكىرلەرنى ئالغا سۈرۈپ، ئىنكىلەنگۈسى ئەخلاقلىق ۋە ئادالەتلىك جەمئىيەتكە ئۈمىد باغلىغان. تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىغىچە ئەسەرلىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قول يازمىخانىلاردا پىنھان ھالەتتە قالغان ۋە تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدا مۇلاھىزىلىك ھالەتتە تۇرۇۋاتقان قاسىمى ئەنۋارنى مۇھەممەد سىددىقنىڭ ئىشارە سەنئىتى ۋاسىتىسىدە شېئىرىدا كەلتۈرۈشى شائىرنىڭ چوڭ بىلىمدانلىقىنىڭ ئىسپاتىدىن ئىبارەت.

**10) خاجە ئەھرار**

زەلىلىي قەشقەر غوجىلىرى «مەخدۇمى ئەئزەم» دەپ پىر بىلىپ ئۇلۇغلىغان پەرغانىلىك خاجە ئەھمەد كاسانىي (1471 — 1543) ۋە ئۇنىڭ «ئاق تاغلىق» ھەم «قارا تاغلىق» ئەۋلادلىرىنىڭ ۋەھشىيانە سىياسىي، دىنىي ئۇرۇشلىرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن ئەنسىز زاماندا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. شۇڭا، شائىر دەۋر تەقەززاسى بويىچە بەزىدە ئۇ، بەزىدە بۇ گۇرۇھقا مايىللىق بىلدۈردى. 141 ـ غەزىلىدە ساتۇق بۇغراخان ۋە ئەھمەد كاسانىيدىن كېيىن ئىشارە سەنئىتى ئاساسىدا ئۆزىنى خاجە ئەھرارنىڭ ئەگەشكۈچىسى ھەم مەدھىيەچىسى قىلىپ كۆرسەتتى:

ھەزرەتى مەخدۇمى ئەئزەمدىن مەدەد بولغايمۇ دەپ،
مىسرەئى بەرجەستە باغلاي خاجەئى ئەھراردىن.

بىز مەزكۇر بېيىتنى مۇھەممەد سىددىق ئىشارە قىلغان باشقا ئاتالغۇلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، شائىرنىڭ تەسەۋۋۇپ تارىخى بىلەن ئىزچىل ھەم مۇكەممەل تونۇشلۇقىنى بىلەلەيمىز.

خاجە ئەھرار ۋەلىي (1404 — 1490) دەل سوپىزمنى ئىلغار يۆنىلىشكە بۇراپ، ئۇنىڭ كەڭ يېيىلىشىغا تۈرتكە بولغان روھانىي ئىدى.

مەركىزىي ئاسىيانىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي پىكىرلەر تەرەققىيات راۋاجىدا زور تەسىرگە ئىگە بولغان بۇ ئاقسۆڭەك ھېسابسىز زېمىن ۋە چارۋىدار بولغانىكى، ئوتتۇرا ئاسىيا دالالىرىدا كېتىۋاتقان مەشرەپ ئۆزى يولۇقتۇرغان يايلاق، يول ۋە ئۆتەڭ قاتارلىقلارنىڭ كىمنىڭلىكى ھەققىدىكى سوئاللارنىڭ ھەممىسىگە «خاجە ئەھرارنىڭ» دېگەن جاۋابنى ئاڭلاۋېرىپ، مىنىپ كېتىۋاتقان ئېشىكىدىن چۈشۈپ: «سەنمۇ خاجە ئەھرارنىڭ ئوخشايسەن» دەپ، كۆتىگە تېپىپ ھەيدىۋەتكەنىكەن، دېگەن رىۋايەت تارقالغان. خاجە ئەھرارنىڭ شەھەرلەردە ئونلاپ ھۈنەرۋەنچىلىك رەستىلىرى ۋە ئۇستىخانىلىرى بولغان. سودا كارۋانلىرى ماۋەرائۇننەھر ۋە خۇراساندىن تا ھىندىستانغىچە ئۈزۈلمەي قاتنىغان. بىراق، ئۇ بۇنداق غايەت زور بايلىقنى ھۆكۈمەتنىڭ خەلققە قويغان سېلىقلىرىنى تۆلەپ بېرىش، مەدرىسە، مەسچىت، كارۋان سارايلارنى سېلىش، يول ياساش قاتارلىق ئاۋام ئىشلىرىغا سەرپلىگەن.

نەۋايىنىڭ «نەسايىمۇل ـ مۇھەببەت»تە يېزىشىچە، «ئۇ خۇراسان مەشايىخلىرىدىن ھەزرەتى مىر سەييىد قاسىم ئەنۋار خىزمەتلىرىگە يېتىپدۇرلار ۋە مەۋلانا سەئدۇددىن كاشغەرىي بىلەن سۆھبەت تۇتۇپدۇرلار»[15]. «قول ئىش بىلەن، دىل يار (ئاللا) بىلەن» شوئارىنى ئۆز ئەمەلىدە كۆرسىتىپ، نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن بېيىشى ۋە يېيىلىشىغا تۈرتكە بولغان، بۇ ئىلرقىلىق كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىنى رېئال ھاياتنى قەدىرلەپ مېھنەت قىلىپ ياشاشقا دالالەت قىلغان. ئۇنىڭدىن جامىي ۋە نەۋايىلارنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر «ۋالىدىيە»، «ھەۋرائىييە» (ھۆرلەر) قاتارلىق مەنىۋى مىراسلار يادىكار قالغان.

خاجە ئەھرار ۋەلىي يەنە ئۆز تەسىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆزئارا قىرغىن قىلىشىۋاتقان تۆمۈرىيلەر شاھزادىلىرى ئوتتۇرىسىدا مۇرەسسەچىلىك قىلىپ ئاسايىشلىق سىياسىي مۇھىت يارىتىش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلغان، ھەتتا نەۋايى زامان مالامەتلىرىدىن جاق تويۇپ ئوردىدىن كەچمەكچى بولغاندا، ئۇنى «خەلققە مەدەت يەتكۈزۈش، ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىشتەك ئەڭ خەيرلىك ئىش ئۈچۈن ئوردا خىزمىتىدىن ئۈزىمالىڭ» دەپ مەكتۇپ ئەۋەتكەن. شۇ سەۋەبتىن نەۋايى «نەسايىمۇل ـ مۇھەببەت»تە «ئول رۇقئەلەرنى مۇرەققەئ ياساپ، مۇجەللەد قىلىپ، جەدۋەل ۋە تەكەللۇفات بىلە تەبەررۇك يۈسۈنى بىلە ئاسراپمەن»[16] دەپ

كۆرسەتكەن ۋە نەۋايى ھاياتلىقىدا بۇيرۇق قىلىپ توپلاتقان بۇ خەتلەر ھازىر ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ قول يازمىلار بۆلۈمىدە «نەۋايى ئالبومى» نامى بىلەن ساقلانماقتا.

11) ئەبەدىيلىك ئوبرازلار

دۇنيا ئىنسان بىلەن، ئىنسان بولسا ھايات بىلەن قىممەتلىك. شۇڭا، ئادەم ئۆلۈمنى يېڭىپ، چەكسىز ياشاشقا ئىنتىلىدۇ. قىشتا ھاياتتىن ئەسەرمۇ قالماي، ئۆلۈم ئۇيقۇسىغا كەتكەن ئۇسسۇملۇك، جانىۋارلارنىڭ باھار كېلىشى بىلەن بەرق ئۇرۇپ ياشىنىشى ئادەم ئەۋلادىغا مەڭگۈلۈكلۈك ئۈمىد بېغىشلايدۇ. دېمەك، تەبىئەتتىكى تەكرارلىق ئىنساننى شۇنىڭغا ئىلھاملاندۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسان تەپەككۇرىدا ئۇلارنى ئەبەدىي ھاياتقا ئىنتىلدۇرۇپ تۇرىدىغان ئابىھايات قاتارلىق مۆجىزىكار ئوبرازلار بارلىققا كەلگەن. ئادەم ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق خاسىيەتكە ئىگە بولۇشىنى ئارمان قىلىپ ئۆز تەسەۋۋۇرىدا ياراتقان بۇنداق خىسلەتلىك ئوبرازلارنىڭ بەزىلىرى كېيىنچە دىنىي ۋە دۇنياۋى ئەدەبىياتتا داۋام قىلغان. زەلىلىي لىرىكىسىدا ئەنقا، تۇتىيا، ھۆپۈپ، سۇمۇرغ، سەمەندەر، بۇركۇت، خىزىر، ئىسكەندەر، ھۇما، ئەيسا قاتارلىق خاسىيەت سىمۋوللىرىغا ئىشارە قىلىش ئارقىلىق نەزمىسىدىكى بەدىئىي غايە ۋە پىكىرىنىڭ چوڭقۇر، مەنىلىك ۋە گۈزەل بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇردى. بۇلاردىن ئەنقا ئىسمى بار، جىسمى يوق، ئەپسانىۋى قۇش بولۇپ، ئۆزى يوق قۇشنىڭ تۇخۇمىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ئەدەبىياتتا ئەنقانىڭ تۇخۇمى مەڭگۈ تېپىلماسلىقنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان.

«سېنى لەيلىيۇ رەئنادەك ئەجايىپ دىلرەبا دەرلەر» سەترىلىك ساپ ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭ ئايانچلىقى، دەردى ۋە سېغىنچى كۈيلەنگەن 52 ـ غەزىلىدە:

ئىتىڭنىڭ خاكى پايىغا زەلىلىي يۈزىنى سۈردى،
نىدا كەلدىكى قەسرىڭدىن، كۆزۈڭ سۈر تۇتىيا، دەرلەر.

دەپ يېزىپ، بۇ باقىيلىق سىمۋولىغا مۇراجىئەت قىلغان. 151 ـ غەزىلى ۋە 17 ـ مۇخەممەسىدە مەزكۇر بېيىتقا ئاھاڭداش ھالدا «ئىزىڭ تۇتىياسى» شېئىرىي بىرىكمىسىنى قوللانغان. مەشرەپ ھەققىدىكى رىۋايەتلەردە ئوغلىنى سېغىنىپ تولا يىغلاپ كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان ئانا — سەلىمە بىبى مەشرەپنىڭ جەندىسىدىكى توپا ـ چاڭنى پۇراپ، يۈزلىرىگە سۈرتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئېچىلغانلىقى سۆزلەنگەن. تۇتىيا ئەسلىي كىرىستال مىس ئۆۋۈقى بولۇپ، قەدىمدە ئەما كۆزنى ئېچىش ياكى غۇۋا كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە دەپ قارالغان. شائىر مانا شۇنداق فولكلورلۇق قاراشنى يۇقىرىقى پارچىدا ئىتىڭ دەسسىگەن توپا (يارنىڭ ھويلىسىغا قارايدىغان ئىت ـ ئا) ئىشقىڭدا يىغلاپ كۆرمەس بولغان كۆزلىرىمگە مەلھەمدۇر، دېگەن مەجازىي ئېستېتىك مەنە گۈزەللىكىگە كۆتۈرگەن.

سۇمۇرغ ۋە ھۆپۈپلەر بولسا نەۋايىنىڭ «لىسانۇت ـ تەير» داستانىدىكى ئادەملەشتۈرۈلگەن ئاساسلىق مەسەللىك ئوبرازلار. شائىر نەزمىسىدە بۇلارغا تەكرار ئىشارە قىلغان.

«پەيكى تەرىقەت ئەيلەپ قىلغاچ نەزەر سۇلەيمان،
قۇشلار ئىچىدە ھۇدھۇد گوياكى تاجدارى».

«ئىقلىمى مۇھەببەتنىڭ سۇلتانى قانائەتدۇر،
سىمۇرغ سىفەت مەنزىل چۇن قۇللەئى قاف ئەتتىم».

ھۆپۈپ «قۇرئان»دا تەسۋىرلەنگەن. رىۋايەتلەردە سۇلايمان (زەلىلىي شېئىرلىرىدا بۇ پەيغەمبەرگە ئىشارە قىلغان بېيىتلار تولىمۇ كۆپ) ئەلەيھىسسالام بىلەن ئامراق خانىشى بىلقىس ئوتتۇرىسىدا مۇھەببەت مەكتۇپى توشۇغان. سۇلايماندىن كېيىن ۋەزىرلىكتىن چەتنەشتۇرۇلگەچكە «ھۆ - پۈ - پۈپ» دەپ نالە قىلىپ سايرىغان. بۇ ئۇنىڭ «ئاللا - ئاللا» دەپ ئىلتىجا قىلغىنى ئىكەن. شۇڭا، ئۇنىڭ ئىسمىمۇ شۇنداق ئاتالغانىمىش. نەۋايى ئۆز داستانىدا پارسچە سۆز «سىمۇرغ»نى ئوتتۇز سانى ۋە بىر قۇش مەنىسىدە سۆز ئويۇنى قىلغان. شۇنداق قىلىپ، پۈتۈن داستانىنىڭ «كائىناتتىكى ھەممە شەيئى تەڭرىنىڭ نۇرى» دېگەن دىنىي - تەسەۋۋۇپلۇق مەزمۇنىنى بۇ ئىككى ھېكمەت «قۇتىسى»غا بېكىتىپ قويغان.

سەمەندەرمەن ۋۇجۇدۇم شۇئلەئى ئاتەشكە ئوخشايدۇر،
ياراشۇر ئەندەلىبىكى ھاۋايى بۇستان قىلماق.

زەلىلىينىڭ 12 -، 57 - ۋە 184 - غەزەللىرىدە ئەبەدىي گۈلخاندا ياشاپ نەسىل قالدۇرغۇچى بۇ ئوت چاشقىنى (سەمەندەر) تۈرلۈك ئىدىيە ۋە ھېسسىيات سۈپىتىدە تەسۋىرلەنسە، 90 - غەزەلدىكى بۇ بېيىت پۈتۈن غەزەلنىڭ تەسەۋۋۇپلۇق ئېرپانى تۈسىنى چوڭقۇرلاشتۇرغان. پارچىدا شائىر ئىلاھىي ئىشق كويىدا كۆيۈپ ئۆرتەنگۈچى ۋۇجۇدىنى ئوتتىكى سەمەندەرگە قىياسلىغان. بۇلار ئارقىلىق ئۆز شېئىرىيىتىدە بەدىئىي تەپەككۇر تارىخىمىزدىكى ئەنئەنىۋى ئوبرازلار سىستېمىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ۋارىسلىق قىلغان.

(1) بۇركۈت

بۇركۈت يۈكسەكلىكنىڭ سىمۋولى. ئۇ نەچچە چۈجە چىقارسىمۇ ئۆز ئارا چوقۇلاتقۇزۇپ ۋە بىرسىنى بىرسىگە يېگۈزۈپ ئاخىرىدا بىرسىنى قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭ مۇسكۇللىرىنى چىڭىتىش ئۈچۈن تاش يېگۈزىدۇ، ياكى ئېگىز قىيادىن يەرگە تاشلاپ قانات - قۇيرۇقىنى تاۋلايدۇ. شۇڭا، ئۇ رەھىمسىز بولۇپ يېتىشكەن. زەلىلىينىڭ «ئىشق ئەھلى ئالسا ئىزىڭ تۇتىياسىدىن» سەترىلىك غەزىلىدە مەجازىي بىر مەنىدە بۇركۈتنىڭ تۆۋەن تىپتىكى مەخلۇقلارنىڭ ئېھسانلىرى بىلەن سامادا پەرۋاز قىلالمايدىغانلىقىنى كۆرسەتكۈچى بېيىتلار ئۇچرايدۇ.

بۇركۈتى زۇلم بەسكى بەلەند ئەيلەدى ئۇرۇج،
يەتكەيمۇ تىيرى گۇشەنىشلەر دۇئاسىدىن.

لېكىن، بۇركۈت ھەققىدىكى تۆۋەندىكى چۆچەكتە شائىرنىڭ مەزكۇر قۇشقا ئالاقىدار شېئىرىي ئىشارىسىنىڭ مەنپىي گۈزەللىك يۈكسەكلىكىدە ئىپادىلەنگەنلىكىگە قايىل بولماي تۇرالمايمىز.

بۇرۇنقى زاماندا ئىككى نامرات دوست سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇلار يول يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، بىر سەھرادىكى يوغان تېرەكنىڭ سايىسىغا چۈشۈپتۇ. نانلىرىنى سۇغا چىلاپ يېگەچ پاراڭغا چۈشۈپتۇ:

— ناۋادا بېشىڭغا بەخت قۇشى قونۇپ، پادىشاھ بولۇپ قالساڭ نېمە ئىش قىلاتتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ بىرسى ئىككىنچىسىدىن:

— ئەگەردە، — دەپ گەپ باشلاپتۇ سەيياد، — تەلىيىم كېلىپ پادىشاھ بولۇپ قالسام، يۇرتتا ئەدلۇ ئادالەت ئورنىتىپ، كىشىلەر نېمىنى ئارزۇ قىلغان بولسا، شۇنداق مەقسەت - مۇرادلىرىغا يەتكۈزگەن بولاتتىم.

— كەمىنە پادىشاھ بولۇپ قالسام، — دەر ئىمىش يەنە بىر سەيياد، — بەنى ئادەم پۇشتىدىن بولغان بۇ نادانلارنى كەپەن ـ گەدا قىلىپ، ئادەم بولغانلىقىغا جاق تويدۇرغان بولاتتىم.

— سەۋەب؟

— سەۋەبى، بۇلار بىر گۇمراھ بولۇپ، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى بىلمەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئىككىنچى كۈنى بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. قارىسا ئوردا سېپىلى ئالدىدىكى مەيداندا مىغ ـ مىغ ئادەملەر قولىدا گۈش تۇتقان ھالدا ئاسمانغا قارىشىپ يۈگۈرۈپ يۈرۈشكۈدەك. ئايان بوپتۇكى، بىر كۈن ئاۋۋال بۇ يۇرتنىڭ ئەل بېشى ۋاپات بولغانىكەن، ۋارىس پەرزەنتى بولمىغاچقا، ئوردا دانىشمەنلىرى پادىشاھنىڭ قېرى بۈركۈتىنى ئۇچۇرۇپ، ئۇ كىمنىڭ بېشىغا قونسا شۇنى پادىشاھ قىلىشنى قارار قىلغانىمىش. پەلەكنىڭ گەردىشى بىلەن بۈركۈت ھېلىقى زالىم سەيياھنىڭ بېشىغا قونۇپتۇ... ۋەزىرۇ دانىشمەنلەر بەخت قۇشى قونغان كىشىنىڭ مۇساپىر ئىكەنلىكىنى بىلىپ بۈركۈتنى ئارقىمۇ ئارقا ئۈچ قېتىم ئۇچۇرغانىكەن، ئوخشاشلا شۇنىڭ بېشىغا قونۇپتۇ. ئاقىۋەت يۇرت ئەھلى يولۇچىنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. يولۇچى پادىشاھ بولغاندىن كېيىن زالىملىق ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپتۇ، باج ـ سېلىقنى كۆپەيتىپ، كىشىلەرنى قاق سەنەم قىپتۇ، ئادالەتسىزلىك ۋە زۇلۇمنى كۈچەيتىپ، كىشىلەرنى دىر ـ دىر تىترىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇنىڭ دوستىنى تېپىپ دەرد ـ شىكايەت ئېيتىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن پادىشاھنى ئىنسابقا چىللاشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

— سەن بۇ ئىشلارغا ئارىلاشما، — دەپتۇ پادىشاھ دوستىنى شاھانە كۈتكەچ، — ئەگەر مەن بۇلارغا زۇلۇم قىلغان بولسام، ئۆزلىرىنىڭ ئىتتىپاقسىزلىقى ۋە نادانلىقىدىن كۆرسۇن. ئۇلار لەنتىيلەر بولمىسا، ئەقىلسىز بىر قۇشنىڭ ھەرىكىتىگە ئىشىنىپ مەندەك مۇساپىر بىر ياللاكتوشنى ئۆزلىرىگە پادىشاھ قىلماس ئىدى. ئۇلار بېشىغا كەلگەن بۇ كۈنلىرىنى ئۆزىنىڭ شۇملۇقىدىن كۆرسۇن، رەھىم ـ شەپقەت نە دەركار ئۇلارغا؟ دانا خەلققە دانا پادىشاھ، نادان خەلققە نادان پادىشاھ لايىقتۇر، — دەپتۇ.

زەلىلىي «بولمىسا» رادىفلىق بىر غەزىلىدە ئاشۇ چۆچەكتىكىدەك خۇراپاتلىق ۋە نادانلىق قاپلىغان ئەل ئۈستىدىن «غەفلەت ئەھلىنى بۇ ئىسيان بىرلە يەر يۇتغاي ئىدى» دەپ دادلىغان. پادىشاھنىڭ پاراسەتلىك، ھوشيار، يىراقنى كۆرىدىغان، تەدبىرلىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلغان. خەلقنى مەرىپەتپەرۋەر، ئىناق ۋە ئۆز يۇرت ـ ماكانىنى قوغدايدىغان بولۇشقا چاقىرغان. كەلتۈرۈلگەن چۆچەكتەك شاھ ۋە رەئىيەتنى پاجىئەدىن ئاگاھلاندۇرۇپ، چوڭقۇر شېئىرىي پىكرىنى ئالغا سۈرگەن.

سەيد بىپەرۋا يۈرەر گەر شاھبازىي بولماسا،
مەملىكەت ۋەيران بولۇر شاھنىڭ ئايازى بولماسا.

بۇ مىسرالاردىن يەنە زەلىلىينىڭ چۆچەكتىكى ھەققانىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە مۇساپىردەك غايىۋى ئادالەتلىك جەمئىيەتكە بولغان تەلەپ ـ ئارزۇلىرىنىمۇ ھېس قىلىش مۇمكىن.

(2) ھۇما

ۋادەئى ھەيرەتدە ئەزبەسكى ھەرارەت چەكمىشەم،
سايە بەخش ئولغىل مېنىڭ باشىمغا گوياكى ھۇما.

زەلىلىي «ئەي تولۇن ئايىنى بېشارەت بىرلە بۆلگەن مۇستەفا» سەترىلىك دىنىي ـ تەسەۋۋۇپ مەنىسى

دىكى 3 ـ غەزىلىنىڭ ئۈشبۇ بېيىتىدا ئۆزىنىڭ ۋەتىنىنىڭ چۆللىرىدىكى ھەقىقەت ئىزدەش سەپىرىنى نەۋايىنىڭ «لىسانۇت ـ تەير» داستانىدىكى يەتتە ۋادىنىڭ بىرسى بولغان «ھەيرەت ۋادىسى»غا ئىشارە قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق بىر تەرەپتىن، نىجاتلىق ئارزۇسىنىڭ ھۇما قۇشىدەك بېشىغا سايە تاشلىشىنى ئۈمىد قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، جاھالەتلىك زاماندا ئۆزى ئىزدىگەن ئادالەت ۋە بەختنىڭ ھۇما قۇشىنىڭ كۆزىدەك ئەپسانىۋى نەرسە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ.

شەرق خەلقلىرى ئاغزاكى شېئىر ئىجادىدا «ھۇماي» دەپمۇ ئاتىلىدىغان بۇ ئەپسانىۋى بەخت قۇشىنىڭ تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرىنىڭ بېشىغا قونۇپ، كۆرسىتىلگەن چۆچەكنىڭ ئەكسىچە يۇرتنى ھەققانىيەت بىلەن سورىغانلىقى ھەققىدىكى مىسال ۋە مۇتىفلار نۇرغۇن. لېكىن، قالتىس شائىر زەلىلىينىڭ بەدىئىي سەنئەتلەر ئۇستىخانىسىدا خىيال قۇشىنى پەرۋاز قىلدۇرۇپ، لىرىك نەزمىياتىدا ھۇما ھەققىدىكى باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ئاجايىپ بىر رىۋايەتكە ئىشارە قىلىشى دىققىتىمىزنى تارتماي قويمايدۇ.

ھىرات پادىشاھى شامىراننىڭ ئوغلى بادام ھۇما قۇشىنىڭ بويىنىغا يۆگىشىپ ئۇنى چاقماقچى بولۇپ تۇرغان يىلاننى ئوقيا بىلەن ئېتىپ، قۇشنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قاپتۇ. ئىككىنچى يىلىنىڭ ئەنە شۇ كۈنى پادىشاھ بېغىدا سەيلە قىلىۋاتسا، ھۇما قۇشى بىر نەرسىنىڭ ئۇرۇقىنى چىشلىگىنىچە كېلىپ شاھنىڭ ئالدىغا تاشلاپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. شامىران بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ، ئۇرۇقنى باغۋەنگە بېرىپ پەرۋىشلەپ ئۆستۈرۈپتۇ. ئۆسكەن تال مېۋىلەپتۇ، لېكىن بۇنداق مېۋىنى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغانىكەن. مېۋىنى قانداق يېيىشنى بىلمىگەن ۋەزىرلەر ئاخىر بۇنىڭ پايدىسى شەربىتىدە بولسا كېرەك، دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرىپتۇ. نەتىجىدە باغنىڭ ئۆزىگە خۇمرا كەلتۈرۈپ، ھەممە مېۋىنى سىقىپ سۈيىنى ئۇنىڭغا سېپتۇ. باغۋەن دەسلەپتە ئۇنىڭ قايناپ چىققانلىقىنى، كېيىن بولسا سۈپسۈزۈك تىنغانلىقىنى كۆرۈپ، پادىشاھقا خەۋەر قىپتۇ. شەربەت تىنىپ قىزىل ھالەتكە كەلگەندە، ئۇنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان گۇناھكارنى ئېلىپ كېلىپ، ئۈچ كاسا ئىچۈرۈپتۇ. گۇناھكار روھلىنىپ نە پادىشاھ، نە ۋەزىرلەرگە پىسەنتمۇ قىلماستىن شاد ـ خۇرام ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئەتىسى جىنايەتچى ئويغانغاندىن كېيىن پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. شاھ ئۇنىڭدىن تۈنۈگۈن نېمە ئىچكەنلىكىنى ۋە قانداق ھېسسىياتتا بولغانلىقىنى سوراپتۇ.

— نېمە ئىچكەنلىكىمنى بىلمەيمەن، ئەمما ناھايىتى ياخشى ئىچىملىك ئىكەن. بۈگۈن يەنە شۇ مېھرىبان شارابتىن ئۈچ كاسا بولسا قانداق ياخشى بولاتتى، تەمى ئاچچىقراق ئىكەن، بىرىنچى قەدەھنى قىيىنلىپراق ئىچتىم. ئىككىنچى قەدەھنى ئىچكەندە، دىلىمدا شاد ـ خۇراملىق قوزغالدى، كۆزلىرىمدىن شەرم ـ ھايانىڭ پەردىسى كۆتۈرۈلدى، بارلىق ئەندىشە ـ قورقۇشلارنى ئۇنتۇپ ئۆزۈمنى ئاجايىپ ئەركىن، پادىشاھتەك ھېس قىلدىم. ئۈچىنچىسىنى ئىچكەندە بولسا ئۇگدەپ، شېرىن ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ پادىشاھنىڭ ھەيرانلىقى ئېشىپتۇ. گۇناھكارنى ئۆلۈمدىن ئازاد قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تېۋىپلار شارابتىكى بۇنداق خۇسۇسىيەت ھېچقانداق تائام ۋە مېۋىدە يوق، بۇ ئەڭ ياخشى ئىچىملىك ئىكەن، دەپ باھالىشىپتۇ. شاھ شامىران ۋە باشقا ھىرات پادىشاھلىرىنىڭ شاراب ئىچىپ بەزمىلەر قۇرۇشى شۇنىڭدىن باشلىنىپتۇ. ئۈزۈم شارابى ھىراتتىن پۈتۈن جاھانغا تارقاپتۇ.

لېكىن، زەلىلىي دىۋانىدا ھۇما بىلەن شارابنى تەسۋىرلىگەندە، بۇ شېئىرىي ئوبرازلارنىڭ ماددىي مەنىسىدىن كۆرە، مەنىۋى مەزمۇنىغا كۆپرەك ئەھمىيەت بەرگەن. شائىرنىڭ 38 ـ، 76 ـ، 89 ـ ۋە 127 ـ غەزەللىرىدە قەيت قىلىنغان ھۇما ئەمەلىيەتتە، يارنىڭ ۋىسالى مەنىسىدە بولۇپ، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، بۇ شائىرنىڭ سەرگەردانلىق سەپىرىدە يەتمەكچى بولغان غايىۋى ھەقىقەتنىڭ سىمۋولى ئىدى. بۇ نۇقتىنى «كەلدىم» رادىفلىق تۈركۈم غەزەللەردىكى مۇنۇ بېيىت مەزمۇنىدىن روشەن بىلگىلى بولىدۇ:

هۇمايى دەۋلەتىڭنىڭ سايەسى تۇشكەيمۇ دەپ، شاھا،
زەبەردەست چۆللەرىڭنى تەي قىلىپ تۇر ئۇستىخان كەلدىم.

شائىر ئۆزىنىڭ «قەدەھ» رادىفلىق 30 ـ، «ئىشق» رادىفلىق 83 ـ، 86 ـ ۋە سۆيگۈ ھەققىدىكى قاتار غەزەللىرىدە «جامى جەم»، «جاھان مەيخانىسى»، «ساقىي»، «پىر»، «مۇغان» ۋە «بادە» قاتارلىق تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتى ئاتالغۇلىرىنى ئىشلىتىپ، ئۆزىنىڭ ئاشىقانە ھالى ۋە روشەن بىپەرۋالىق خاراكتېرىنى ئىپادىلىگەن. «سېنى جان، پادىشاھىم، ئەۋلىيا ساھىبقىران دەرلەر» سەترلىك دىنىي ـ تەسەۋۋۇپ غايىسىدىكى غەزىلىدىكى:

مېنى بىر قەترە مەي بىرلە... مەستى ئەبەد قىلغىل،
سېنى سۇبھى ئەزەلدىن ساقىيى پىرى مۇغان دەرلەر.

بېيىتنىڭ مەزمۇنىدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇنىڭدا زەللىلىنىڭ لىرىك قەھرىمانى ئەزەلىي كۈچ ـ قۇۋۋەت ئىگىسى بولغان «ساقىي»، «پىر»، «مۇغان»نىڭ «ئەجەل شارابى»دىن ئىبارەت «بىر قەترە مەي» بىلەن «مەستى ئەبەد»لىككە بولغان روھىي ئارزۇسىنى نامايان قىلغان. گەرچە شائىر 16 ـ غەزىلىدىكى:

مەرھەبا ساقىي خۇمارىمنى بۇ كۈن دەفئ ئەيلەسەڭ،
شىشەئى ساغەرنى تولدۇرغىل قويۇپ گۈلگۈن شەراب.

بېيىتى ئارقىلىق كىشىگە يۇقىرىقى رىۋايەتنىڭ ئوبرازلىق شېئىرىي تەسۋىرىدەك تەسىرات ئاتا قىلسىمۇ، لېكىن زەللىلىنىڭ شاراب سىمۋولىدا ئەجداد ئەدىبلەرگە سېلىشتۇرغاندا، ئىجتىمائىي ئاھاڭلار كۈچەيىپ بارغان. دېمەكچىمىزكى، مۇھەممەد سىددىق قەلەمگە ئالغان مەي ـ شاراب بىلەن ئۆمەر ھەييام، نەۋايى بەدىئىي تەسۋىرىگە تەئەللۇق مەي ـ شاراب تارىخىي قاتلام ۋە ماددىي ـ مەنىۋى ئىشارە جەھەتتىن پەرقلىق ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان. ئالدى بىلەن ھەييام ۋە نەۋايى ئوردا كىشىلىرى بولغاچ شارابنىڭ كەيپىياتىنى ھېس قىلىپ تۇرغان. شۇڭا، ھەييام ئۆمۈر بويى مەي ـ شاراب ھەققىدە يازغىنى بىلەن ئۇنى ئېغىزىغا ئېلىپ باقمىغان دېگەن تەلقىننى ھەقىقەت ۋە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن دېگىلى بولمايدۇ. نەۋايىنىڭ ئۆيىدە پات ـ پات بولۇپ تۇرىدىغان بەزمە ـ سۆھبەتلەر داستىخىنىنىڭ ئەھۋالىمۇ بۇ قاراشنىڭ خاتا ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ رۇبائىي ۋە لىرىكىلىرىدىكى مەي ـ شاراب مەنزىرىسى ھەم ماددىي، ھەم مەنىۋى مەنىگە ئىگە. ئەمما، زەلىلىي تۆۋەن تەبىقىنىڭ شائىرى، ئۇنىڭ نەزمىياتىدا كىلاسسىك تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتىگە خاس مەي ـ شاراب تەسۋىرى بارغانچە سۇسلاپ، 18 ـ ئەسىرگە خاس رېئال سادالار كۈچىيىپ بارغان. شۇڭا، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى بادە ـ شاراب ئاتالغۇسى ماددىي مەنىدىن كۆرە رېئال ئىجتىمائىي خاھىشلارنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان. 42 ـ غەزىلىدە «لالە ياڭلىغ خۇنى ھەسرەتدىن ئاياغىم بار» دەپ، كۆڭۈلدىن ئىبارەت مەۋھۇم دۇنيانى ئاياق ياكى جامدىن ئىبارەت كونكرېت شەيئىگە يۇشۇرۇن ئوخشىتىپ ئىپادىلەش ئارقىلىق، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئىسيانكارلىق روھىي كەيپىياتىنى ئىپادىلىدى. نەچچە مىڭ يىللىق كونا شەرق ئەدەبىياتىدىكى ئىشق بەلگىسى بولغان شارابقا ئىجتىمائىي تۈس بېرىپ، ئۇنىڭدىن رېئال ئادالەتسىزلىك، مالىمانچىلىق، خورلىنىشلىق ۋە تەپرىقىچىلىققا نارازىلىقنى ئىپادىلەشتىكى ئوبرازلىق بەدىئىي ۋاستە سۈپىتىدە پايدىلاندى. زەلىلىي لىرىكىلىرىدا «غەپلەت شارابى» كەلتۈرۈلگەن رىۋايەتتىكىدەك «مېھرىبان شاراب» ئاتالغۇلىرىنى ئىشلىتىپ، زامان زۇلمىدىن قان ـ

لەختە بولغان قەلب دەردلىرىنى كىلاسسىك شەكىلدە سەنئەتكارانە رەۋىشتە ئىپادىلەپ، ئەينى دەۋر رېئال ـ
لىقىنى ئۆتكۈر تىل قامچىسى ئاستىغا ئالدى. دىۋاندىكى 34 ـ غەزەلنىڭ باشلانمىسىنى بۇ ھەقتىكى
تەلقىنلىرىمىزنىڭ ئوبرازلاشتۇرۇلغان ھېكمەتلىك شېئىرىي يەكۈنى دېيىشكە بولىدۇ.

سەبا سەھرايى غەمدىن لالەگۈن جامى جۇنۇن كەلتۇر،
كى دەۋران ساغەرىدىن مەي كېرەكمەس، بۇيى خۇن كەلتۇر.

(3) خىزىر ۋە ئىسكەندەر

«ئول قاراڭغۇ كېچەكىم يوقتۇر ماھى تابان ئاڭا،
زۇلماتىيدۇركىم، ئانىڭ سەرچەشمەئى ھەيۋانى يوق».

«بەقا سەرچەشمەسى زۇلماتدە دەرلەر يوقكى، ئول زۇلمات،
سكەندەر ئاھى ئوتىدىن يوغىلغان دۇدى خىرماندۇر».

ئاۋۋالقىسى نەۋايىنىڭ «ياردىن ئايرۇ كۆڭۈل» سەترىلىك غەزىلىدىكى، كېيىنكىسى بولسا «بەدايىئۇل ـ
ۋەسەت»تىن ئېلىنغان بېيىت. بىزنىڭ توختالماقچى بولغىنىمىز، بېيىتتىكى خىزىر ۋە ئىسكەندەر بىلەن
ئالاقىدار بولغان «سەرچەشمەئى ھايۋان» ۋە «سەرچەشمە» ئاتالغۇسى. بۇ ئىبارىگە لۇغەتلەردە «تىرىكلىك
سۈيى، ئىچكەن ئادەم ئەبەدىي ياشايدۇ دەپ قارىلىدىغان سۇ» دەپ تەبىر بېرىلگەن. شۇنداق بولغاندا يۇقى ـ
رىقى ئىككى بېيىتنىڭ شەرھى «ئايسىز تۈن ــ ئابىھاياتى بولمىغان زۇلمەت، زۇلمەتتە مەڭگۈلۈك ھايات ـ
لىق سۈيى بولمىغان» دېگەنلىك بولىدۇ. نەۋايىدىن كېيىن زەلىلىي جەمئىي ئالتە غەزىلىدە ئىشارە سەن ـ
ئىتىدىن پايدىلىنىپ «مەڭگۈ تىرىكلىك سۈيى»گە ئالاقىدار خىزىر ۋە ئىسكەندەر ئىسىملىرىنى كەلتۈ ـ
رۈپ، بېيىت ۋە غەزەلنىڭ ئىچكى مەنە قاتلىمىنى كېڭەيتكەن ۋە تېرەنلەشتۈرگەن. 80 ـ غەزىلىدە:

بەسكى سكەندەر بولمىشەم بۇ زۇلمەت ئىچىدە مەن،
چەشمەئى خىزىر تاپمادىم مۇنچەدىن ئەيلەدىم سوراغ.

دەپ يازغان. ئۇنداقتا بېيىتتا تەسۋىرلەنگەن چەشمەئى خىزىر نېمە؟ ئىسكەندەرنىڭ زۇلمەت ئىچىدە يۈ ـ
رۈشى قانداق گەپ؟ رىۋايەتلەردە بوۋاي ھالىتىدە تەسۋىرلەنگەن ئاپپاق ساقاللىق خىزىرنىڭ خاسىيەتلىك
ئوبرازلىقى ھەممىگە مەلۇم. ئېيتىلىشىچە، جاھاننى ئىگىلىگەن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن مەڭگۈ ئۆلمەسلىك ـ
نىڭ دورىسى ــ تىرىكلىك سۈيى بولغان ئابىھاياتنى ئىزدەپ چۆلدە كېتىۋاتسا، ئۇنىڭغا خىزىر ئۇچراپ ـ
تۇ. «قىسسەسۇل ـ ئەنبىيا»نىڭ 36 ـ بابىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، خىزىر ئەلەيھىسسالام ۋەزىر سۈ ـ
پىتىدە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننى باشلاپ ماڭغان. ئۇلار بىرلىكتە قاراڭغۇ زۇلمەتنىڭ ئىچىدىن تىرىكلىك
سۈيىنى ئىزدەپ تېپىپتۇ. خىزىرغا ئابىھاياتنىڭ قەيەردىلىكى مەلۇم ئىكەن. خىزىر قۇدۇقتىكى زەمزەم ـ
دىن ئىچىپ، مەڭگۈ ئۆلمەسلىكنىڭ شەرىپىگە ئىگە بوپتۇ. بىراق، خىزىر ئىلتىپات قىلمىغان ياكى ئۇ ـ
نىڭغا ئابىھاياتتىن بېرىش بۇيرۇلمىغان بولسا كېرەك، ئىسكەندەرگە بۇ سۇدىن ئىچىش نېسىپ بولماپتۇ.

زۇلماتدىن ئول سكەندەر چىقماسلىق ئەردى مۇمكىن،
خىزرى مۇرۇۋۋەت ئەيلەپ ئەمداد ئەگەر قىلماسا.

شائىرنىڭ «قىلمىسا» رادىفلىق 13 ـ غەزىلىدىكى ئۇشبۇ بېيىتنىڭ بەدىئىي مەنزىرىسىگە كۆرە، تېخى خىزىر ئىسكەندەرگە مۇرۇۋۋەت قىلىپ ئۇنى يورۇقلۇق دۇنياسىغا ئاچىقىپ قويغان، ئەكسىچە بولسا ئۇ مەڭگۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالاتتىكەن... دېمەك، «بەسكى سىكەندەر بولمىشام» بېيىتىنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنىدا مانا شۇنداق ئەپسانە ياتىدۇ. زەلىلىي لىرىكىلىرىدا ئوخشاشمىغان نۇقتىدىن بۇ گۈزەل ئەپسانىگە ئىشارە قىلىش ئارقىلىق، ھىجران دەشتىدە قېلىپ ھەقىقەت ئىزدەش سەپىرىدىكى تەنھالىقىدىن نالە قىلغان. يۇقىرىقى بەدىئىي تەسۋىر ئاساسىدا ئەمدى بىز خىزىر ۋە ئىسكەندەرگە دائىر مىسرالارنىڭ مەزمۇنىنى چوڭقۇر ئىدراك قىلالايمىز.

خىزرى ياڭلىغ لەبلەرىنىڭ چەشمەسىن ئايغان خەبەر،
مىسلى سىكەندەر سوراغى ئابى ھەيۋان ئەيلەمەس.

مانا بۇ شائىرنىڭ «ئەيلەمەس» رادىفلىق ئىشق تەسەۋۋۇپى غەزىلىدىن ئارىيە. ئاشۇنداق باغلاپ چۈشەنگەندە شائىرنىڭ غەزەلدە «سېنىڭ لەبلىرىڭنىڭ تىرىكلىك سۈيى ماڭا خىزىرغا ئوخشاش مەڭگۈلۈك ھاياتبەخش قىلىدىغان تۇرسا، ئىسكەندەردەك ئابىھايات ئىزدەشنىڭ يەنە نېمە كېرىكى بار» دېمەكچى بولىغانلىقى ئايان بولىدۇ. لېكىن، زەلىلىينىڭ شېئىرىي تەپەككۇرى ئابىھايات ھەقىقىدە بارغاندا، ئۇ مەشۇق لېۋى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما قىلىنىپ، ھەقىقىي زەمزەم شائىرنىڭ لېرىك قەھرىمانى بولغان دىدار تەلەپ ئاشىققا جان بەخش قىلغۇچى مەشۇقنىڭ سېھىرلىك مەنىۋىيىتى دەيدۇ:

تەشنەلىك قانمادى لەبىڭ شورماي،
نە شەرابۇ نە چاھى زەمزەمدە.

(4) ئەيسا مەسىھ

غەرب ئەدەبىياتىدا «ئۆلگەن» ۋە «قايتا تىرىلگەن» ئوبرازلار ھەققىدىكى مىفلار، جۈملىدىن ئۆلارنىڭ مۇجەسسىمى بولغان ئەيسا مەسىھكە ئىشارە قىلىش قەدىمىي ئەنئەنىگە ئىگە. نەۋايىمۇ ئەنئەنىۋى دىنىي رىۋايەتلەر ئاساسىدا «تارىخى ئەنبىيا ۋە ھۆكەما» ناملىق ئەسىرىدە «ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى يوقتۇر. مەريەم جەبرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ نەپەسىدىن ھامىلىدار بولدى... ۋە تۇغدى»[17] دەپ يازغان. زەلىلىي ھەتتا ئەيسا ھەققىدىكى خىرىستىيان رىۋايەتلىرىنىمۇ بىلىش خەزىنىسى ئىشىكىنىڭ سىرتىدا قالدۇرمىغان.

ئەيسانىڭ قايتا تىرىلىپ ئاسمانغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئىشقنىڭ قۇدرىتىدىن دەپ بىلگەن زەلىلىي ئۇنى ئەرشتە سەير قىلغۇچى ھۆر قىلىپ كۆرسەتكەن.

ئىيسائى روھپەرۋەر تەركى تەئەللۇق ئەيلەر،
كۆك سەھنىدە قەلەندەر ياخشى مەكان ئەمەسمۇ؟

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ نەپىسى بىلەن بىمارنى شىپا تاپتۇرۇش، ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈش، مەڭگۇ ئۆلمەسلىكتەك مۆجىزىلەرگە ئىگە دەپ قارالغان ۋە بۇ ئەپسانە شەرق خەلقلىرىنىڭ دىنىي كىتابلىرىدىن ئورۇن ئالغان. ئەيسا پەيغەمبەرگە بېرىلگەن بۇ كارامەتلەر كېيىن شېئىردا يارغا كۆچۈرۈلگەن. بۇ ھېكايە بارا ـ بارا دۇنياۋى رېئال ئەدەبىياتنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى، ھاياتنى، ئوبيېكتىپ بارلىقنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇنى سۆيۈشتەك ئىلغار ئىجتىمائىي ئىدىيەلەر بىلەن سىڭىشىپ كەتكەن.

شەرق مۇتەپەككۇرلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئىنساننىڭ مەڭگۈ ئۆلمەسلىكى ھەققىدىكى دىنىي ۋەقەلىكلەردىن ئەدەبىياتتا بىر ۋاستە سۈپىتىدە پايدىلىنىپ، گۇمانىستىك ئاكتىپ پىكىرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى. نەۋايىنىڭ ئەجدادلىرى ۋە زاماندىشلىرى ئىيساننىڭ سۈپەتلىرىنى يارغا كۆچۈرۈپ، ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى مەنىلىك ۋە گۈزەل ئىپادىلەشنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتتى. ئاتايى بۇ جەھەتتە دىققەتكە سازاۋەر سەنئەتكار.

ئاغزىڭدا مۆجىز ئايەتىن ئىيسا كۆرۈپ زىياد،
بىزدىن قاچىپ ياشۇندى كۆك ئىچرە ئۇياتدىن[18].

بېيتتا شائىرنىڭ ئېيتىشىچە، يارنىڭ ئېغىز مۆجىزىسىنى كۆرگەن ئەيسامۇ ئۇنىڭغا تەن بېرىپ، ئۇيالغىنىدىن كۆككە قېچىپ يوشۇرۇنغان. نەۋايى «مەلىكۇل ـ كەلام» دەپ تەرىپلىگەن مەۋلانە لۇتفىمۇ چىرايلىق دەلىللەش سەنئىتىدىن پايدىلىنىپ، ئاتايىغا ئوخشاش ئەيسا ھەققىدىكى ۋەقەنى غەيرىي تەبىئىي ئىزاھلاش ئارقىلىق ھاياتنى ۋە يارنىڭ گۈزەللىكىنى مۇبالىغە قىلىپ، ئۇنى گويا يۇمۇرىستىك ھەقىقەت تەرزدە جىلۋىلىك ئەكس ئەتكۈزگەن.

ئەيسا فەلەككە باردى، چۈن بولدى لەبىڭ جان بەرگۈچى،
شەرمەندەلىكدىن كەتمەسە، كۆكتە ئاڭا نە بار ئېرۇر[19].

ئەلىشىر نەۋايى شېئىرلىرىدىمۇ ئەيسا شۇنداق مۆجىزىگە ئىگە. لېكىن، شائىرنىڭ بىر قىسىم لىرىكىلىرىدا، خىزىر ئەيسا مەسىھ بىلەن بىرلىكتە قوللىنىلىپ، زەمزەم ئارقىلىق مەڭگۈ ھاياتلىق بەخش ئېتىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىنسا، ئەيسا نەپىسى بىلەن ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈش خاسىيىتىگە ئىگە، ھەتتا بۇ جەھەتتىن خىزىردىنمۇ مۆجىزىكار. ئەمما، شائىر مەشۇقنىڭ جان بېغىشلىغۇچى لەۋ سېھرى ئالدىدا خىزىر ۋە ئەيسا مۆجىزىلىرىگە ئىشەنمىگەن.

يەرۇ كۆكدە ئىستەبان پەيدا ئەمەس، خىزرۇ مەسىھ،
قاچتىلار گويا دۇداغىڭ ئابى ھەيۋانىن كۆرۈپ[20].

شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، مۇھەممەد سىددىق مەزمۇن، شەكىل، تىل، تېما، شېئىرىي ئوبراز ۋە ھېسسىيات، بەدىئىي خىسلەت ھەم ئۇسلۇب قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرنىڭ مۇجەسسىمى بولغان نادىر دىۋانى ئارقىلىق ئۇزاق تۈركىي ـ ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئەنئەنىسىنى 18 ـ ئەسىرگىچە يۇقىرى سەۋىيەگە ئۇلاشتۇرغان شائىر. ئۇنىڭ لىرىكا ۋە داستانلىرىدىن شېئىرىيەتنىڭ ئۆزى ياشىغان زامانغا خاس خۇسۇسىيەتلىرىلا ئەمەس، بەلكى ھەرقايسى دەۋرلەرگە تەئەللۇق ئىپادە ئامىللىرىمۇ تېپىلىدۇ. ئۇ ئەيسا سۈپەتلىرى كۆچۈرۈلگەن مەشۇق ئوبرازى ئارقىلىق قىز ـ ئاياللارنىڭ گۈزەل ئەخلاق ـ ۋاپاسى ۋە رېئال ھايات گۈزەللىكلىرىگە ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەر سۈپىتىدە يانداشقان. شائىرنىڭ «نەمايان بولدۇڭ، ئەي دىلبەر» مىسرالىق 18 ـ غەزىلىدە بۇ جەھەتتىن خۇددى ئەجداد كىلاسسىكلارغا نەزىرە قىلىنغان بېيتلار بار.

ۋەفا ھەرفىنى سورغاندا ماڭا سەن تازە جان بەردىڭ،
مەسىھا لەبلەرىڭ ئەئجازىدىن گويا جەۋاب ئەيلەپ.

دېمەك، زەلىلىي نادىر شېئىرىيەت ياراتقان شائىر. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ سەرخىللىقىنى ئۇ تالانت بىلەن قوللانغان بەدىئىي سەنئەتلەر بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇنىڭ ئېگىزىدە بولسا مىسرا ۋە بېيىتلارنى ھېكمەتلەشتۈرگۈچى مەنتىقىي ئوبرازلار ياتىدۇ. بۇنىڭدا ئىشارە باشقا سەنئەتلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ رول ئويناپ، شائىر لىرىكىلىرىنىڭ ئىچكى مەنە ئىمكانىيەتلىرىنى كېڭەيتكەن، ئۇلانما تەسەۋۋۇرلۇق ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۇرگەن. بۇ بىر تەرەپتىن شائىرنىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە شېئىرىيىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپتىكى ماھارەت سىرلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەن بىلىمدانلىقى بىلەن ئالاقىدار بولسا، ئىككىنچى تەرەپتىن، پارس تىلىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق پارس ۋە ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ كامىل سۆز ئۇستىلىرىدىن بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.


ئىزاھاتلار:

① غەززالىي: «كىمىيايى سائادەت تۈركىي» (مەھكەم مەھمۇد ئەندەجانىي نەشرگە تەييارلىغان)، تاشكەنت، 2005 ـ يىلى، 10 ـ بەت.

②③ «قۇرئان كەرىم» (مۇھەممەد سالىھ تەرجىمە قىلغان)، سەئۇدى ئەرەبىستان، ھىجرىيە 1415 ـ يىلى، 18 ـ سۈرە كەھف، يەنى 294 ـ، 297 ـ بەتلەر.

④⑰ نەۋايى: «تارىخى ئەنبىيا ۋە ھۆكەما»، تاشكەنت، 1990 ـ يىلى، 57 ـ، 52 ـ بەتلەر.

⑤⑥⑦⑩⑪⑫⑮⑯ نەۋايى: «نەسايىمۇل ـ مۇھەببەت»، تاشكەنت، 2001 ـ يىلى، 23 ـ، 24 ـ، 459 ـ، 39 ـ، 261 ـ، 455 ـ، 280 ـ، 280 ـ بەتلەر.

⑧⑨ ھاجى نۇرھاجى، چېن گوگۇاڭ: «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۈيغۇرچە، 1995 ـ يىلى، 223 ـ، 224 ـ بەتلەر.

⑬⑭نەۋايى: «مەجالىسۇن ـ نەفائىس»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى،267 ـ، 268 ـ بەتلەر.

⑱ ئاتايى: «تاللانغان ئەسەرلەر»، تاشكەنت، 1958 ـ يىلى، 80 ـ بەت.

⑲ «لۇتفىي»، تاشكەنت، 1958 ـ يىلى، 45 ـ بەت.

⑳ نەۋايى: «غەرايىبۇس ـ سىغەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى، 62 ـ غەزەل.


(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)



# ئۇيغۇر خەلق ماقال- تەمسىللىرىنىڭ قاپىيە شەكىللىرى توغرىسىدا

رەناگۇل خالىق

تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغىچە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن ماقال ـ تەمسىللەر خەلقىمىز تىل بايلىقىنىڭ ئېسىل نەمۇنىلىرى قاتارىدا يىراق ئۆتمۈش زامانلاردىن ھازىرغا قەدەر ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئىنسانىيەتنىڭ بىلىم ۋە تەجرىبىلىرى ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تارقىلىپ بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن. ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلىملىرىنى يەكۈنلەپ بېرىش سۈپىتى بىلەن ماقال ـ تەمسىللەر كىشىلەرگە ياخشى دەرسلىك بولغان. خەلققە دادىل يېتەكچىلىك قىلىپ، توغرا ياشاش ئۇسۇللىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ماقال ـ تەمسىللەر خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمگەك ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەپ بېرىدىغان ئوبرازلىق ۋە ئىخچام تىل جەۋھىرى، شۇنداقلا ئۇ بىرخىل بىلىم قىممىتىگە ۋە پەلسەپىۋى چوڭقۇرلۇققا ئىگە بولغان تارقىلىشچان ئەقلىيە سۆزلەردۇر.

ماقال ـ تەمسىللەر كىشىلەرنىڭ سۆھبەت ۋە نۇتۇقلىرىنى ئىخچاملىقتا، ئوبرازچانلىقتا، جانلىقلىقتا ۋە چوڭقۇرلۇقتا ئىگە قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر ئامىلدىن ئىبارەت. تارىختىن بۇيان نۇرغۇن يازغۇچى، شائىرلار ماقال ـ تەمسىللەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. بىز ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدىبلىرىدىن مەھمۇد كاشغەرىي، يۇسۇپ خاس ھاجىپ، ئەھمەت يۈكنەكىي، ئەلىشىر نەۋايى، ئابدۇرېھىم نىزارى ۋە موللا بىلال نازىمى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىگە قارايدىغان بولساق بۇ نۇقتىنى ئېنىق ھېس قىلالايمىز. دەۋرىمىز ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋالىرىدىن نىمشېھىت، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، تېيىپجان ئېلىيوپ، ئابدۇكېرىم خوجا، زۇنۇن قادىرى، زوردۇن سابىر... قاتارلىقلارمۇ ماقال ـ تەمسىللەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ شېئىرىي پىكىرلىرىنى جانلىق ئوتتۇرىغا قويغان، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى روشەن يورۇتۇپ بەرگەن ھەمدە ئەسەرلىرىنى مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان. دېمەك، ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنلۇق بولۇش، ئوبرازلىق بولۇش، يۈكسەك دەرىجىدە ئىخچام بولۇش ۋە ئاھاڭدار بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى مەيلى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ياكى يازما ئەدەبىياتتا بولسۇن ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلگەن.

ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنىڭ زامانىمىزغىچە تەرەققىي قىلىپ تارقىلىپ كېلىشىنى ئۇنىڭ يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ ئاھاڭدارلىقى — ئۇنىڭ قېلىپلاشقان ۋە تۇراقلىق شېئىرىي رىتىمغا ئىگە بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شېئىرىيەت قانۇنىيىتىمىزدىكى بەزى قائىدىلەر ئۆز نۆۋىتىدە خەلقىمىزنىڭ ماقال ـ تەمسىل، ھېكمەتلىك سۆزلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ئاجايىپ زور دەرىجىدە قاپىيەنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ئەمەل قىلىپ كەلگەن. ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن قاپىيە شەكىللىرى مەزمۇن قىممىتىدىن ئايرىپ

كىتاب تور بېكىتى

قارىغاندىمۇ يەنىلا ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلماقتا. پىكرىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە تۆۋەندىكى بىرقانچە مىسالغا قاراپ باقايلى:

خۇرۇم چاپان، بۇدۇر چاچ،
ئۈچ كۈن بولدى قورساق ئاچ.

قىلغان ئىشى دۇرۇس بولماس.
خوشامەتچىدە نومۇس بولماس،

دۈشمەن تاپسا ئامانلىق،
ئەلگە قىلۇر يامانلىق.

بۇ ماقاللاردا ئىپادىلەنگەن قاپىيە، رىتىم، تۇراق ناھايىتى ئېنىق ۋە روشەن بولۇپ، ئۆزگىچە خاس يارقىن گۈزەللىكنى، رىتىمدارلىقنى نامايان قىلغان. «چاچ» بىلەن «ئاچ»، «نومۇس» بىلەن «دۇرۇس»، «ئامانلىق» بىلەن «يامانلىق» دېگەن سۆزلەر قاپىيە جەھەتتىن ناھايىتى ماسلاشقان بولۇپ، ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ مۇنداق ئاھاڭدارلىق خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ ئەستە قالدۇرۇشقا ئاسان، تارقىلىشى كەڭ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى بەلگىلىگەن.

بىزگە مەلۇمكى، شېئىرىيەت ئىلمىدە ۋەزىن شېئىرنىڭ جېنى بولسا، قاپىيە شېئىرنىڭ قانىتىدۇر. «قاپىيە» سۆزى لۇغەت مەنىسىدە «كەينىدە كېلىش» ياكى «كەينىدىن كېلىش» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، شېئىرىيەت ئىلمىدە مىسرالارنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ شېئىرنىڭ ئاھاڭدارلىقىنى ئاشۇرىدىغان ۋە ئاھاڭدارلىقتا بىر ـ بىرىگە ماسلىشىدىغان سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئومۇمەن، قاپىيە شېئىرىي ئەسەرلەرگە ئالاھىدە زىننەت بېغىشلايدىغان، شېئىرنىڭ گۈزەللىكىنى ئاشۇرىدىغان، ئۇنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىدىغان مۇھىم ئامىلدۇر. ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ قاپىيە شەكىللىرى ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇ قەيدلىك قاپىيە، رەدىفلىك قاپىيە، مۇتلەق قاپىيە، مۇجەررەت قاپىيە، تەئسىسلىك قاپىيە قاتارلىق شەكىللەردە بولىدۇ. تۆۋەندە بىز قاپىيەنىڭ ھەرقايسى شەكىللىرىگە ئايرىم ـ ئايرىم مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق بۇ نۇقتىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرىمىز.

**1. قەيدلىك قاپىيە:** قاپىيە ئىلمىدە ئەگەر قاپىيە بولۇپ كەلگەن سۆز رەۋى ھەرپى بىلەن ئاخىرلاشقان بولسا، بۇنداق قاپىيەلەر قەيدلىك قاپىيە دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدە قاپىيەنىڭ بۇ خىل شەكلى ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

بېلى بوشنىڭ قورسىقى ئاچ،
ھۇرۇندىن نېرى قاچ.

ئەمگەك قىلساڭ باغ بولۇر،
تاش يىغىلسا تاغ بولۇر.

دېگەن مىساللارغا قارايدىغان بولساق، «ئاچ» بىلەن «قاچ»، «باغ» بىلەن «تاغ» قاپىيە بولۇپ كەلگەن. بىرىنچى ماقالدىكى قاپىيەداش سۆزلەرنىڭ رەۋىسى ئوخشاشلا «چ» ھەرپى، ئىككىنچى ماقالدا «غ» ھەرپى بولۇپ، قاپىيە رەۋى ھەرپى بىلەن ئاياغلاشقان. شۇڭا، بىز بۇ ماقاللارنىڭ قاپىيەسىنى «قەيدلىك قاپىيە» دەپ ئاتايمىز. يەنە مىسال ئالساق:

باينى باي قىلغان ئۆچكە بىلەن قوي،
ھۇرۇن ئوغۇلغا نەدە بولسۇن توي.

بىكار يۈرمەك لاغايلاپ،
پۇلنى خەجلەك ئاۋايلاپ.

يۇقىرىقى ماقاللاردىكى قاپىيەداش سۆزلەر «قوي» بىلەن «توي»، «لاغايلاپ» بىلەن «ئاۋايلاپ» دېگەن

سۆزلەرنىڭمۇ قاپىيەسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا رەۋى «ي» بىلەن «پ» بولۇپ، بۇ ماقالىلارمۇ قەيدلىك قاپىيەنىڭ تىپىك مىسالىدىن ئىبارەت.

2. رىدىفلىك قاپىيە: رىدىفلىك قاپىيە ئاددىي رىدىفلىك قاپىيە ۋە مۇرەككەپ رىدىفلىك قاپىيە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1) ئاددىي رىدىفلىك قاپىيە : قاپىيە سۆزىدە رەۋى ھەرپىنىڭ ئالدىدا ھەرپى ئىللە (ئا، ئۇ، ئۇ، ئى) كەلگەن بولسا، بۇنداق قاپىيە شەكلى ئاددىي رىدىفلىك قاپىيە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

پۇلسىز بازارغا بارماڭ،
تاھارەتسىز مازارغا بارماڭ.

يۇقىرىقى بېيىتتا قاپىيە بولۇپ كەلگەن سۆزلەر «بازارغا» بىلەن «مازارغا» بولۇپ، رەۋى ھەرپى «ر» نىڭ ئالدىدا كەلگەن تاۋۇش ھەرپى ئىللە «ئا»دىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا، بۇ قاپىيە قاپىيە شەكلىنىڭ «ئاددىي رىدىفلىك قاپىيە» شەكلىگە كىرىدۇ. مەسىلەن:

باينى ئىت باسار،
ھۇرۇننى پىت باسار.

ۋىجدانسىزنى يار قىلما.

ئاتا كەسپىنى خار قىلما،

كىشىگە سالماڭ زۇلۇم،
سىزگىمۇ بار قىزىل تۇلۇم.

يۇقىرىقى ماقالىلارغا قارايدىغان بولساق، قاپىيە بولۇپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ رەۋىسى بىرىنچى ماقالىدا «ت»، ئىككىنچى ماقالىدا «ر»، ئۈچىنچى ماقالىدا «م» بولۇپ، رەۋىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپى ئىللە «ئى»، «ئا»، «ئۇ»لاردىن ئىبارەت. شۇڭا، بۇ سۆزلەرمۇ ئاددىي رىدىفلىك قاپىيە بولىدۇ.

2) مۇرەككەپ رىدىفلىك قاپىيە: قاپىيە سۆزىدە رەۋى بىلەن ئاددىي رىدىفنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئۇزۇك تاۋۇش قىستۇرۇلغان ھالەتتە كەلگەن بولسا، بۇنداق قاپىيە مۇرەككەپ رىدىفلىك قاپىيە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئەۋلىيادىن پۇتۇڭنى تارت،
پادىشاھتىن تىلىڭنى (تارت).

يۇقىرىقى ماقالىنىڭ ئاخىرىدىكى «تارت» سۆزىدىكى رەۋى «ت» بىلەن ئاددىي رىدىف «ئا»نىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەن مۇرەككەپ رىدىف «ر» بار بولۇپ، بۇمۇ مۇرەككەپ رىدىفلىق قاپىيەنى شەكىللەندۈرىدۇ.

3. مۇتلەق قاپىيە: قاپىيە سۆزى رەۋى ھەرپى بىلەن ئاخىرلاشمىغان ۋە رەۋىدىن كېيىن باشقا تەركىبلەر ئەگىشىپ كەلگەن قاپىيە شەكلى «مۇتلەق قاپىيە» دەپ ئاتىلىدۇ. مۇتلەق قاپىيە رەۋى ھەرپىگە ئەگىشىپ كېلىدىغان ئامىللارنىڭ ئوخشىماسلىقى، ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ «ۋەسىللىك مۇتلەق قاپىيە»، «خۇرۇجلۇق مۇتلەق قاپىيە»، «مەزىدلىك مۇتلەق قاپىيە»، «نائىرەلىك مۇتلەق قاپىيە» ۋە «كۆپ نائىرەلىك مۇتلەق قاپىيە» دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدە قاپىيەنىڭ بۇ خىل شەكلى كەڭ قوللىنىلغان بولۇپ، تۆۋەندە بۇلارنى بىر ـ بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

1) ۋەسىللىك مۇتلەق قاپىيە: قاپىيە سۆزى تەركىبىدىكى رەۋى ھەرپىدىن كېيىن ۋەسىل ئۇلىنىپ

كەلگەن قاپىيە شەكلى ۋەسىللىك مۇتلەق قاپىيە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ياخشى خوتۇن ئۆينىڭ گۈلى،
يامان خوتۇن چوماقنىڭ كۈلى.

يۇقىرىقى ماقالدا قاپىيەداش بولۇپ كەلگەن سۆزلەر «گۈلى» بىلەن «كۈلى» بولۇپ، سۆز يىلتىزى «گۈل» بىلەن «كۈل». بۇ سۆزلەرنىڭ رەۋىسى «ي» ھەرپى بولۇپ، رەۋىدىن كېيىن كەلگەن (ئۆزۈك تاۋۇش ياكى ھەرپى ئىللە) «ى» ۋەسىل بولىدۇ. شۇڭا، بۇ بېيىتنىڭ قاپىيە شەكلى «ۋەسىللىك مۇتلەق قاپىيە» بولىدۇ. مەسىلەن:

ئادەم يۈزى بىلەن، ئادىل ئۆزاق ئۆمۈر كۆرەر،
غىزا تۈزى بىلەن. قاتىل دوزاخقا كىرەر.

يۇقىرىقى مىساللاردا قاپىيەداش كەلگەن ئىككى سۆز «يۈزى» بىلەن «تۈزى»نىڭ سۆز يىلتىزى «يۈز» بىلەن «تۈز» بولۇپ، رەۋى «ز» تاۋۇشىدۇر. قاپىيە ۋەسىل «ى» بىلەن ئاياغلاشقان. ئىككىنچى مىسالدا قاپىيەداش كەلگەن سۆزنىڭ يىلتىزى «كۆر» بىلەن «كىر» بولۇپ، رەۋىگە ھەرىكە «ئە» ئارقىلىق ئۇلانغان ۋەسىل بولسا «ر» بولىدۇ. بۇ قاپىيەداش سۆزلەرمۇ ۋەسىل بىلەن ئاخىرلاشقانلىقى ئۈچۈن بۇ قاپىيەمۇ «ۋەسىللىك مۇتلەق قاپىيە» بولىدۇ.

2) خۇرۇجلۇق مۇتلەق قاپىيە: قاپىيە سۆزى خۇرۇج ھەرپى بىلەن ئاخىرلاشقان قاپىيەلەر خۇرۇجلۇق مۇتلەق قاپىيە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

پاتمانلاپ ئىشلەڭ، ئۆزگە يۇرتقا بارماس ئايىقىڭ.
مىسقاللاپ چىشلەڭ.

يۇرت قوغدىساڭ ئۇسەرسەن،
ئۆز ئېلىڭدە بولسا لايىقىڭ، قوغدىمىساڭ ئۆچەرسەن.

قاپىيە ئېلمىدە ۋەسىلدىن كېيىن كەلگەن ئۆزۈك تاۋۇش ياكى ھەرپى ئىللە خۇرۇج دەپ ئاتىلىدۇ. يۇقىرىقى مىسالنى ئايرىم ـ ئايرىم تەھلىل قىلساق، بىرىنچى گۇرۇپپىدا قاپىيەداش سۆزلەرنىڭ سۆز يىلتىزى «ئىش» بىلەن «چىش»، رەۋىسى «ش» تاۋۇشىدۇر. رەۋىدىن كېيىن كەلگەن «ل» تاۋۇشى ۋەسىل، ۋەسىلگە ھەرىكە «ئە» ئارقىلىق ئۇلىنىپ كەلگەن ئۆزۈك تاۋۇش «ڭ» خۇرۇج بولۇپ، بۇنداق قاپىيە «خۇرۇجلۇق مۇتلەق قاپىيە» دەپ ئاتىلىدۇ. كېيىنكى مىساللارنىمۇ مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە تەھلىل قىلساق، ئىككىنچى ماقال خۇرۇج «ڭ» بىلەن، ئۈچىنچى ماقال خۇرۇج «ن» بىلەن ئاخىرلاشقان. شۇڭا، بۇلارمۇ خۇرۇجلۇق مۇتلەق قاپىيەگە مىسال بولالايدۇ.

3) مەزىدلىك مۇتلەق قاپىيە: قاپىيە سۆزى مەزىد ھەرپى بىلەن ئاخىرلاشقان قاپىيە شەكلى مەزىدلىك مۇتلەق قاپىيە دەپ ئاتىلىدۇ. قاپىيە ئېلمىدە خۇرۇجدىن كېيىن كەلگەن ئۆزۈك تاۋۇش ياكى ھەرپى ئىللە مەزىد دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمدى بىز تۆۋەندىكى ماقاللارغا قاراپ باقايلى:

ئەلگە قىلساڭ يامانلىق، دوست بول سىرىنى بىلىپ،
تاپالمايسەن ئامانلىق. باشلاپ بارار يېرىنى بىلىپ.

بۇ ماقاللاردا قاپىيەداش سۆزلەرنىڭ سۆز يىلتىزى «سىر» بىلەن «يەر»، «يامانلىق» بىلەن «ئامانلىق» بولۇپ، بىرىنچى گۇرۇپپىدا رەۋى ھەرپى «ر»، رەۋىدىن كېيىن كەلگەن ھەرپى ئىللە «ى» بولسا ۋەسىل بولىدۇ. ۋەسىلدىن كېيىن كەلگەن ئۇزۇك تاۋۇش «ن» خورۇج بولۇپ، ئاخىرىدا كەلگەن «ى» تاۋۇشى مەزىد بولىدۇ. ئىككىنچى مىسالنىمۇ ئوخشاش ئۇسۇل بويىچە تەھلىل قىلساق، مەزىد «ق» بىلەن ئاخىرلاشقان بولۇپ، بۇنداق قاپىيە قاپىيە ئىلمىدە «مەزىدلىك مۇتلەق قاپىيە» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئەل ئىشىغا ھىممەتلىك، دوستىنىڭ تەنىسى جاندىن ئۆتەر،
ئەل ئاغزىدا قىممەتلىك. دۈشمەنىنىڭ تەنىسى ياندىن ئۆتەر.

يۇقىرىدا تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ مىساللارنىڭ تەھلىلىنى قايتا ئىزاھلىمىدۇق.

4) نائىرەلىك مۇتلەق قاپىيە: قاپىيە سۆزى بىرلا نائىرە بىلەن ئاخىرلاشقان قاپىيە شەكلى نائىرەلىك مۇتلەق قاپىيە دەپ ئاتىلىدۇ. نائىرە مەزىدتىن كېيىن ئۇلىنىپ كەلگەن ئۇزۇك تاۋۇش ياكى ھەرپى ئىللەدىن ئىبارەت. مىسال ئۈچۈن تۆۋەندىكى ماقالغا قاراپ باقايلى:

چايانىنىڭ يالغۇزىنى — تېنىڭنى چاققىنى،
دۈشمەنىنىڭ يالغۇزىنى — دىلىڭنى چاققىنى.

بۇ بېيىتتا قاپىيەداش سۆزلەرنىڭ سۆز يىلتىزى «تەن» بىلەن «دىل» بولۇپ، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن قائىدىلىرىمىزگە ئاساسلانغاندا، قاپىيەداش سۆزلەردە «ن، ل» تاۋۇشلىرى رەۋى، «ى» تاۋۇشى ۋەسىل، «ڭ» تاۋۇشى خورۇج، «ن» تاۋۇشى مەزىد بولىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا كەلگىنى بولسا نائىرە «ى» تاۋۇشى بولۇپ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ماقالنىڭ قاپىيە شەكلى «نائىرەلىك مۇتلەق قاپىيە»دۇر. يەنە مەسىلەن:

مەككارغا ئالدانغان مېلىدىن ئايرىلار، دوستىنىڭ كۈلگىنى ياخشى،
دۈشمەنگە ئالدانغان جېنىدىن ئايرىلار. دۈشمەنىنىڭ ئۆلگىنى ياخشى.

بۇ مىساللارنىمۇ يۇقىرىدىكى قائىدىمىز بويىچە تەھلىل قىلساق، قاپىيەداش سۆزلەر «كۈلگىنى» بىلەن «ئۆلگىنى»دىكى رەۋى «ل» تاۋۇشى بولىدۇ. ۋەسىل «گ» تاۋۇشى، خورۇج «ى» تاۋۇشى، مەزىد «ن» تاۋۇشى بولۇپ، بۇ بېيىتنىڭ قاپىيەسىدىكى نائىرە «ى» تاۋۇشى بولىدۇ. ئىككىنچى مىسالدا قاپىيەداش سۆز «مېلىدىن» بىلەن «جېنىدىن» بولۇپ، ئوخشاش ئۇسۇلدا تەھلىل قىلساق، بۇ قاپىيەمۇ نائىرە «ن» بىلەن ئاياغلاشقانلىقىنى بايقايمىز. مانا بۇلار «نائىرەلىك مۇتلەق قاپىيە» شەكلىنىڭ نەمۇنىلىك مىساللىرىدۇر.

5) كۆپ نائىرەلىك مۇتلەق قاپىيە: قاپىيە سۆزى كۆپ، يەنى بىرقانچە نائىرە ھەرپى بىلەن ئاخىرلاشقان قاپىيەلەر كۆپ نائىرەلىك مۇتلەق قاپىيە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

شۇمبۇيا ئۇنەر قوغۇنلۇقتىن،
پالاكەت كېلەر ھورۇنلۇقتىن.

بۇ كۆپلەپتىكى قاپىيە بولۇپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ سۆز يىلتىزى «قوغۇن» بىلەن «ھۆرۈن» بولۇپ، بۇ سۆزلەرنىڭ رەۋىسى «ن»، ۋەسىل «ل»، خۇرۇج «ئۇ»، مەزىد «ق»، نائىرە بولسا «ت»، «ئى» ۋە «ن»لاردىن ئىبارەت. شۇڭا، بۇ قاپىيە «كۆپ نائىرەلىك مۇتلەق قاپىيە» بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىن يەنە بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللارنى كەلتۈرۈش مۇمكىن. مەسىلەن:

بولغاندا بۇزۇلمىغايسەن، قوشنىڭ سايرىمايدىغىنى يوق،
تولغاندا تۇزۇلمىغايسەن. دۈشمەننىڭ قارغىمايدىغىنى يوق.

ماقالنىڭ سالمىقىنى كۆزدە تۇتۇپ تەھلىلنى قالدۇرۇۋەتتۇق. تۆۋەندە بايان قىلىدىغىنىمىز قاپىيە شەكلىنىڭ تۆتىنچى مۇھىم تۈرى بولغان «مۇجەررەت قاپىيە»دۇر.

4. مۇجەررەت قاپىيە: مۇجەررەت ئەرەبچىدە «بويتاق» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. قاپىيە سۆزى تەركىبىدە رەۋى ھەرپى ئەگەر ھەرپى ئىللە (ئا، ئۇ، ئو، ئى)دىن تەركىب تاپقان بولسا، بۇنداق قاپىيە مۇجەررەت قاپىيە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئەجىر قىلساڭ ئالارسەن پايدا، باشقا جايىنى قىلمىغىن ئارزۇ،
ئەجىر قىلمىساڭ قالارسەن سايدا. باردۇر ئوخشاشلا تاشۇ تارازۇ.

يۇقىرىقى ماقاللارغا قارايدىغان بولساق، بىرىنچى ماقالدىكى قاپىيەداش سۆزلەر «پايدا» بىلەن «سايدا» بولۇپ، بۇ سۆزلەردىكى رەۋى ئوخشاشلا ھەرپى ئىللە «ئا»دىن ئىبارەت. ئىككىنچى ماقالدا رەۋى ھەرپى «ئۇ» بولۇپ، ھەرپى ئىللەدىن تۈزۈلگەن. شۇڭا، بۇ قاپىيەلەر مۇجەررەت قاپىيە شەكلىگە تەۋە. يەنە ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىگە قارايدىغان بولساق مۇناسىپ مىساللارنى بايقايمىز. مەسىلەن:

تېرىغان ئۆزىدىن سورار، تىلىڭ كەلمىسە دورىما،
تېرىمىغان كىشىدىن (سورار). خۇشۇڭ كەلمىسە سورىما.

بىرىنچى ماقالدىكى قاپىيە بولۇپ كەلگەن سۆزنىڭ يىلتىزى «ئۆزى» بىلەن «كىشى» بولۇپ، رەۋى ھەرپى «ئى»دىن ئىبارەت. ئىككىنچى ماقالدا رەۋى ھەرپى «ئا»دىن ئىبارەت. شۇڭا، بۇ قاپىيەلەرمۇ قاپىيە شەكلىنىڭ مۇجەررەت قاپىيە تۈرىگە تەۋە.

5. تەئسىسلىك قاپىيە: بىز قاپىيەنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى ئامىللار توغرۇلۇق سۆزلىگەندە ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش ۋە بىر ھەرىكەدىن تەركىب تاپقان يېپىق بوغۇمنىڭ ئالدىدا كەلگەن «ئا» تاۋۇشىنى تەئسىس دەپ ئاتىغاندۇق. ئەگەر قاپىيە بولۇپ كەلگەن سۆز تەركىبىدە تەئسىس بولسا، بىز بۇنداق قاپىيەنى تەئسىسلىك قاپىيە دەپ ئاتايمىز. مەسىلەن:

ھەرىكەت قىلغان ھاتەم بولۇر،
ھۇرۇنىنىڭ ئۆيىدە ماتەم بولۇر.

يۇقىرىقى مىسالدا قاپىيە بولۇپ كەلگەن سۆزلەردىن «ھاتەم» بىلەن «ماتەم»گە قارايدىغان بولساق، ئىككىلا سۆزدىكى «تەم» بوغۇمىنىڭ ئالدىدىكى تاۋۇش «ئا» تەئسىس بولۇپ، بۇنداق قاپىيە «تەئسىسلىك قاپىيە» دەپ ئاتىلىدۇ. شېئىر ئىجادىيىتىدە قاپىيەداش سۆزلەرنىڭ بىرسىدە تەئسىس بولۇپ، يەنە بىر-

سىدە بولمىسىمۇ يەنىلا تەئسىسلىك قاپىيە دەپ ئاتىلىدۇ. بىراق، بۇ خىل قاپىيە ئاجىز بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىن تەئسىسلىك قاپىيەگە يەنە نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۆزۈم كېلىن چېغىمدا قېيىنانامدىن قىلدىم شىكايەت،
ئەمدى مانا بولدۇم قېينانا، كىمگە قىلاي ھېكايەت.

بىلىملىككە سائادەت كۆپ،
بىلىمسىزگە پالاكەت كۆپ.

يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىز ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدە كۆپ ئۇچرايدىغان قاپىيە شەكىللىرىدىن ئىبارەت. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى چوڭقۇرلۇقى، ئىپادىلەش جەھەتتىكى سەرخىللىقىلا ئەمەس، بەلكى قاپىيە شەكىللىرى جەھەتتىكى كۆپ خىللىقىمۇ بىزنى ھەيران قالدۇرماي قالمايدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدە قاپىيە سەنئەتلىرىمۇ كەڭ قوللىنىلغان بولۇپ، بىز مەزكۇر ماقالىدە قاپىيە سەنئەتلىرى ئىچىدىكى ماقال ـ تەمسىللەردە قوللىنىش سالمىقى بىرقەدەر كەڭ بولغان «رادىف» ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

رادىف ــ قاپىيە سۆزىدىن كېيىن كېلىپ ئەينەن تەكرارلىنىدىغان سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىنى كۆرسىتىدۇ. ماقال ـ تەمسىللەردە رادىف بىر تەرەپتىن، مەركىزىي ئىدىيەنى تەكرارلاپ ئوقۇرمەننىڭ چۈشەنچىسىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ ئاھاڭدارلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئاسان ئەستە قالدۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن:

ئەلدىن قالغان ئەر ئەمەس، تاز كاللىدا مىڭ خىيال.
دان بەرمىگەن يەر ئەمەس.
چۈجىگە تېرىق ياخشى،
ھەر كاللىدا بىر خىيال، سۇغا ئېرىق ياخشى.

يۇقىرىقى مىساللاردا قاپىيە سۆزىدىن كېيىن كەلگەن «ئەمەس»، «خىيال»، «ياخشى» قاتارلىق سۆزلەر بۇ ماقال ـ تەمسىللەردىكى «رادىف» بولۇپ، ئۇلار ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ ئاھاڭدارلىقىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈش، مىسرالارنىڭ ماسلىشىشچانلىقىنى كۈچەيتىش رولىنى ئۆتەيدۇ. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدە بىردىن ئارتۇق سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىنى رادىف ئورنىدا ئىشلەتكەن ئەھۋاللارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

ناچار دوستتىن تاياق ياخشى، ئەقىللىك پۇل تاپسا تايغا مىنەر،
ناچار ئاتتىن ياياق ياخشى. ئەقىلسىز پۇل تاپسا لايغا مىنەر.

بەزىدە رادىفقا ئوخشاش تەكرارلانغۇچى سۆزلەر قاپىيەدىن كېيىن ئەمەس، بەلكى قاپىيەنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. بۇنداق ھالەتتە ئۇ «رادىف» ئەمەس، «ھاجىپ» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

كۆزى ئاچ ــ غەملىك بولۇر، كۆپ ئاغرىغان ئەمچى بولۇر،
كۆزى توق ــ پەملىك (بولۇر). كۆپ ماڭغان يولچى (بولۇر).

يۇقىرىدا شېئىرىيەت ئىلمى نۇقتىسىدىن ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ قاپىيە شەكىللىرى ئۈستىدە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتتۇق. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ئۆزىنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا ئىنسانلارنىڭ قىممەتلىك بىلىم ۋە تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرىش بىلەن بىللە يەنە ئۆزىگە خاس يارقىن گۈزەللىكنى، رىتىمدارلىقنى نامايان قىلغان. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ھەرگىزمۇ تاسادىپىي توغرا كېلىپ قېلىش ياكى قىسمەن ماسلىشىش بولماستىن، بەلكى پۈتكۈل ماقال ـ تەمسىللەرگە ئورتاق بولغان بىر خىل ئالاھىدىلىك بولۇپ، بۇ ئىجادكار خەلقىمىزنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ماقال ـ تەمسىللەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى قىممەتلىك مىراس، ئۇ خەلق ھاياتىنىڭ قامۇسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىزنى مول ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىلىملىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. مىللىتىمىزنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى نامايان قىلىدۇ، مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ئېخىمۇ جانلاندۇرىدۇ، شۇنداقلا ئۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:
1. «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان: «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» (1 ـ 2 كىتاب)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى 3 ـ ئاي، 2 ـ نەشرى.
2. ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن: «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى 6 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.
3. ئابدۇشۇكۇر تۇردى: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى توغرىسىدا»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى 4 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.

(ئاپتورى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىنىڭ 2010 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى)

# ياۋا تۆگە مەنزىللىرى

بوغدا ئابدۇللا



ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، كىشىلەرنىڭ ياۋا تۆگە ھەققىدە بىلىدىغانلىرى كۆپ بولمىسا كېرەك. ياۋا تۆگىلەرنى قوغداشقا ئەمدى ئەھمىيەت بەرمىسەك، ياۋا تۆگىلەرنىڭ ئەھۋالى ئېھتىمال يامانلىشىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. ھازىر ئۇلارنىڭ ياشاش شارائىتى بەك ناچارلىشىپ كەتتى. 2011 - يىلى چۆلتاغدىكى ياۋا تۆگىلەر ئەسلىدىكى ياشاش رايونىدىن 500 كىلومېتىر يىراققا سۈرۈلگەن بولۇپ، ئاران 150تەك ياۋا تۆگە قاپتۇ. 300 كىلومېتىر دائىرە ئەتراپىدا ئۇلارنى ئاندا - ساندا كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇ يەرلەردە كانلار ئېچىلغان بولۇپ، بەزى ئادەملەر ياۋا تۆگىلەرنى ماشىنا بىلەن قوغلاپ تۇتىدىكەن. نەتىجىدە بۇ يەردە ياشايدىغان تۆگىلەر باشقا يەرگە كۆچكەن، ھازىر بۇ جايدىكى ياۋا تۆگىنىڭ سانى 30غا يەتمەيدىكەن.

ھازىر ياۋا تۆگىلەر ئالتۇنتاغ ۋە قۇملۇقتا قۇلان بىلەن بىللە ياشاۋاتىدۇ. ئۇلار بىر قېتىم سۇ ئىچىش ئۈچۈن قۇملۇقتا 60 كىلومېتىردەك يول يۈرىدۇ.

لوپنۇر كۆلىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدە سۇ بار بولۇپ، ياۋا تۆگىلەر بۇ يەردە سۇ ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ئالتۇنتاغقا كېتىدىكەن.

بۇ چۆللەردە كېيىكلەر سۇ ئىچىش ئۈچۈن ئوغلاقلىرىنى مۆڭگۈزىگە ئېلىپ سۇ ياقىسىغا ھەيدەيدىكەن. سۇغا يېقىنلىشىپ قالغاندا ئوغلاقلىرى ئاۋۋال سۇ ئىچىدىكەن. ئوغلاقلىرى سۇ ئىچىپ بولغاندا ئاندىن ئاپىلىرى سۇ ئىچىدىكەن. ئاپىلىرى بىر قوۋۇز سۇ ئىچىپلا، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قارايدىكەن. ئەتراپىدا ھېچ نەرسە بولمىسا، سۇ ئىچىشكە باشلايدىكەن. ئۇلار تاكى بېقىنى چىققۇچە سۇ ئىچىدىكەن.

پالگانلار ئوۋ ئوۋلاشقا چىققاندا (ھازىر ياۋايى ھايۋانلار دۆلەت تەرىپىدىن قانۇن بويىچە قوغدىلىدۇ، ئېتىشقا، تۇتۇشقا بولمايدۇ) قەدىمكى ئادەت بويىچە كېيىكلەر سۇ ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئوۋ ئوۋلايدىكەن.

نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى توغراق دېگەن يەرنىڭ ئارقىسىدا چوڭ، ئېگىز تاغ بولۇپ، ئۇ يەردىن يامغۇر سۈيى چۈشۈپ بىر كىچىك كۆل پەيدا بولغان بولۇپ، ئۇ يەردە غۇلجا ياشايدىكەن.

بىر زاماندا ھازىرئاتا دېگەن پالگان چۆلتاغ (پىچان نەھىيەسىگە قاراشلىق دىغار يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ)دىكى ئاقبۇلاقتا، مۇزنىڭ ئۈستىدە تۇرغان بىر تۆگىنى كۆرۈپ قالىدۇ، ئوق ئۈزىدۇ، تۆگە يىقىلىدۇ. بېرىپ قارىسا، تۆگە ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىپتۇ. ئۇ دەرھال تۆگىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىۋاپتۇ. تۆگە قورقۇپ كېتىپ ئېھتىمال تېز يۈگۈرۈپتۇ. ھازىرئاتا باتۇرلۇقىغا ئىشىنىپ تۆگىنى قويۇپ بەرمەپتۇ. بىر يەرگە كەلگەندە تۆگە يىقىلىپتۇ.

سادىق ئاتا دېگەن كىشى مۆتىۋەللا، نەمەت دېگەن دادىلىرىنى «چۆلتاغنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋالسۇن» دەپ ھارۋىلىق چۆلتاغقا ئاپىرىپتۇ. مۆتىۋەللا، نەمەت دېگەن كىشىلەر ياش چاغلىرىدا پالكانلىق قىلىپ چۆلتاغنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا ئىزلىرىنى قالدۇرغانىكەن. ئۇلار چۆلتاغقا كېلىپ شۇنداق خۇش بولۇپ كەتكەن ھەمدە باللىرىغا ئوتتۇنوچى قاتارلىق يەرلەرنى كۆرسىتىپ قويغان.

چۆلتاغدىكى توغراقبۇلاق دېگەن يەردىن جەنۇبقا قاراپ 400 كىلومېتىر يول يۈرگەندە ياۋا تۆگە بار يەرگە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. ياۋا تۆگە ئادەتتە شاپ، چاكاندا، قومۇش، يانتاق، چىگە ئوت، يۇلغۇن قاتارلىقلارنى يەيدۇ. ئالتۇنتاغدا بولسا بىر خىل قىياقنى يەپ جېنىنى جان ئېتىدۇ. %90 ياۋا تۆگە شاپ يەيدۇ. شاپ يەردىن ئۈنۈپ چىقىپ توڭلاپ بولغۇچە سىقسا سۇ چىقىپ تۇرىدىغان شۇنداق سۇلۇق ئوت بولۇپ، ئۆزى يۇمشاق، سانجىلمايدۇ. بۇ ئوت بىر ئۈنسە بەش يىلغىچە يامغۇر ياغمىسىمۇ تۆگىلەرگە يەم بولىۋېرىدۇ. بۇنى يەپ بەش - ئالتە كۈندە بىر قېتىم سۇ ئىچىۋالسا، ياشاپ كېتىۋېرىدۇ. تۆگىنىڭ ئاشقازىنىدا سۇ خالتىسى بىلەن، بوغۇز خالتىسى ئايرىم بولىدىكەن. قەدىمدىن بۇيان تۆگىلەر بۇ جايدا شەرقتىن غەربكە 800 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 400 كىلومېتىر دائىرىدە ياشاپ كەلگەن.

تۆگە، كېيىكلەر تاغدا ئوت - چۆپ لۈممىدە چىققان ۋاقتتا تۇغىدىكەن، ياۋا جانىۋارلاردىن كېيىكلا 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 4 - كۈنىگىچە تۇغۇپ بولىدىكەن.

غۇلجا بۇ يەرگە تەۋە توغراقئېقىن، سېغىرتېغى قاتارلىق يەرلەردە ياشايدىكەن. بۇ يەرنىڭ غۇلجىسى باشقا يەرلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدىكەن. ئۇنىڭ جۈغى كىچىكرەك بولۇپ، ئېشەككە ئوخشاپ كېتىدىكەن. ئىككى مۈڭگۈزىنىڭ ئارىلىقى 65 — 72 سانتىمېتىر كېلىدىكەن. ئېغىرلىقى 150 كىلوگرامدىن ئارتۇقراق ئىكەن. بىر زاماندا بىر غۇلجىنى ئىككى ئادەم كۆتۈرۈپ ماشىنىغا سالالمىغانىكەن. بۇلارنىڭ سانى بارا - بارا ئازلاپ، ھازىر 300چە قاپتۇ. ئۇلار ئۈچ تاغقا بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ، باشقا يەردە يوق.

چۆلتاغدىكى كېيىكلارنىڭ سانى تەخمىنەن 2000 ئەتراپىدا بولسا كېرەك. كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاخىرقى ئېقىنىدا چوڭ بىر چىگىلىك بولۇپ، شۇ يەردە 1000دەك كېيىك توپ ياشايدىكەن. چۆلتاغدىكى توغراقبۇلاق بويلىرىدا 100چە كېيىك بار. ئۇلار تولكىدىنمۇ چېچەن ۋە سەزگۈر كېلىدۇ. بۇ بىچارىلەر ھازىر كېچىلىرى كان ئەتراپىغا ئاستا كېلىپ، چارىسىز ھالدا ئادەم گەندىسى يەيدىكەن. بۇنى كۆرسە ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ ياشاش مۇھىتى ناچارلاپ، ياشاش دائىرىسى تارلاپ كەتتى. ئۇلار سۇ ئىچىدىغان 50تەك بۇلاقنى زاۋۇت - كانلار ئىگىلىۋاپتۇ.

دىغاردىكى ئىشتىن سىرتقى ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش ھەۋەسكارلىرى غوجايۇلغۇن، تۇگمەنتېشى، جاڭگالبۇلاق، يېڭىبۇلاق، پالگانبۇلاق قاتارلىق يەرلەرنى داۋاملىق يوقلاپ تۇرىدۇ.

ئەزەلدىن تارتىپ بۇ يەردىكى ياۋا تۆگە مەنزىللىرىنى كىشىلەر تىلسىمات دەپ قاراپ كەلگەن. بىر قېتىم ئەخمەتنىياز ئىبراھىم دېگەن 20 ياشلار چامىسىدىكى دېھقان يىگىت ئارىپ دېگەن ئادەم بىلەن كېچىسى سۇ تۇتۇۋاتقاندا، بىردىنلا سۇ چىپپىدە توختاپ، ئەتراپ كۈندۈزدىنمۇ بەك يورۇپ كېتىپتۇ. ئاسمانغا قارىسا نوغۇچتەك ئۇزۇنلۇقتا بىر نۇر ئىككى تېرەك بويى ئېگىزلىكتە جاھاننى يورۇتۇپ تۇرغۇدەك. كەينىگە قارىسا، ئون نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تاغ كۆز ئالدىدا تۇرغۇدەك. ياۋا تۆگە، ھەتتا توشقان ئۇۋۇلىرىمۇ مۆجىزىلىك ھالدا يېنىدىلا تۇرغۇدەك. بىردەمدىن كېيىن بۇ كۆرۈنۈشلەر يوقاپ كېتىپتۇ.

يەنە بىر يالغۇز مەھەللىدە بىر ئەر - خوتۇن بار بولۇپ، ئۇلار كاج تالىشىپ قاپتۇ. بىر قېتىم يېرىم كېچىدە ئايال مال - ۋارانغا بىر قاراپ باقاي دەپ تالاغا چىقسا، ئالەم يورۇپ شامالمۇ توختاپ قاپتۇ. ئايال ئاسماندىكى نۇرنى كۆرۈپ ئاتا - بوۋىلىرىدىن ئاڭلىغان شىنۋنقەدىر ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ - دە، «ئېرىمنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ قوي» دەپتۇ.

يېنىپ كىرسە، ئېرى ئالتۇنغا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئۇنى دەرھال ئويۇققا يوتقان بىلەن جايلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ. بۇلارنىڭ ھويلىسى باشقا مەھەللىلەردىن خېلى يىراقتا بولۇپ، كېچىلىرى يالغۇزلۇق، چاشقانلارنىڭ تىرنىلىشى، بورانلارنىڭ گۇركىرىشى ئايالنى بەكلا قورقۇتۇۋېتىپتۇ. ناگان - ناگاندا ئېرىنى ئىزدىگۈچىلەر ئىشەكلىك كېلىپ سورىسا، «چۆلتاغقا كېتىپ كەلمىدى» دەپ جاۋاب بېرىدىكەن. قول ئىلكىدە بىر نەرسە بولماي قالغاندا، ئېرىنىڭ بىر چىمچىلاق بارمىقىنى سېتىپ خىراجەت قىپتۇ. بىرقانچە يىلدىن كېيىن بىر كېچىسى يەنە شۇنىقەدىرگە يولۇقۇپ تىلىكى ئارقىلىق ئېرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋاپتۇ.

60 - يىللاردا گاسىپ ئاكا دېگەن ئادەم قوي ئىزدەپ، جاڭگالدا شۇنداق چىرايلىق بىر ئات ئوقۇرنى ئۇچرىتىدۇ. ئۇ قولىدىكى ياغاچ بىلەن تاك - تاك ئۇرۇپ: «شۇنداق ياخشى ئوقۇر ئىكەن، ئۆيگە ئېلىپ چىقىپ كەتسەك» دەپ ئويلاپتۇ. قايتىشىدا كەلسە ئوقۇر جايىدا يوق ئىكەن.

قۇمتاغنىڭ ئىچىدە مۇسا دېگەن ئادەمنىڭ ئۆچكىسى يوقاپ كېتىپ، ئىزدەپ يۈرۈپ بىر چىلانلىق باغقا كىرىپ قاپتۇ. ئۇ كۆڭلىكىنى بوغۇپ ئىچىگە لىق چىلان قاچىلاپتۇ. يېنىشىدا ھەربىر بەش قەدەمدە بىر چىلاننى يولغا تاشلاپتۇ. ئەتىسى شۇ ئىز بىلەن بارسا باغ ئورنىدا يوق ئىكەن.

ئۇ تەرەپلەردە ئوغرىلانغان قەبرىلەر جىق، كىروراننىڭ 11 كىلومېتىر غەربىي شىمالىدا ئېچىلغان قەبرىلەر بار ئىكەن. توقسۇنلۇق قۇربان جامال دېگەن بىر ئادەمنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۈچ مېتىردەك كولانغان ياردائىڭنىڭ ئاستىدا بىر ئۆيىنىڭ ئىشىكى چىققان. ئۆيىنىڭ ئىچى ھاۋارەڭ سىرلانغانىكەن، ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۈچ - تۆت باشقا ئىشىك بار ئىكەن. بىر ساندۇق ئىچىگە بىر ئايال، بىر بالا قويۇلغان بولۇپ، بالىنىڭ بېشىدا ئالتۇن تاج، ئايالنىڭ قولىدا ئۈزۈكلەر بار ئىكەن. بۇ مومىيالارنىڭ بېشى جەنۇبقا قارىتىپ قويۇلۇپتۇ.

ھازىرغا قەدەر كىشىلەر بۇ جايلارنى تىلسىمات دەپ قارايدۇ. ئابدۇللا دېگەن دېھقاننىڭ 5 - ئەجداد بوۋىسى باسىت دېگەن ئادەم بولۇپ، ئۇ بىر مىلىستە ئۇسسۇل ئويناپ، ئوغلاق تارتىشىپ، بىر قېچىرنى تۇتۇۋالغان. ئۇ قېچىر «جىن» ئىكەن. ئۇنى قامچا بىلەن ئۇرۇپ مىنىۋېرىپتۇ، قېچىر قارا تەرگە چۆمۈپ: «بەس، باسىت، مېنى قويۇۋەت، ئەۋلادىڭغا زىيانكەشلىك قىلمايمەن» دېگەنىكەن. شۇ چاغدا ئۇ بىر چىمدىم يالىنى قىيىۋاپتۇ. ئۆيگە كەلسە، «چېچىمنى قايتۇرۇپ بەر» دەپ يىغلاپ تۇرۇۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن ۋەدە ئېلىپ قايتۇرۇپ بېرىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ «جىن» ئوت بولۇپ كەتكەنىكەن.

مۇشۇنداق رىۋايەتلەر مۇشۇ يەردىكى كىشىلەر ئارىسىدا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تارقىلىپ كەلگەن، بۇ رىۋايەتلەر مەلۇم نۇقتىدىن تەكلىماكان گىرۋەكلىرىنىڭ سىرلىقلىقىنى ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

چۆلتاغدا ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش مەسئۇللىرىنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، تۇرپان ۋىلايىتى تەۋەسىدە 200دىن ئارتۇق بۇلاق بولغان. ياۋا تۆگىلەر ئۇچۇن چۆلتاغ تەۋەسى قىشلاقتۇر. ياۋا تۆگىلەر ئوتتۇنوچى، يانتاققۇدۇق، پالگانبۇلاق قاتارلىق جايلاردا قىشلايدۇ. ئۇلار ھەر يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن باشلاپ ئالتۇنتاغدىكى ئاتمىشبۇلاق، تاتلىقبۇلاق دېگەن يەرلەردىن ئۆتۈپ چۆلتاغقا كېلىدۇ. 2004 - يىلىدىكى ساناقتا 700دىن ئارتۇق ياۋا تۆگىنى ساناپ چىققان. ئۇلار بۇ يەردە 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنىگىچە قەدەر تۇرىدۇ. ئالتۇنتاغنىڭ ھەممىلا يېرىدە سۇ كۆپ، سالقىن، ئوت - چۆپ ياخشى ئىكەن. ئۇ يەردە ئاقئوت دەيدىغان قىياققا ئوخشايدىغان بىر ئوت بولۇپ، تۆگىلەر شۇنى ئوزۇق قىلىدىكەن. ياۋا تۆگىنىڭ شەكلى كۆنەك تۆگىگە قارىغاندا، بېشى ئاتتەك چوڭ، رەڭگى سىيدام، كۆكۈلىسى، ئۆركىشىنىڭ ئارىلىقى يېقىن بولىدىكەن.

لوپنۇر تەرەپتىكى غۇلجىلار سەل يوغانراق بولۇپ، كۆل رەڭ كېلىدىكەن. ئاساسلىقى قىشلىقى باشتوغراق، ئوتتۇراتوغراق تەرەپلەردە ياشايدىكەن. چۆلتاغدا باشقا ھايۋانلارغا قارىغاندا جەرەن كۆپ ئۇچرايدۇ.

كەن. چۆلتاغدىن 360 كىلومېتىر يىراق يەردە سۈيى تاتلىق بۇلاق بار ئىكەن. بۇ يەردە شەكىل جەھەتتە جەرەندىن سەل كىچىكرەك، پۇتى يوغان، مۈڭگۈزى قارا، ئالدىغا ئېگىلىپ تۇرىدىغان، قورسىقىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدە قارا سىزىق بار بىر خىل ھايۋان ياشايدىكەن.

يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 82 — 83 - يىللىرىدا كونا دىغاردىن 80 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە تەبىئىي بۇلاق بولغانىكەن. ياۋا تۆگىلەر مۇشۇ يەرلەردە ئەركىن ياياپ يۈرەتتىكەن. شۇ چاغدا سانى 5000دەك كېلىدىكەن. قەدىمدىن تارتىپ پالگانلار ياۋا تۆگە ئىزلىرىنى ساناپلا ئۇلارنىڭ سانىنى ھېسابلاپ بىلەلەيدىكەن. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 - يىللاردىن باشلاپ بۇ يەردە كان ئېچىش دولقۇنى بولۇپ كەتكەن. قانۇنسىز ھالدا ھەركۈنى قالايمىقان پارتلىتىپ، تۆگە سۇ ئىچىدىغان نۇرغۇن بۇلاقلار ۋەيران قىلىنغان. شۇنداق قىلىپ، نۇرغۇن بۇلاقلار قۇرۇپ كەتكەن. ھازىر نۇرغۇن بۇلاقلارنى بەس - بەستە قۇرۇلۇۋاتقان زاۋۇتلار ئىگىلىۋالغان. ئىگىلىۋېلىنغان بۇلاقلاردىن قاتارىيولغۇن، تۆگمەنتاشبۇلاق، بۇراتاغبۇلاق، سەكسەنبۇلاق، ئىلى تۇرغۇچبۇلاق، زىنىدانبۇلاق، ئاچچىقبۇلاق، جاڭگالبۇلاق، كاۋابۇلاق قاتارلىقلارنى ئاتاش مۇمكىن. ھازىر بۇ يەرگە ياۋا تۆگە قاتارلىق جانىۋارلار كېلىپ سۇ ئىچەلمەيدۇ. يەنە ئىسمى ئاتالمىغان ئونبەشتەك بۇلاقنىمۇ زاۋۇت - كانلار ئىگىلىۋالغان. بۇ بۇلاق سۇلىرى قۇرىمايدۇ. زاۋۇت - كانلار بۇلاق سۇلىرىنى تۇرۇبا بىلەن تارتىپ كەتكەنلىكتىن، شۇ دائىرىدىكى بوستانلىقلار پۈتۈنلەي قۇرۇپ كېتىپ، تەبىئىي ئېكولوگىيە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. نۇرغۇن بوستانلىقلار چىقىرىلغان خىمىيەۋى چىقىرىندى سۇلار بىلەن ھالىدىن كەتكەن. «ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش» دېگەن ۋېۋىسكىنى ھەممە يەردە ئۇچراتقىلى بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلىي ئەھۋال شۇ دەرىجىدە ئېچىنىشلىق. بۇلاق سۇلىرى تۇرۇبا بىلەن تارتىلىپ كېتىلگەنلىكتىن، دىغارنىڭ 70 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدىغان ئاچچىقبۇلاقنىڭ 1000 موچە ئوتلاق يېرى قۇرۇپ كەتكەن. ئۇ يەردىكى قومۇش، يانتاق قاتارلىق ئوت - چۆپلەر تامامەن يوقالغان. يۇلغۇنلارنىڭ ھالىغا قارىسا، ئادەمنىڭ ئىچى ئېچىشىدۇ.

يىراق توقايلىقلاردا يىلپىز، ئاق تۈلكە، بۆرە قاتارلىقلار بار. يىلپىز كۆپەيمەيۋېتىپتۇ. بوراتاغ، ياقۇتتاغ بارغانچە چۆللىشىپ كېتىۋېتىپتۇ. ياۋا تۆگە قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ياشاش دائىرىسى بارغانچە تارايغىلى تۇرۇپتۇ، تۇنۇگۈنكى بۇلاقلار بۈگۈن يوق بولۇۋېتىپتۇ. سۇ بولمىسا، ھاياتلىق داۋاملاشمايدۇ. ياۋا تۆگىلەرنى ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ قوغدىغىلى بولمايدۇ. كېيىنكى ئەۋلادلارغا بىرنەرسە قالدۇرۇش كېرەك. يەرلىك دېھقانلار يەنە ئون يىلدىن كېيىن بۇ يەرلەرنىڭ ئاخىرقى بىر تال گىياھىمۇ گۆھەر بولۇپ كېتەرمۇ، دەپ ئەنسىرەيدىكەن. قانچە يۈز يىللاردىن بۇيان چاڭ - توزان يۇقمىغان، قېزىپ قازغانسېرى تۈگىمەيدىغان ساناقسىز مىنېراللار قوينىدىكى بۇ پاكىز زېمىن ئادەم چۆچۈگۈدەك ئەخلەت بولۇپ كەتسە، كىمنىڭمۇ گەپ قىلماي قاراپ تۇرغۇسى كېلىدۇ؟ ھەربىر ئادەم بىر پارچىدىن قەغەز، بىر تالدىن بوتۇلكا تاشلىغىلى تۇرسا قانچىلىك ئەخلەت بولىدۇ؟ بۇنى قانداقمۇ مەدەنىيەت دېگىلى بولسۇن؟ مۇھىت مۇشۇنداق پاسكىنىلىشىپ كەتسە، ئاخىرىدا ئەخلەتلەرنى ئىنسان تازىلاپ تۈگىتىش مۇمكىن بولماي قالىدۇ.

بۇلار بۈگۈنكى بىر رېئاللىق. ئەي ئادەملەر، ياۋا تۆگىلەرنىڭ تاماق قاچىسىنى تارتىۋالمايلى، ئۇلارغىمۇ ياشاش ئۈچۈن ئازراقچە يەر قالسۇن. بۈگۈن بۇلاقلارنى قۇرۇتۇۋەتسەك، ئەتە ياۋا تۆگىلەرنى چۆچەكتە سۆزلىرامدۇق؟ نەۋرەتتە ئۇلارنىڭ كۆز ياشلىرىغا ئىچ ئاغرىتماي تۇرۇش مۇمكىنمۇ؟!

(ئاپتورى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)



ئاقىلخان ئىبراھىموف*

# رەڭلەردە سازلانغان مۇقاملار

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئەھمەدجان ئابدۇرەھىم

نەۋايىنىڭ ھىمايىسىدە يېتىشكەن قابىل شاگىرتلىرىدىن كەمالىددىن بېھزادنىڭ كىتاب تەسۋىرىي سەنئىتىنى يۈكسەلدۈرگەن، ھىرات قىستۇرما رەسىم مەكتىپىنىڭ نامىنى دۇنياغا تونۇتقان رەسسام ئىكەنلىكى بىزگە مەلۇم. شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، كەمالىددىن بېھزاد ۋە ئۇنىڭ ئۇستازى مىرەك نەققاش، بېھزادنىڭ كەسىپداشلىرىدىن قاسىم ئەلى، دوستمۇھەممەد، مەھمۇد مۇزەھھىب، شۇنىڭدەك ھىرات مەكتىپىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغان بۇخارا ۋە سەمەرقەنت مەكتەپلىرىنىڭ قىستۇرما رەسىملىرى 15 — 16 - ئەسىرلەرنىڭ تەسۋىرىي ۋە ئەمەلىي بېزەك سەنئىتى (ھەرخىل كەسىپلەردە قوللىنىلىدىغان نەققاشلىق سەنئىتى)، بىناكارلىقى ۋە مەپكۇرىسى قاتارىدا شۇ دەۋرنىڭ مۇزىكىسىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم مەنبەلەردىن ھېسابلىنىدۇ. خۇسۇسەن، ئاشۇ تەسۋىرلەر ئاساسىدا ئەينى زاماندا كەڭ قوللىنىلغان چالغۇلار، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك شارائىتلاردا ھازىر بولۇش ھالەتلىرى ھەققىدە ئازدۇر - كۆپتۇر مەلۇماتقا ئىگە بولۇش مۇمكىن. بۇ ماقالىدە سۈرەتلەر تەسۋىرىدە جۇلالانغان رەڭلەرنىڭ نادىر مۇقاملارغا مۇناسىۋەتلىكلىكى مەسىلىسى مۇلاھىزە قىلىنىدۇ. بۇنىڭدا ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋايىنىڭ «سەبئەئى سەييارە» داستانىغا ئىشلەنگەن قىستۇرما رەسىملەردىن ئاساسىي مەلۇمات ۋە دەلىل مەنبەسى سۈپىتىدە پايدىلىنىمىز.

«سەبئەئى سەييارە» داستانىنىڭ ۋەقەلىكى «شانۇ شەۋكەتلىك پادىشاھ، ماھىر ئوۋچى ۋە ئىشقپەرەس كىشى» سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن بەھرام گور ھەققىدىكى ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەرگە بېرىپ تاقىلىدۇ[1]. يازما ئەدەبىياتتا بەھرام گور ئوبرازى تۇنجى قېتىم ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىينىڭ «شاھنامە»سىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەنىدى. شەرق نادىر ئەدەبىياتىدا خەمسەچىلىك ئەنئەنىسىنى باشلاپ بەرگەن مۇتەپەككۇر شائىر نىزامى گەنجەۋىينىڭ «ھەفت پەيكەر» (يەتتە گۈزەل) داستانىدىمۇ بۇ تېما ئەدەبىي جەھەتتىن قايتا ئىشلىنىپ، ئۇ يەتتە ھېكايە ۋەقەلىرى بىلەن يەنىمۇ بېيىتىلگەنىدى[2]. نىزامىينىڭ بەدىئىي تەلقىنى كېيىنچە خۇسرەۋ دېھلەۋىينىڭ «ھەشت بېھىشت» (سەككىز جەننەت)، ئەلىشىر نەۋايىنىڭ «سەبئەئى سەييارە» داستانلىرىدا ئىجادىي داۋام ئەتكۈزۈلدى. جۈملىدىن نەۋايى ئەسىرىنىڭ باش قەھرىمانى بولغان بەھرام ئادالەتلىك شاھ بولۇشى بىلەن بىللە يەنە چىن ئاشىقلىق پەزىلەتلىرى بىلەنمۇ سۈپەتلىنىدۇ. نەتىجىدە شاھ بەھرامنىڭ گۈزەل ھۆسن ۋە ئەخلاق ساھىبى دىلئارامغا بولغان مۇھەببەت سەرگۈزەشتلىرى يەتتە سەييارە ھېكايىسى بىلەن تەسەۋۋۇپ مەۋقەسىدە يەنىمۇ جانلىق ۋە قايىل قىلارلىق ھالدا باغلىنىدۇ. ئەسەردىكى باش مەقسەتنى تېپىپ چىقىشتا ئۇنىڭدىكى ئىشارەت تىلى بىلەن بايان قىلىنغان كۆپلىگەن ۋەقە - ھېكايەتلەرنىڭ ھېكمىتىنى چۈشىنىش، قوللانغان سان ۋە رەڭلەرنىڭ سىرىنى بىلىش زۆرۈردۇر. بۇ ھەقتە ئەڭ ئاۋۋال داستاننىڭ نامىدا كەلگەن، ئەسەر داۋامىدا ئاچقۇچلۇق ئەھمىيەتكە ئىگە «يەتتە»

* ئاپتور ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ سەنئەتشۇناسلىق دوكتورى، پروفېسسور.

سۆزى دىققەت ـ ئېتىبارىمىزنى تارتىدۇ. «سەبئەئى سەييارە»نى مەخسۇس تەتقىق قىلغان ئالىم سەئىدبېك ھەسەنوفنىڭ تەتقىقاتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، «يەتتە» سۆزى تۆرلۈك بىرىكمىلەر (يەتتە سەييارە، يەتتە ئىقلىم، يەتتە رەڭ، ھەپتىنىڭ يەتتە كۈنى، يەتتە قات ئاسمان، ۋەھاكازالار) ھالىتىدە داستاندا جەمئىي تۇقسان قېتىم قوللىنىلغان. داستاننىڭ بەدىئىي غايىسىنىڭ مەركىزىدىمۇ يەتتە ھېكايىنىڭ تۆرۈشى ئالاھىدە قەيت قىلىنىدۇ③. ئېتىبارلىق تەرىپى شۇنىڭدىكى، يەتتە ھېكايە بىلەن باغلىق ھالدا يەنە «يەتتە» رەقىمى كەلگەن بىرىكمىلەرنىڭ بارلىقىنىمۇ كۆرىمىز. بۇ باغلىنىشلارنى تۆۋەندىكى شەكىلدە مۇنداق ئىپادىلەش مۇمكىن:

| ھېكايىلەر تەرتىپى | بىرىنچى ھېكايە | ئىككىنچى ھېكايە | ئۈچىنچى ھېكايە | تۆتىنچى ھېكايە | بەشىنچى ھېكايە | ئالتىنچى ھېكايە | يەتتىنچى ھېكايە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سەييارىلەر نامى | كەيۋان (ساتۇرن) | قۇياش | ئاي | مىررىخ (مارس) | ئەتارۇد (مېركۇرىي) | مۇشتەرىي (يۇپىتېر) | زۆھرە (ۋېنېرا) |
| رەڭ تۈسى | قارا | سېرىق | يېشىل | قىزىل | كۆك | قارامتۇل | ئاق |

جەدۋەلدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، «يەتتە» سۆزى سەييارىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ھەپتىنىڭ يەتتە كۈنى ۋە ھەرخىل رەڭلەرگە باغلانغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ «يەتتىلىك» بىرىكمىلەردىن چۈشىنىۋالىدىغان يەنە بىر «يەتتىلىك» ھالىتىمۇ باركى، ئۇنى ئەسەرنىڭ باش تېمىسىنى ئىپادىلىگۈچى «يەتتە باسقۇچلۇق مۇزىكا» دەپ سۈپەتلەش مۇمكىن. بىز بۇ يەردە يەتتە باسقۇچلۇق نەغمىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل ئۈيۈشمىسى ۋە ئۇلارغا ئاساسلانغان مۇزىكا، يەنى مۇقامنى نەزەردە تۇتماقتىمىز.

ئەسلەپ كۆرەيلى، نەۋايى ھەزرەت ئىجادىيىتىدە مۇزىكا ۋە مۇقام سەنئىتى بىلەن باغلىق چۈشەنچە ۋە ئاتالغۇلار ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم، ئەۋج نۇقتىلىرىدا، بەزىدە خۇلاسە تەرزىدە نامايان بولىدۇ. جۈملىدىن «سەبئەئى سەييارە» داستانىدا مۇزىكىغا نوپۇزلۇق ئورۇن ئاجرىتىلغان. داستان قەھرىمانى بەھرام ھەققەتەن ئىشق دەردىگە مۇپتىلا. ئۇ مۇزىكىنى قەلبەن ئاڭلايدۇ، ئۇنى ئاسماندىن كېلىۋاتقان ۋەھيى سۈپىتىدە چۈشىنىدۇ. ئۇنىڭ سۆيۈملۈك يارى دىلئارام ناھايىتى گۈزەل ھۆسنى ۋە زاكاۋىتى بىلەن، شۇنداقلا مەپتۇنكار خۇش ئاۋازى ۋە ماھىر چالغۇچىلىقى بىلەن يۈكسەك سەنئەت سىيماسىدۇر. ئۇنىڭ «سازلار كېلىنچىكى» تەرىپىنى ئالغان (دەرۋىش ئەلى چاڭچىنىڭ سۆزى) «بېشى ئېگىك» چالغۇسى چاڭ (ئەرفا) خىيالىي ۋە ساداقەتلىك يار تىمسالىدۇر.

داستاندىكى يەتتە ھېكايىنىڭ ھەربىرى ئۆزگىچە كۈي ـ ناۋالىرى، ئالاھىدە مۇقام پە دىلىرى بىلەن ئورالغان. بۇ مۇزىكىنى ھېس قىلىشىمىزدا داستانغا ئىشلەنگەن قىستۇرما رەسىم مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بىراق، بۇ مەسىلىنى مۇلاھىزە قىلىشتىن بۇرۇن مۇقاملارنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

بىزگە مەلۇمكى، مۇقام سەنئىتى مۇكەممەل تەرزدە بىرىككەن يەتتە ئاساسىي كۈيگە ئاساسلىنىدۇ. بۇنىڭدەك مۇزىكا ياكى نەغمە توپى شەرق ۋە غەرب مۇزىكىسىدا، جۈملىدىن «سەبئەئى سەييارە» داستانىدىكى مۇساپىر ھېكايىچىلەرنىڭ ۋەتەنلىرىدىمۇ (مەسىلەن، ھىندىستان، چىن، رۇم، خارەزم، ۋەھاكازالار) قەدىمدىلا بولغان. بۇ كۈيلەرنىڭ كېلىپچىقىشى ھەققىدە تۈرلۈك قاراشلار مەۋجۇت. مەشھۇر مۇزىكىشۇناس ۋە ئالىم دەرۋىش ئەلى چاڭچىنىڭ «تۇھفەتۇس ـ سۇرۇر» ناملىق رىسالىسىدە يېزىلىشىچە، بۇرۇن يەتتە مۇزىكا پېشۋاسىدىن يەتتە مۇقام (راست، ئۇششاق، ناۋا، ھىجاز، ھۇسەينىي، ئىراق، راھەۋىي) مىراس قال-

غانىكەن. بۇنىڭدىن پەرقلىق ھالدا قەدىمكى يۇنانلىقلاردا يەتتە تاۋۇشنىڭ كېلىپچىقىشى توغرىسىدا ئۆزگىچە قاراشلار مەۋجۇت ئىدى. فىساغورس (پىفاگور) ۋە ئۇنىڭ ئىزداشلىرى (ئىز باسارلىرى) يەتتە ساماۋى جىسىم ئاي، مېركۇرىي، ۋېنىرا، قۇياش، مارس، يۇپىتېر ۋە ساتۇرن كائىناتنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىپ، ھەربىرى ماسلاشقان يەتتە نەغمىنى ھاسىل قىلىدۇ. مۇزىكىدىكى يەتتە تاۋۇش ۋە ئۇلارنىڭ مۇكەممەل ئۇيۇشمىسى شۇ ئاساستا مەيدانغا كەلگەن، دەپ پەرەز قىلىشقانىدى، بىراق ئاسترونومىيەدىكى كېيىنكى كەشپىياتلار «سەييارىلەر مۇزىكىسى» نەزەرىيەسىنى يوققا چىقاردى. قەدىمكى پەن ۋە سەنئەت ئۇتۇقلىرىنى ياخشى بىلىدىغان نىزامىي گەنجەۋىي «ھەفت پەيكەر» داستانىدا يۇنانلىقلارنىڭ يەتتە پەلەك قاراشلىرىنى شەرق پەلسەپىسى (ئادەم ۋە ئالەم ماسلىقى) مەۋقەسىدە قايتا تەلقىن قىلىپ، ئەسىرىنىڭ مەزمۇنىغا تەبىئىي ئۇيغۇنلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ نىزامىينىڭ «ھەفت پەيكەر»ى ۋە ئۇنىڭغا جاۋاب (نەزىرە) تەرزدە يېزىلغان داستانلاردا ( مەسىلەن، «ھەشت بېھىشت»، «سەبئەئى سەييارە»، ۋەھاكازالار) سەييارىلەر ئارا ماسلىقنى ئىپادىلىگۈچى ئاھاڭلار ئەسەرگە سىڭدۈرۈۋېتىلگەن.

ساماۋى جىسىملارنىڭ مۇقاملار بىلەن باغلىنىشىنى ئېنىقلاشتا ئەزەربەيجانلىق كومپوزىتور ۋە ئالىم ئۇزەيىر ھاجىبېكوفنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىلمىي ئىزدىنىشلىرى ۋە نەتىجىلىرى ناھايىتى قىممەتلىكتۇر. تۆۋەندىكى جەدۋەل شۇ ئاساستا تۈزۈلدى:

| سەييارە نامى | ساتۇرن (كەيۋان) | قۇياش | ئاي | مارس (مىررىخ) | مېركۇرىي (ئەتارۇد) | يۇپىتېر (مۇشتەرىي) | ۋېنىرا (زۆھرە) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| مۇقام نامى | راھەۋىي | ئىراق | ناۋا | ئۇششاق | بۇسلىك | زەرىفكەند | راست |
| پە دە (تاۋۇش نامى) | رە | ليە | مى | سى | فا | دو | سال |

بۇ جەدۋەل ئاساسىدا ئەسەر تېمىسىغا مۇناسىۋەتلىك ھەم مۇقامنىڭ تارىخىغا ئالاقىدار مۇھىم خۇلاسىلەرنى چىقىرىش ئىمكانىيىتى مەۋجۇت. مۇقاملارنىڭ ناملىرىغا ئاساسلانغاندا، «سەبئەئى سەييارە» داستانىدا تېمۇرىيلەر سارىيىدا ئادەت بولغان مۇقامچىلىق ئەنئەنىلىرى ئىپادىلەنگەنلىكى ھەققىدىكى دەسلەپكى خۇلاسە مەنتىقىگە ئۇيغۇن. ئەلۋەتتە، بۇ مەلۇم تەرەپتىن شۇنداق بولۇشىمۇ تەبىئىي. تېمۇرىيلەر دەۋرىدە ئون ئىككى مۇقامنىڭ تىزىمى مەشھۇر بولغان. يۇقىرىدىكى جەدۋەلدە مۇقاملارنىڭ مۇندەرىجىسى ۋە ئۇلارنىڭ تاۋۇش مۇناسىۋەتلىرى يەتتىلىك شەكلىدە كۆرۈنىدۇ. دېمەك، ئون ئىككى مۇقامدىنمۇ قەدىمىيرەك مۇقام تىزىمى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش مۇمكىن. بۇ ھەقتە مەلۇم ئاساسلارمۇ بار. خەمسەچىلىك ئەنئەنىسى ھەققىدە ئىزدەنگەن ئالىملارنىڭ قەيت قىلىشىچە، «ھەشت بېھىشت» ۋە «سەبئەئى سەييارە» داستانلىرىدىكى ھېكايىلەرنىڭ مەزمۇنى مەنبەگە قاراپ قىسمەن پەرقلەنسىمۇ، بىراق بۇ ئەسەرلەردىن ئورۇن ئالغان سەييارىلەر تەرتىپى، ئۇلار بىلەن باغلىنىشلىق يەتتە كۈن ۋە رەڭلەر نىزامىي گەنجەۋىينىڭ «ھەفت پەيكەر» داستانىغا ئەينەن ئاساسلانغان. بۇ ھال تېمىنى تارىخىي ئىزچىللىقتا ئىگە قىلىدۇ. بۇنىڭدىن بىلىنىپ تۇرۇپتۇكى، ئەللامە نىزامىي گەنجەۋىي ئىران ساسانىيلىرى ئوردىسىدا، جۈملىدىن ۋەرەخرەن، يەنى بەھرام گور سارىيىدا يەتتە مۇقامنىڭ ئىجرا قىلىنغانلىقى خۇسۇسىدا تەخمىن قىلغان بولسا كېرەك. ئۇنىڭ «خۇسرەۋ ۋە شىرىن» داستانىدا ساسانىيلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى خۇسرەۋ پەرۋىز دەۋرىدە (مىلادىيە 590 ـــ 628) خىزمەت قىلغان مەشھۇر ساراي مۇزىكىچىلىرىنىڭ باربىدتا مۇقام پەدىلىرىنى چالغانلىقىغا ئىشارەت قىلغۇچى مىسرالار ئۇچرايدۇ. تەبىئىيكى، نىزامىي گەنجەۋىينىڭ مۇقاملار

ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرى ئۆز زامانىسىنىڭ نادىر مۇزىكىسىدىن كېلىپ چىققان. دېمەك، مۇتەپەككۇر شائىر نىزامى ياشىغان دەۋردە ساراي سەنئىتىدە يەتتە مۇقام تىزىمى بولغان. مەزكۇر تىزىم تەخمىنەن 5 — 6 - ئەسىرلەر مابەينىدە ئۇزۇل - كېسىل شەكىللەنگەنلىكىنى ۋە 7 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كېلىپ، ئون ئىككى مۇقامغا ئۆتكەنلىكىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. بۇ پىكىرنى قۇۋۋەتلىگۈچى بەزى دەلىللەرنى تۆۋەندە كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز:

مۇتەخەسسىسلەر «زور مېمارچىلىق ئىنشائاتلىرىغا تەققاسلىنىشى مۇمكىن بولغان مۇقاملارنىڭ مەيدانغا كېلىشى جەمئىيەت تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار ئامىللارغا باغلىق ئىكەنلىكى»نى ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇنىڭدا (1) راۋاجلانغان شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى؛ (2) پەلسەپىۋى قاراشلار ۋە ئۇلارغا ئاساسلانغان نادىر شېئىرىيەتنىڭ بولۇشى؛ (3) پەنلەر قاتارىدا مۇزىكا ئىلمى كەسپىي مۇزىكا قاتلىمى (بەستىكارلىق، سازەندىلىك، خانەندىلىك)نىڭ نىسبەتەن تەرەققىي قىلغانلىقى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، شەرق مۇسۇلمان ئالىمىدە مۇقامنىڭ ئۇزۇل - كېسىل شەكىللىنىشى ئۈچۈن زۆرۈر ئامىللار 5 — 6 - ئەسىرلەردىلا مەۋجۇت ئىدى. ھالبۇكى، شۇ دەۋرلەردە ئەبۇ ئابدۇللا خارەزمىي (780 — 850)، ئەھمەد فەرغانىي (797 — 865) ۋە ئەبۇ رەيھان بېرۇنىيلارنىڭ (973 — 1048) ئىلمىي پائالىيەتلىرى ئاستىدا ئالگېبرا، ئاسترونومىيە، گېئومېترىيە راۋاجلاندى. ئەبۇ نەسر فارابىينىڭ (873 — 950) مۇزىكىشۇناسلىقتىكى بۈيۈك خىزمەتلىرى شەرق مۇزىكا ئىلمىگە ئاساس سالدى، كەسپىي مۇزىكا ئەمەلىيىتى يېڭى باسقۇچقا يۈكسەلدى. شەرق خەلقلىرى ئارىسىدا تەسەۋۋۇپ تەلىماتى ۋە ئۇنىڭغا ئاساسلانغان نادىر شېئىرىيەت نەمۇنىلىرى كەڭ تارقىلىشقا باشلىدى، يېڭى تىپتىكى شەھەرلەر گۈللەندى. ئوتتۇرا ئاسىيادا سەمەرقەنت، بۇخارا، ئۈرگەنچ، كات ۋە تاشكەنت شەھەرلىرى پەن، ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا - سېتىق راۋاجلانغان مەدەنىي مەركەزلەرگە ئايلاندى. ئەنە شۇ ئامىللار تەسىرىدە ئوتتۇرا ئەسىردىكى شەرقنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدە يەتتە مۇقام مەيدانغا كەلگەن بولسا كېرەك.

داستانلار ئاساسىدا ئېنىقلىنىۋاتقان يەتتە مۇقامنىڭ تەركىبى دەرۋىش ئەلى چاڭىي رىسالىسىدە قەيت قىلىنغان يەتتە مۇقام ناملىرىغا ناھايىتى ماس كېلىشى رىسالە مۇئەللىپىنىڭ مۇزىكىدا ئابرۇيلۇق ئۇستازلاردىن غوجا ئابدۇلقادىر مەراغىي، غوجا سەفىئۇددىن ئىبنى ئەبدۇلمۇئمىن ۋە سۇلتان ئۇۋەيس جەلايىرلارنىڭ پىكىرلىرىگە تايىنىپ يازغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ. 9 — 11 - ئەسىرلەرگە ئائىت ئايرىم يازما مەنبەلەردىمۇ ئاساسەن يەتتە مۇقامغا مەنسۇپ مۇقام ناملىرىنىڭ ئۇچرىشى بۇ پىكىرنى يەنىمۇ كۈچەيتىدۇ. مەسىلەن، ئۇنسۇرۇل - مەئالىي كەيكاۋۇسنىڭ «قابۇسنامە»سىدە مۇزىكىدىكى ئۇلۇغ شەكىللەر (يەنى مۇكەممەل پەدە ئۇيۇشمىلىرى) سۈپىتىدە «ئىراق» ۋە «ناۋا» مۇقاملىرى زىكىر قىلىنىدۇ[4]. مۇقاملار سارايدىن تاشقىرىدا ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان تۈرلۈك مەجلىس ۋە يىغىلىشلاردىمۇ ئىجرا قىلىنغان. لېكىن، سارايدىن تاشقىرىدا ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان ئىجرا شەكىللىرىدە مۇقاملار تۈركۈم شەكىلدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن ئېلىنغان ئايرىم نەمۇنىلەر تەرزىدە ئورۇنلانغانلىقى بىلىنىدۇ. ۋەھالەنكى، مۇقامنىڭ تولۇق تۈركۈملىنىش شەكىللىرى ئاساسەن ساراي سەنئىتىگە خاستۇر. بۇنىڭدا ئالىملارنىڭ مۇقاملارنىڭ كائىناتتىكى سەييارىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىگە باغلىقلىقى ۋە ئۇلارنىڭ كىشىلەرنىڭ روھىيىتىگە بولغان تەسىرى نۇقتىسىدىن چىقىپ توپلىغان مۇھىم مەلۇماتلىرى ئاساسىدا مۇقام ئىجرا قىلىش ئۈچۈن تۇراقلىق ۋاقىت بەلگىلىگەنلىكى مەنبەلەردىن مەلۇم. بۇ تۇراقلىق ۋاقىت دەسلەپتە يەتتە مۇقام تىزىمىنى ساراي ھاياتىغا تەتبىقلاش زۆرۈرىيىتىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان بولۇپ، كېيىنچە بۇنداق تۇراقلىق ۋاقىت ئون ئىككى مۇقام ئىجراچىلىقىغا ماسلاشتۇرۇلغان.

مەلۇمكى، ئون ئىككى مۇقام زەنجىرى مۇتلەق كۆپ ساندىكى مۇزىكا رىسالىلىرىدە (ئۇرمەۋىي، جا-

مى، ھۇسەينىي، ۋەھاكازالار) «ئۇششاق» مۇقامى بىلەن باشلىنىدۇ. بىراق، ئون ئىككى مۇقامغا ئائىت يازما مەنبەلەردە بىرىنچى مۇقام ئورنىدا «راھەۋىي» مۇقامى قەيت قىلىنىدۇ⑤. ئۇنىڭ ۋاقتى تاڭ ئېتىشى بىلەن (بامدات نامىزى ۋاقتى) باشلىنىدۇ. «سەبئەئى سەييارە» داستانى ئاساسىدا ئېنىقلانغان «راھەۋىي» مۇقامى قارا سەييارە ساتۇرن بىلەن باغلانغان. ئۇنىڭغا بېغىشلانغان «بەھرام قارا قەسىردە» ناملىق قىستۇرما رەسىمدە تاڭ ۋاقتىغا ئىشارە بار. ئۇنىڭدا گۈمبەز ئارقىسىدىكى توق كۆك ۋە ئاچ (ئاقۇش) بوياقلار توقۇنۇشىدا توق رەڭنىڭ ئارقىغا چېكىنىۋاتقانلىقى بىلىنىدۇ⑥.

ئون ئىككى مۇقامنىڭ كېيىنكى قىسىملىرىنىڭ تەقسىماتىغا ئائىت بايانلاردا يازما مەنبەلەردە ئازراق پەرقلەر بار. بۇ مەنبەلەر ئارىسىدا نەجمىددىن كەۋكەبىي رىسالىسىدە كەلتۈرۈلگەن تۇراقلىق ۋاقىت قارىشى يەتتە مۇقام ۋاقىتلىرىغا يېقىن كۆرۈنىدۇ. مەسىلەن، كەۋكەبىي «ئىراق» مۇقامىنى ئىجرا قىلىش ۋاقتىنى قۇياش ئازراق كۆتۈرۈلگەن چاشگاھ پەيتىگە باغلايتتى. بۇ ۋاقىتلارمۇ يەتتە مۇقامدىن مىراس قالغاندەك كۆرۈنىدۇ. چۈنكى، «سەبئەئى سەييارە» داستانىدىكى يەتتە مۇقامنىڭ بىرسى بولغان «ئىراق» مۇقامى كۈندۈز بىلەن باغلانغانىدى. ئۇنىڭغا ئىشلەنگەن «بەھرام ئالتۇن قەسىردە» ناملىق قىستۇرما رەسىمدە پۈتۈن مەۋجۇدات گويا قۇياش نۇرى بىلەن تاۋلىنىپ مۇنەۋۋەر تۈس ئالغانىدى.

«سەبئەئى سەييارە»دە كەلگەن ئۈچىنچى «ناۋا» ۋە ئون ئىككى مۇقامدىكى ناۋالارنىڭ ئورۇنلىنىش ۋاقىتلىرى ئارىسىدا خېلى پەرق بار. كەۋكەبىينىڭ رىسالىسىدە «ناۋا» مۇقامىنىڭ ۋاقتى شام نامىزى مەزگىلىگە توغرا كېلىدۇ. كېچە ۋە يېشىل رەڭ بىلەن باغلانغان «ناۋا» ئەسىر ۋاقتىغا توغرىلانغاندەك كۆرۈنىدۇ. «بەھرام يېشىل قەسىردە» ناملىق قىستۇرما رەسىمدە ئاسماندا ئاچ سېرىق بوياقلار گويا قۇياشنىڭ يورۇقى سۇسلاپ ئاچ كۆك رەڭگە ئورۇن بوشىتىپ بېرىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ.

«ئۇششاق» ناملىق مۇقامنىڭ ئىجرا قىلىنىش ۋاقتىدا كەسكىن پەرقلەر بارلىقى كۆزگە چېلىقىدۇ. كەۋكەبىي «ئۇششاق» مۇقامىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ۋاقتىنى ئەتىگەنكى قۇياش چىققان مەزگىلگە باغلاپ كۆرسىتىدۇ. قىزىل سەييارە مارس بىلەن باغلىق بولغان «ئۇششاق» مۇقامىنىڭ ۋاقتى شەپەق پەيتىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ ھال «بەھرام گۈلگۈن قەسىردە» ناملىق قىستۇرما رەسىمدىمۇ مەلۇم نىسبەتتە ئەكس ئېتىدۇ. جۈملىدىن ئاسماندا ھىلال ئاي، يۇلتۇزلار ۋە شەپەق تۈسىنى ئالغان گۈمبەز تەسۋىرلىرى قۇياش پاتقان مەھەلگە ئىشارە قىلىنىدۇ.

كەۋكەبىي ئون ئىككى مۇقامدىكى «بۇسلىك» مۇقامىنىڭ ئورۇنلىنىش ۋاقتىنى نامازدىگەر (پېشىن ۋە شامنىڭ ئارىلىقى) ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ، دەپ قەيت قىلىنغان. «سەبئەئى سەييارە» داستانىدىكى مېركۇرىيغا باغلانغان «بۇسلىك» مۇقامى خۇپتەن نامىزى ۋاقتىدا ئىجرا قىلىنغاندەك كۆرۈنىدۇ. چۈنكى، «بەھرام كۆك قەسىردە» ناملىق قىستۇرما رەسىمنىڭ يۇقىرى قىسمىدا ئەكس ئەتكەن كۆك گۈمبەز، ھىلال ئاي ۋە يۇلتۇزلار تەسۋىرى ئاساسىدا شۇنداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىن.

كەۋكەبىينىڭ سۈپەتلىشى بويىچە «زىرەفكەند» مۇقامى كېچىدىكى دەم ئېلىش، يەنى ئۇيقۇغا يېتىش ئالدىدا ئىجرا ئېتىلگەن. داستاندىكى «زىرەفكەند» مۇقامىنىڭ يۇپىتېرغا باغلىق ئىكەنلىكى مەلۇم بولسىمۇ، بىراق «بەھرام قارامتۇل قەسىردە» ناملىق قىستۇرما رەسىمدىن ئۇنىڭ ئىجرا ئېتىلىش ۋاقتىغا ئىشارە تاپالمىدۇق. لېكىن، بۇ ھەقتىكى مەنتىقىي خۇلاسە شۇكى، كېچە پەيتى ئىجرا قىلىنىدىغان «بۇسلىك» مۇقامىدىن كېيىنكى «زىرەفكەند» مۇقامىنىڭ ۋاقتى كەۋكەبىي كۆرسەتكەن ۋاقىتقا مۇۋاپىقتۇر. ئۇنىڭ نامىدىكى «تۆشەك، يېتىش پەيتى»⑦ دېگەن مەنىدىكى سۆزلەر دەسلەپ شۇ ۋەزىيەتكە ئىشارە تەرزدە قوللىنىلغان بولسا كېرەك.

ئون ئىككى مۇقام تەركىبىدىكى «راست» مۇقامىنىڭ چاشگاھقا قەدەر ئىجرا قىلىنغانلىقى مەنبەلەر-

دە قەيت قىلىنىدۇ⑧، يەنى بۇ مۇقام مۇزىكا تۈركۈملىنىشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ماس كېلىدۇ. بۇنىڭدىن پەرقلىق ھالدا «سەبئەئى سەييارە» داستانىدا زۆھرە ۋە ئاق رەڭگە باغلانغان «راست» مۇقامى چولڭ تۈركۈمنىڭ يەكۈنى سۆيىتىدە ھازىر بولىدۇ. ئۇنىڭ ۋاقتى يېرىم كېچىدىن تاكى تاڭغا قەدەر بولسا كېرەك. چۈنكى، شۇ ۋاقىتتا زۆھرە يۇلتۇزى چاقنايدۇ. بۇ ۋاقىتتا نەفلە ناماز ئوقۇلۇپ، ياخشى تىلەكلەر تىلىنىدۇ. دېمەك، «راست» مۇقامىنىڭ ۋاقتى دەسلەپكى مۇقام «راھەۋي»نىڭ باشلىنىش ۋاقتىغا ئۇلىنىپ كېتىدۇ. كەن ۋە شۇ تەرزدە تەرتىپ مەيدانغا كەلگەن بولسا كېرەك. بۇ جەريانىنىڭ مۇزىكىدا تۆۋەندىن يۇقىرىغا (يەنى ئەۋجىگە) چىققۇچى پەدە ئالمىشىشلىرى بىلەن ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى تۆۋەندىكى مىسال ئاساسىدا تەسەۋۋۇر قىلىشىمىز مۇمكىن.

| رەڭلەر | قارا | سېرىق | يېشىل | قىزىل | كۆك | (قارامتۇل) | ئاق |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| پەدىلەر | د (رې) | ئە (لېە) | ئې (مى) | ھ (سى) | ف (فە) | چ (دا) | گ (سال) |

مەلۇمكى، بۇ مۇقاملار ئون ئىككى مۇقامدىن پەرقلىق ھالدا بەشلىك (زولخەمس) ئارىلىقىدا تەرتىپلەنگەن. بۇ پەدىلەرنى تاۋۇش شەكلىگە كەلتۈرسەك، يۇقىرىلاپ بارىدىغان تۆۋەندىكى يەتتە باسقۇچلۇق تۈركۈم مەيدانغا كېلىدۇ: «راھەۋي – ناۋا – بۇسىلىك – راست – ئىراق – ئۇششاق – زىرەفكەند».

شۇنىڭ بىلەن بىللە «سەبئەئى سەييارە»دىكى يەتتە ھېكايىگە ئىشلەنگەن قىستۇرما رەسىملەر ئاساسىدا يەتتە مۇقامنىڭ ھەربىرىنىڭ پەدىلىرىنى ئېنىقلاش ئىمكانىيىتى مەۋجۇت. ئەدەبىي مەنبەگە كۆرە، يەتتە ھېكايىنىڭ ھەربىرى مۇئەييەن رەڭگە مۇقىم باغلانغان ھالدا بايان قىلىنىدۇ. نىزامى گەنجەۋىينىڭ «ھەفت پەيكەر» ۋە خىسرەۋ دېھلەۋىينىڭ «ھەشت بېھىشت» داستانلىرىغا ئىشلەنگەن قىستۇرما رەسىملەر ھېكايىلەردە كۆزدە تۇتۇلغان ئەنە شۇ رەڭ تەلەپلىرىگە ئاساسەن ماس كېلىدۇ. بىراق، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «سەبئەئى سەييارە» داستانىغا ئىشلەنگەن قىستۇرما رەسىملەردە ئۆزگىچە ھالەتنى كۆرىمىز. مەسىلەن، بىرىنچى ھېكايە قارا قەسىردە، ئۇنىڭدا ھازىر بولغان بەھرام ۋە ھىندى گۈزىلى قارا لىباسلاردا، قاچىلار قارا رەڭدە بولۇشى كېرەك ئىدى. بىراق، بۇنىڭ ئورنىغا «بەھرام قارا قەسىردە» دېگەن قىستۇرما رەسىمدە يەتتە خىل رەڭنىڭ ياخشى ماسلاشقانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ھالەت ئېنىقكى مۇزىكانتلار تەسۋىرلەنگەن قىستۇرما رەسىمدە روشەن نامايان بولىدۇ ۋە كېيىنكى ھېكايىلەرگە ئىشلەنگەن رەسىملەردىمۇ تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەردە ئىپادىلىنىدۇ. پەرز قىلىشىمىزچە، ئەدەبىي مەنبەدىكى بۇ خىل «چېكىنىشتىن» مەقسەت، (بۇ يەردىكى «چېكىنىش» ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «سەبئەئى سەييارە» داستانىغا ئىشلەنگەن قىستۇرما رەسىملەر بىلەن نىزامىي گەنجەۋىي ۋە خىسرەۋ دېھلەۋىينىڭ داستانلىرىغا ئىشلەنگەن قىستۇرما رەسىملەرنىڭ پەرقى — ت) ھېكايىلەرنىڭ چوڭقۇر مەنلىرى ئىچىدىكى مۇزىكىنى، ئېنىقراق ئېيتقاندا، مۇقام پەدىلىرى ۋە ناۋالىرىنى ئىمكانقەدەر رەڭلەر ۋاسىتىسىدە ئىپادىلەش ئىستىكىدىن كېلىپ چىققان. بۇنداق مۇرەككەپ ئىجادىي ۋەزىپىنى رەسساملار بىۋاسىتە ھەزرىتى نەۋائىينىڭ كۆرسەتمىسى ئاساسىدا ئەمەلگە ئاشۇرغان بولسا ئەجەب ئەمەس. ئەمدى قىستۇرما رەسىمدە سىمۋوللۇق ھالدا ئىپادىلەنگەن مۇقام پەدىلىرىنى ئېنىقلاشقا تىرىشىمىز.

بىرىنچى ھېكايىگە ئىشلەنگەن قىستۇرما رەسىم «بەھرام قارا قەسىردە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدىكى تۆۋەن، ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى ئۈچ ھالەتنى ياكى ئۈچ دەرىجىنى چۈشەندۈرگۈچى تەرەپلەرنى بىلىۋېلىش مۇمكىن. ئەڭ ئالدىنقى (تۆۋەنكى) سەھنىدە تەسۋىرلەنگەن يەتتە كېنىزەك ۋە سازەندىنىڭ سىيماسى گويا «راھەۋي» مۇقامىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ھازىر بولىدۇ. بۇنىڭغا ئەلىشىر نەۋائىي داستانىدا قوللانغان

ئىشارەت تىلى مەلۇم ئاساس بولالايدۇ. يەتتە سىيمادا ئىپادىلەنگەن رەڭ جەمئىي يەتتە بولۇپ، بۇنىڭدا قارا رەڭ ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۇ ھال رەي پەدىسى (قارا رەڭ)نىڭ ئاساس ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ. قالغان رەڭلەرنىڭ قىستۇرما رەسىمدە تۇتقان ئورنىغا قاراپ ئۇنىڭ مۇزىكىدىكى ئورنىنى چۈشىنىش مۇمكىن. شۇ ئاساستا تۆۋەندىكى پەدىلەر ئۆيۈشمىسى مەيدانغا كەلدى:⑨

| چ | د (ھ) | ئە | گ | فس | ئې | د |
|---|---|---|---|---|---|---|
| قارامتۇل | شەپەق | سېرىق | ئاق | كۆك (توق) | يېشىل | قارا |

شاھنىڭ ھىندى گۈزىلى بىلەن ئولتۇرغاندا تەسۋىرلەنگەن سەھنىنى ئەسەرنىڭ ئۆزىگە خاس تۇتاشتۇرغۇچىسى ۋە ئوتتۇرا ئەۋجى سۈپىتىدە قاراش مۇمكىن. قەسىردە قوللانغان نەقىشلەرنى مۇقاملارنىڭ ئەۋجگە (قەھرىمانلارنىڭ جەڭگاھتىكى ھالىتىگە) تەققاسلاش مۇمكىن. ئەسەرنىڭ ئەۋجى سۈپىتىدە قەسىرنىڭ يۇقىرى قىسمىدىن ئورۇن ئالغان رەڭ ۋە نەقىشلەر كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. ھەقىقەتەن بۇنىڭدا قوللانغان رەڭلەر مۇقاملارنىڭ يۇقىرى پەدىلىرىگە (ھ ـ چ ـ د ـ ئې ـ فس ـ گ ـ ھ ـ چ) مۇۋاپىق كېلىدۇ. كېيىنكى ھېكايىلەرگە ئىشلەنگەن قىستۇرما رەسىمدە شۇنىڭغا ئوخشاش ئومۇمىي قورۇلما ئاساسەن ساقلىنىپ قالسىمۇ، بىراق ئاساسىي رەڭلەر ئۆزگىرىپ بارىدۇ.

ئىككىنچى ھېكايە «بەھرام ئالتۇن قەسىردە» دېيىلىدۇ. شاھ سېرىق لىباس كىيگەن رۇملۇق گۈزەل بىلەن ئولتۇرىدۇ. تۆۋەندە مۇزىكانتلار ئورۇن ئالغان. بۇ ئورۇندا سېرىق رەڭ بىلەن باغلىنىشلىق «لىيە» پەدىسى ئاساس بولۇپ، ئۇ «ئىراق» مۇقامىغا ئاساسلانغان. «لىيە» تاۋۇشى ھازىرقى كۈندە ئىراق نامى بىلەن مەلۇم مۇقاملارنىڭ ئاساسىي پەدىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئۈچىنچى ھېكايە «بەھرام يېشىل قەسىردە» دېيىلىدۇ. شاھ شەھرىسەبىزلىك گۈزەل بىلەن ئولتۇرىدۇ. ئالدىنقى سەھنىدە ئاياللار سېپى بار. بۇ ئورۇندا قوللانغان رەڭلەرنىڭ ماسلىقى «ناۋا» مۇقامى پەدىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاساسىي تاۋۇش «مى» پەدىسىگە توغرا كەلگەن.

تۆتىنچى ھېكايە «بەھرام گۈلگۈن قەسىردە» دېيىلىدۇ. شاھ شەپەق كىيىملىك گۈزەل بىلەن ئولتۇرىدۇ. تۆۋەندە ھەرخىل رەڭلىك لىباسلارنى كىيگەن مۇزىكانتلار تەسۋىرى. ئۇلارنىڭ ئۇيغۇنلۇقى «سى»دىن باشلاپ تۈزۈلگەن «ئۇششاق» مۇقامى پەدىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

بەشىنچى ھېكايە «بەھرام كۆك قەسىردە» دېيىلىدۇ. ئۇ نىلۇپەر لىباسلىق گۈزەل بىلەن ئولتۇرىدۇ. تۆۋەندە مۇزىكانتلار جايلاشقان. قوللانغان رەڭلەر ئاساسىدا «فە» ئاساسىي پەدىسىدىن باشلاپ تۈزۈلگەن «بۇسىلىك» مۇقامى پەدىلىرىنى ئېنىقلاش مۇمكىن.

ئالتىنچى ھېكايە «بەھرام سەندەل (قارامتۇل) قەسىردە» دېيىلىدۇ. شاھ سەندەل (قارامتۇل) رەڭلىك لىباس كىيگەن گۈزەل بىلەن ئولتۇرىدۇ. تۆۋەندە خانەندە ۋە كېنىزەكلەر ئولتۇرىدۇ. جەمئىي رەڭلەر نىسبىتى «دا» پەدىسىدىن تۈزۈلگەن «زىرەفكەند» پەدىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

يەتتىنچى ھېكايە «بەھرام ئاق قەسىردە» دېيىلىدۇ. شاھ ئاق لىباسلىق گۈزەل بىلەن ئولتۇرىدۇ. تۆۋەن سەھنىدە مۇزىكانتلار ۋە كېنىزەكلەر ئولتۇرىدۇ. بۇنىڭدىن سىمۋول سۈپىتىدە كەلگەن رەڭلەر ئاساسىدا «سال» پەدىسىدىن تۈزۈلگەن «راست» مۇقامى پەدىلىرىنى ئېنىقلاش مۇمكىن.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، «سەبئەئى سەييارە» داستانىغا ئىشلەنگەن قىستۇرما رەسىم ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان... قوللىنىلغان يەتتە مۇقام پەدىلىرىنى ئومۇمىي ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلىشىمىز مۇمكىن. بۇ ھال داستاننىڭ تېمىسىنى توغرا چۈشىنىشتىمۇ نەزەرگە ئېلىنىشى كېرەك. يەتتە ھېكايىدە بىز شاھ بەھرامنىڭ مەنىۋى

يۇكسىلىشىنى رەڭلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە مۇقام پەدىلىرىنىڭ تەرتىپلىك كۆتۈرۈلۈپ بېرىشى ئارقىلىق چۈشىنىشىمىز مۇمكىن. ھالبۇكى، كېيىنكى ھېكايە ئاق رەڭ ۋە ئۇنىڭغا باغلىق بولغان «راست» مۇقامىغا باغلانغانىكەن، بۇ ھال باش قەھرىماننىڭ تەقدىرى ئۈچۈن ئەجابىي خۇلاسە چىقىرىشقا يېتەرلىك ئاساس بولۇشى كېرەك. ئاق رەڭ تەسەۋۋۇپتا ھەقىقەتكە ئېرىشكەنلىك ۋە يۈكسەكلىكنىڭ بەلگىسى. ئۇنىڭ بىلەن باغلىق بولغان «راست» (چىن، ھەقىقەت) مۇقامىدىنمۇ ھەم شۇ مەنە چىقىدۇ. شۇنداق ئىكەن، بەھرامنىڭ داستاننىڭ ئاخىرىدىكى ھالاكىتىنى مەجازىي مەنىدە، يەنى ئاشىق شاھنىڭ روھىيىتىنىڭ غەلىبىسى ۋە نەپسىنىڭ ھالاكىتى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىساق بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇ مەسىلىنى يەنىمۇ چوڭقۇرراق چۈشىنىشتە داستانغا ئىشلەنگەن قىستۇرما رەسىملەرنىڭ مەنىسىنى توغرا چۈشىنىش ۋە ئۇلارنى نەزەردە تۇتۇش لازىم. كەمالىددىن بېھزاد ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەرنىڭ ئىجادىدا بىمەنە، ھېكمەتسىز سىزىق ۋە تەسۋىرلەر بولمىغان. ئۇلاردىكى چوڭقۇر مەنىلەرنى تەھلىل قىلىش، ئىلمىي يوسۇندا يورۇتۇپ بېرىش تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ ئالدىدىكى مۇھىم ۋەزىپە.

ئىزاھاتلار:


① مۇتەخەسسىسلەر «بەھرام» نامىنى ئىران ھۆكۈمدارى، ساسانىيلار سۇلالىسىدىن بولغان ۋەرەھرەن (مىلادىيە 418 ـ 438)، ۋە رەھرەن دەرىي تىلىدا «بەھرام» دېيىلىدۇ) بىلەن باغلايدۇ. ن . م . مەللەيېف: «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى»، ئوقۇتقۇچى نەشرىياتى، 1976 ـ يىلى، 476 ـ بەت.

② سەئىدبېك ھەسەنوف: «رومان ئا بەھرامېي» ت. ئىزد. گ.گۇلىيەمە .1988 ـ يىلى، 17 ـ بەت.

③ سەئىدبېك ھەسەنوف: «رومان ئا بەھرامىي»، ت ئىزد. گ . گۇلىيەمە، 1988 ـ يىلى، 130 ـ بەت.

④ كەيكاۋۇس ئۇنسۇرۇل ـ مەئالىي: «قابۇسنامە»، ئوقۇتقۇچى نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى، 122 ـ بەت

⑤ كەۋكەبىي: «رىسالەئى مۇسىقىي»، ئېرپان نەشرىياتى، دۇشەنبە 1985 ـ يىلى، 58 ـ بەت.

⑥ كەۋكەبىي: «رىسالەئى مۇسىقىي»، ئېرپان نەشرىياتى، دۇشەنبە 1985 ـ يىلى، 58 ـ بەت.

⑦ ئىسھاق رەجەپوۋ: «مۇقاملار مەسىلىسىگە دائىر»، 1963 ـ يىلى، 47 ـ بەت.

⑧ كەۋكەبىي: «رىسالەئى مۇسىقىي»، ئېرپان نەشرىياتى، دۇشەنبە، 1985 ـ يىلى.

⑨مەزكۇر پەدىلەر ئۆيۈشمىسى ئابدۇرەھمان جامىينىڭ «رىسالەئى مۇسىقىي»سىدە كەلتۈرۈلگەن «راھەۋىي» مۇقامى پەدىلىرىگە يېقىن كېلىدۇ. ئابدۇرەھمان جامى: «ترەكتەت ئا مۇزىكې»، تاشكەنت، 1960 ـ يىلى، 85 ـ بەت.


(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى گۈزەل سەنئەت ئىنستىتۇتىدا)

# تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەرققە كۆچكۈنلىكى ھەققىدە ھۆججەت

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئۆمەرجان نۇرى

ھۆججەت ھەققىدە: 1721 - يىلى (كاڭشىنىڭ 60 - يىلى) ئەزىز غوجا جۇڭغار لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلارنى قاراشەھەرگە كۆچۈشكە مەجبۇرلىغاندا، ئۇيغۇرلار بىر - بىرلەپ لۇكچۇنگە توپلىنىپ، جۇڭغار لەشكەرلىرى بىلەن قارشىلىشىدۇ. بۇلارغا توختى مامۇت رەھبەرلىك قىلىدۇ. توختى مامۇت جۇڭغار لەشكەرلىرىگە زەربە بەرگۈچى ئۇيغۇرلار سايلىغان لۇكچۇنلۇك ئاتامان بولۇپ، توختى مامۇتنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تۇرپانغا كىرىپ ئولتۇراقلاشقان.

1726 - يىلى (يۇڭجېڭنىڭ 4 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى بىلەن جۇڭغارلار مۇرەسسەلىشىپ، چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى تۇرپاندىن شەرققە چېكىنىدۇ، توختى مامۇت جۇڭغارلارنىڭ ئۆزىدىن ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ، ئادەملىرىنى باشلاپ چىڭ سۇلالىسى لەشكەرلىرى بىلەن بىللە شەرققە چېكىنىدۇ. بۇ ئۇيغۇرلار قۇمۇل، ئەنشى، جىيايۈگۈەن ئارقىلىق سۇجۇ (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جيۇچۇەن ۋىلايىتى) ئايمىقىغا بارغاندىن كېيىن، شەھەرنىڭ شىمالىغا 120 چاقىرىم كېلىدىغان ۋېيلۇپۇغا ئورۇنلاشقان.

توختى مامۇت قاتارلىقلار شەرققە كۆچكەندىن كېيىن، لۇكچۇندىكى نەچچە تۈمەن ئاۋام كۆچمەي تۇرۇۋالغان. 1729 - يىلى (يۇڭجېڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 7 - يىلى) چىڭ سۇلالىسىنىڭ لەشكەرلىرى تۇرپانغا قايتا كىرگەندە، ئىمىن غوجا ئاۋامنى باشلاپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنى لازىمەتلىك بىلەن تەمىنلىگەن ھەم تۇرپانغا بېسىپ كەلگەن جۇڭغار لەشكەرلىرى بىلەن ھايات - ماماتلىق كۈرەشلەرنى ئېلىپ بارغان. شۇڭا، چىڭ سۇلالىسى تۇرپاندىن يەنە بىر قېتىم ۋاز كېچىش پىلانىنى يولغا قويغاندا، ئىمىن غوجا بەگ تەۋەلىكىدىكى تۈمەندىن ئارتۇق ئۇيغۇرلار چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا ئەگىشىپ شەرققە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان.

1732 - يىلى (يۇڭجېڭنىڭ 10 - يىلى) قىشتا ئىمىن غوجا ئاۋامنى باشلاپ تۇرپاندىن ئايرىلغان. ئۇلار چىڭ سۇلالىسى لەشكەرلىرىنىڭ ھىمايىسىدە گوبىدىن ئۆتۈپ قۇمۇلدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن گۇاجۇ (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئەنشى ۋىلايىتى)غا كەلگەن. سەپەر ئۈستىدە يارىلىنىپ، ئاغرىپ نۇرغۇن كىشى چىقىم بولغان.

كۆچكەن ئاھالە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بەش قورۇققا بۆلۈنۈپ ئورۇنلىشىدۇ. 1755 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 20 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ئامۇرسانا ئىسيانىنى باستۇرۇش ئۈچۈن غەربكە جازا يۈرۈشى قىلغاندا، ئىمىن غوجا لەشكەرلەر بىلەن بىللە تۇرپانغا كېلىدۇ. تۇرپاننىڭ ئەھۋالىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئوردىغا ئەرز يوللاپ، ئاھالىنىڭ قايتىپ كېلىشىگە ئىجازەت ئالىدۇ. ئىككىنچى يىلى

توققۇزىنچى ئايدا ئىمىن غوجا ئاھالىنى باشلاپ، يەتتە تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ 23 يىل ياشىغان گۇاجۇدىكى بەش قورۇقتىن ئايرىلىپ تۇرپانغا قايتىپ كېلىدۇ.

بۇ جەريانلار خەنزۇچە مەنبەلەرگە ئاساسەن ساگۇچى تورۇ، ۋاڭ شىلوڭ تەرىپىدىن تەھقىقلەنگەن بولسىمۇ، بۇ ھەقتە ئۇيغۇرچە مەنبەلەر يوق، دەپ قارىلىپ كەلگەن.

بۇ ھەقتىكى ئۇيغۇرچە بىر ۋاراقلىق ھۆججەت ھازىر ئەنقەرەدىكى ئېتنوگراپىيە مۇزېيىدا ساقلانماقتا. بۇ ھۆججەتنىڭ ئەنقەرەگە كېلىپ قېلىشى ھەققىدە ھېچبىر خاتىرە قالدۇرۇلمىغان. پەقەت دەسلەپكى تىزىملىكتە: «ئوسمان فەرىد بەيدىن رەمزى ئوغۇز ئارىققا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندە، نام ـ نىشانسىز قۇتۇدا تېپىلغىنى بويىچە تىزىملىدۇق» دەپلا ئىزاھلانغان ۋە (Oriein)13139 دەپ نومۇر قويۇلغان. كېيىن مۇزېيدىن ھۆججەتكە 13135 ـ دەپ قايتا نومۇر ۋە «فەرمان» دەپ ئىسىم قويۇپ، ئارخىپىنى تۇرغۇزغاندا: «بىر يۈزىدە خەت يېزىلغان، بىر يىرتىق ھالىتىدەدۇر، تۇرپان شەھىرىنىڭ قىسسەسىدۇر. شەرق تۈركچىسى بىلەن يېزىلغان 19 قۇر خەت يېزىلغان ئاستى ۋە ئۈستى قىسمى يىرتىق، ئاستىدىن بىر قىسمى كېسۋېلىنغان» دەپ ئىزاھلاپ، ھۆججەتنىڭ كەڭلىكى بىلەن ئۇزۇنلۇقىنى 0.50×0.50 مېتىر دەپ خاتىرىلىگەن. ئەمما، ھۆججەت تېپىلغان يەر، توپلىغۇچىنىڭ ئىسمى، ھۆججەتنىڭ قىممىتى ۋە مۇزېيغا كەلگەن ۋاقتى، دېگەن گرافىكلار توشقۇزۇلماي، بوش قالدۇرۇلغان. (بۇ ھۆججەتنىڭ مۇزېيغا كېلىشىگە قارىتا، ئەينى چاغدا مۇزېيغا قويۇش ئۈچۈن رۇسىيە ۋە ياۋروپادىكى دۆلەتلەردىن قەدىمكى تۈرك مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق بولغان يادىكارلىقلاردىن قولغا چۈشكەنلىرىنى ۋاستە تاللىماي سېتىۋېلىپ ئەكەلگەن، گېرمانىيەدىن كەلگەن بولۇش ئېھتىمالى يۇقىرى، دېگەن قاراش بار. دېمىسىمۇ بۇ مۇزېيدا يەنە گېرمانىيەدىن كەلتۈرۈلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ۋە بۇددا تام رەسىملىرىنىڭ پارچىلىرىمۇ ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇلاردىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردىن باشقىسى تېخىچە تەتقىق قىلىنمىغاچقا، مەزكۇر يادىكارلىقلارنىڭ بۇ مۇزېيغا كېلىش جەريانىدىكى كەچۈرمىشى ئېنىق ئەمەس).

ئەمەلىيەتتە، ھۆججەتنىڭ ئۈستى تەرىپى كونىراپ يىرتىلغان، خەت يۈزىگە سېرىق داغ ئورنىشىپ كەتكەن. ئىككى يان تەرەپ بولسا قاتلانغان يەرلىرىدىن يىرتىلغان. ھۆججەتكە 21 قۇر خەت يېزىلغان بولۇپ، 14 ـ قۇرنىڭ ئاخىرىدىن بىرنەچچە سۆز قايچا بىلەن كېسىلگەندىن باشقا، 20 ـ ۋە 21 ـ قۇرنىڭ بېشىدىن ئۈچ سۆزنىلا قويۇپ ئاستىن تەرەپ كېسىۋېتىلگەن. شۇڭا، ھۆججەتنىڭ ئاخىرى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى تەخمىن قىلماق تەس.

بۇ ھۆججەتنى كۆرگەنلەر تىزىملىكىگە ئۈچ چەت ئەللىكنىڭ ئىسمى خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىسمى خاتىرىلەنمىگەن تاتار موڭغۇلشۇناسى ئاھمەت تەمىر بۇ ھۆججەتنى تەتقىق قىلىپ، ئېلان قىلدۇرغان. لېكىن، ئاھمەت تەمىر ترانسكرىپسىيەدە تاتارچىغا تارتىپ ئوقۇغان، بولۇپمۇ خەنزۇچە يەر نامىلىرىنى خاتا ئوقۇپ قويغان.

ھۆججەتنىڭ ترانسكرىپسىيەسى:

1. ھەق تەئالاغا ھەمد ئايتقاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمغە دۇرۇد ئىبەرگەن(دىن كېيىن)، تۇرفان خەلقىنىڭ قىسسەسىكى، ئەۋۋەلى زاماندا يۈز مىڭغا يەقىن، بەلكى مۇندىن زىيادەرەك كىشى ئېدىلەر. كۆنلەرنىڭ ھاۋادىسى زەمانەنىڭ ۋاقىئەلەرىنىڭ سەبەبى بىلەن جۇڭغار لەشكەرىنىڭ شەررى ـ شۇرىدىن ھەممەسى تارىخقا بىر مىڭ بىر يۈز ئوتۇز بەشىنچى ئات يىلىدا چالىشقا كۆچتىلەر، ئول يەردە قەھەتلىكنىڭ بەلاسى ۋە قىشنىڭ ساۋۇقى ئافەتلەرىنىڭ نەۋئىلەرى بىلەن ھالاك بولدىلار، گۇياكى قىيامەت قايىم بولدى. بۇ رەسۋالىقلارنىڭ جىھەتىدىن گۇرۇھ ـ گۇرۇھ، بەئزىلەر جامائەت بىلەن ۋە بەئزىلەر يالغۇز ـ يالغۇز قاچىپ كېلىپ يەنە تۇرفاندا نەچچەند مىڭ كىشى جەمئ بول-


[illegible]
بعضلار جماعت بیلان و بعضلار یالغوز یالغوز قاچیب ... بولدیلار و ینه جونکغار کافرلاری بیلیب تولا لشکرلار جمع بولوب کلدیلار تا اون ایکی ییل
سوقوشماق و اولتورشماق بیلان قاتیغ جنکلار قیلدوق آندین کین کافرلارنینک غلبه سی بیله تولالیغیدین بعضلارنی اولتوردیلار و بعضلارنی توتوب اسیر قیلدیلار اوغول آتادین
قیز آنادین جدا بولدیلار ناچار بیچاره بولوب اول وقت نینک سلطانی زمانه نینک پادشاهی کی حضرت عزت آسمانی نینک آفتابی و سعادت اوجی نینک ماهتابی و عظمت میدانی نینک
[illegible]
دولتی دین جاجا تابتی

دىلار ۋە يەنە جوڭغار كافىرلارى بىلىپ تولا لەشكەرلەر جەمئ بولۇپ كەلدىلەر، تا ئون ئىككى يىل سو-قۇشماق ۋە ئۆلتۈرۈشمەك بىلەن قاتتىغ جەڭلەر قىلدۇق. ئاندىن كېيىن دۈشمەننىڭ غەلىبەسىنىڭ تولا-لىغىدىن بەئزىلەرنى ئۆلتۈردىلەر ۋە بەئزىلەرنى تۇتۇپ ئەسىر قىلدىلار، ئوغۇل ئاتادىن، قىز ئانادىن جۇدا بولدىلار، ناچار بىچارە بولۇپ، ئول ۋاقتىنىڭ سۇلتانى، زامانەمىزنىڭ پادىشاھىكى ھەزرەتى ئىززەت ئاس-مانىنىڭ ئافتابى ۋە سائادەت ئەۋجىنىڭ ماھتابى ۋە ئەزىمەت مەيدانىنىڭ كۆچەتى ۋە رىفئەتىنىڭ بەلەند

يۇلدۇزى سوفى خوجام بىلە مەئرۇف ھەزرەت مىر ھەبىبۇللا ۋەلىئىللاھنىڭ فەرزەندلەرى ھەزرەتى نىياز
خاجە ئاخۇند، بۇلارنىڭ فەرزەندلەرى ھەزرەت ئەمىرۇل مۇئمىنىن ئەمىن خاجە بەگ بىزنىڭ سۇلتانىمىز،
سەرداربىمىز دۇركى مەسلەھەتكە قوشۇلغۇچى ئۇمەرا ـ ۋۇزەرا ۋاجىبۇل ئىھتىرام ئۇلەما قازىلارنىڭ بەلكى
جەمئ خاس ئام قەۋملەرنىڭ ئىتتىفاقى بىلەن ئەمىن ۋە ئامانلىقنى خاھلاپ چىن پادشاھىدىن پاناھ تەلەپ
قىلدىلار. شاھى چىن ئىجابەت قىلىپ قەبۇل قىلدىلار ۋە ھەزرەتى ئەمىرۇل ـ مۇئمىنىن بىز بىچارەلەر-
نىڭ باشىغا سايىبان بولۇپ، يەتە باشلىق ئەجدەرلەرنىڭ ۋە پەنجەزەن يولبارسلارنىڭ ئاغزىدىن قۇتقارىپ
خالاسلىق بېرىپ، ھەممە تەئەللۇقاتلار بىرلە پادشاھى چىنىنىڭ ئىزنى بىلەن ھەممە يىمەك ـ ئىچمەك،
كىيمەك ۋە يول جابدۇقلارى بىرلە ئۇلاغلارغا، ئات، تىيۋە، ئارابالارغا ئولتۇرغۇزۇپ توقۇز مىڭ ئۈچ يۈز
يەتمىش تۆرت كىشىنى تەئرىخقە بىر مىڭ بىر يۈز قىرىق ئالتىنچى، يىلان يىلىدا تۇرفان دىيارىدىن كۆچۈ-
رۇپ سىھھەت ـ سالامەت شۇبۇ ۋاجۇ دىيارىغا يەتكۈردىلەر. كېيىنكى يىلىكى تەئرىخقە بىر مىڭ بىر يۈز
قىرىق يەتتە، ئات يىلى ھەر بىرىمىزغە ئالاھىدە شەھەرلەر، ئۆيلەر ۋە زەمىنلەر، ئاقىن سۇ ئارىقلارى بىلەن
بېرىپ ئولتۇرغۇزدىلار. شەھەرلەرنىڭ ئاتى: تۇفۇ، ئېرفۇ، سەنفۇ، سىفۇ، ئۇفۇ، تاششۇگۇن ۋە يەنە بۇ شە-
ھەرلەرنىڭ زەمىنىنى ۋاجۇنىڭ ھەمراھلىقى بىلە ئارىقلار بىلەن تاششۇگۇنىنىڭ زەمىنىنى ھەم ئارىقلارى
بىلەن بىزنىڭ تارىماقىمىز ۋە ئولتۇرماقىمىز ۋە زىرائەتىمىز ئۈچۈن بەردىلەر. بۇ شەھەرلەرنىڭ زەمىن-
لەرىنىڭ تۆرت ھەددى مەشرىق تەرەفى كۆردۆم كەتۇتاش، شاڭتار، مەغرىب تەرەفى بىچىفۇ، شىمال تەرەفى
سۇلاخۇ، جەنۇب تەرەفى كۆردۆم كەكۇتاش. بۇ زەمىنلەرنىڭ ئاقىن سۇلارىنىڭ بۇلاقلارىنىڭ باشى: دەجۈي
بۇلۇڭغۇر، دامغا، كۇتە ۋە جاڭمار ۋە سەراپتاش، شىبۇ چىن ۋە يەنە تۆرت زەمىنكى: ئوتلۇغ جالۇڭ دۇڭدىن
تالۇ، سۇكۇ، داراغشا.ۋە دۇڭ بالۇ ۋە شىبۇ چىنغىچە. بۇلارنى ئوتلارىنى ئورماق، ئات، كالا، قوي، تىيۋە-
لەرنى يايلاتماق، ئوتلاتماق ئۈچۈن بەردىلەر ۋە يەنە شاھى چىندىن ئۇلۇفەلەر، ئاتلار، تىيۋەلەر ۋە چەھار-
پايلارنىڭ جىنسىدىن ۋە يىمەك، كىيمەك جىنسىدىن، تارىدۇرغان ئۇرۇغلار ھەر قايسىدىن بىزنىڭ ئەۋقا-
تىمىز ـ مەئىشەتىمىز ئۈچۈن ھەددى ـ ھېسابىدىن زىيادەرەك بەردىلەر. ئاندىن كېيىن، ھەزرەتى ئىشان
ئالتىنچى يىلى تەئرىخقە بىر مىڭ بىر يۈز ئەللىك ئىككى تونغۇز يىلىدا خابا ئامبانلىقغا بارىپ ئېدى.
شاھى چىن تولا ئىلتىفاتلار قىلىپ، بىر شىر سۇرەتلىغ جاساقلىق تامغۇ ــ دەستەسى كۇمۇشدىن، ئا-
غىرلىقى يەتتە فاتمان ــ يەنە گۇڭلۇقنىڭ مەرتەبەسى بىلەن شاڭلاپ يانىپ كەلدىلەر. تەئرىخقە مىڭ بىر
يۈز ئەللىك ئۈچ ساچقان يىلى ... دەۋلەتىدىن جابەجا تاپتى...

* *

ھۆججەتتىكى بايانلاردىن خاتىرىلەنگەن جەريانلارنىڭ خەنزۇچە ماتېرىياللاردىنمۇ تەپسىلىي يېزىلغاند-
لىقىنى، كېسىۋېتىلگەن داۋامىدىكى مەزمۇنلاردا ئاھالىنىڭ تۇرپانغا قايتىپ كېلىشى ھەققىدىكى خاتىرد-
نىڭمۇ بولۇش ئېھتىماللىقىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇش بىلەن بىللە، ھۆججەتنىڭ ئەينى زاماندا تۇرپاندا يې-
زىلغانلىقى ۋە تۇرپاندىن ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى خوتەن پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا)

# ئىككى چۆچەك

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

## باي بىلەن قازى

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، بىر يۇرتتا بىر باي ئۆتكەنىكەن. باينىڭ بىر خىزمەتكارى بار بولۇپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە باي خىزمەتكارىنىڭ بىر ئىشىغا غەزەپلىنىپ ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. خىزمەتكار بايدىن نارازى بولۇپ، قازىنىڭ ئالدىغا داد ئېيتىپ بېرىپتۇ. قازى ئۇنىڭدىن:

— ھە، نېمە ئەرزىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ. خىزمەتكار:

— ئەرزىم بار ئىدى، خالىي جايدا ئېيتسام، — دەپتۇ.

قازى كۆڭلىدە: «بۇ يىگىتتىن بىرەر پايدا چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ. قېنى، ئۇنىڭ نېمە دەيدىغىنىنى ئاڭلاپ باقاي» دەپ ئويلاپ باشقىلارنى سىرتقا چىقىرىۋېتىپتۇ.

— قېنى، ئەمدى گەپ قىل، — دەپتۇ قازى. خىزمەتكار ئورنىدىن تۇرۇپ:

— تەقسىر، مەن مەھەللىمىزدىكى بايغا ئىشلىگەنىدىم، ھەققىمنى بەرمەي قوغلىۋەتتى، — دەپتۇ.

— قانچىلىك ھەققىڭ بار ئىدى؟

— ئالتە يۈز تەڭگە ھەققىم بار ئىدى، ئۇ ئىنساپسىز بىر تىيىنىمۇ بەرمەي قوغلىۋەتتى.

— خوش، ھەققىڭنى ئېلىپ بەرسەم، ماڭا قانچىلىك بىر نەرسە بېرىسەن؟

— تەقسىر، ھەققىمنى ئېلىپ بەرسىلە، ئۇنىڭدىن بىرى سىلىنىڭ بولسۇن، — دەپتۇ خىزمەتكار قازىغا.

قازى خىزمەتكارغا قاراپ:

— مۇنداق بولسۇن، ئۈچ يۈز تەڭگىنى سەن ئال، ئۈچيۈز تەڭگىنى مەن ئالاي. باي كەلگەندە گېپىڭدە چىڭ تۇر، مۇبادا يېرىمىنى بېرىمەن دەپ تۇرىۋالسىمۇ زادىلا ئۇنىما، — دەپ مالايغا گەپ ئۆگىتىپتۇ، ئاندىن، — ئەتە بازارغا كەلگەندە قازىخانىغا كىرگىن، — دەپتۇ.

خىزمەتكار ماقۇل بولۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى ئۇ ناشتىدىن كېيىن قازىخانىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىرئازدىن كېيىن بايمۇ كەپتۇ. باي قازىغا سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن:

— تەقسىر، بۇنى قوغلىۋەتسىلە، بولمىسا، سىلىنى بىكارلا ئاۋارە قىلىدۇ، بۇنداق يالاڭتۆشلەرگە يۈز ـ خاتىرە قىلمىسىلا، — دەپتۇ.

قازى باينىڭ گېپىگە ئانچە ئېرەن قىلماپتۇ. شۇ ئارىدا خىزمەتكار ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ھەققىمنى يەپ قۇتۇلماقچىمۇسەن؟ ھازىرلا ھەققىمنى بەر، — دەپتۇ.

باي بىرئاز ئويلىنىپ خىزمەتكار بىلەن قازى-

نىڭ تىل بىرىكتۈرۈۋالغانلىقىنى پەملەپتۇ ـ دە، خىزمەتكار دىققەت قىلمىغان پەيتتە قازىغا قاراپ غۇلچىنى كېرىپتۇ. قازى كۆڭلىدە: «باي بۇ يالاڭتۆشتىن نەچچە ھەسسە كۆپ بىرنىمە بېرىمەن دەۋاتامدۇ نىمە؟ بۇ يالاڭتۆشتىن قانچىلىك نەرسە ئۈندۈرۈۋالغىلى بولاتتى؟ باي ئالتە يۈز تەڭگىنى بەرسىغۇ مەيلى، ناۋادا بەرمىسە ئۇمۇ يوق... ئەگەر باي بىر قوچاق نەرسە بەرسە، خېلى كۆپ دۇنياغا ئىگە بولۇپ قالغۇدەكمەن» دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ.

قازى بېشىنى كۆتۈرۈپ بايغا يەنە بىر قېتىم قاراپتۇ. باي يەنە غۇلچىنى يېيىپ ئىشارەت قىپتۇ. قازى كۆڭلىدە: «ئەمدى بۇ خىزمەتكارغا بىر پوپوزا قىلاي، شۇنىڭ بىلەن ئىش ھەققىدىن كېچىپ كۆزدىن يوقالسۇن» دەپ خىزمەتكارنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا ۋارقىراپتۇ:

ـــ سەن يالاڭتۆش نېمىشقا بايغا تۆھمەت قىلىسەن؟ يوقال كۆزۈمدىن، بولمىسا سېنى جازاغا تارتىمەن!

خىزمەتكار بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆڭلىدە: «ناۋادا زىندانغا چۈشۈپ قالسام، بۇ مۇتتەھەملەرنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ، ھەققىمنى ئالمىساممۇ مەيلى» دەپ قازىخانىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قازى بايغا:

ـــ قېنى، ھېلىقى دېگەن نەرسىڭىزنى ئېلىپ كېلىڭ، ـــ دەپتۇ. باي ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا مېڭىپتۇ.

قازىنىڭ ئىچى سىقىلىپ: «بىر قوچاق دېگىنى نېمىدۇ؟ ئۇ بىر بولسا بىر كوزا تىللا ياكى بىر كوزا تەڭگە... قاچان ئېلىپ كېلەر» دەپ تەلمۈرۈپ ساقلاپتۇ.

باي قازىخانىدىن چىقىپ توپتوغرا بازارغا بېرىپ بىر يوغان تاۋۇز ئېلىپ كەپتۇ. قازى بۇنى كۆرۈپ:

ـــ باي ئاكا، تاۋۇز بازىرىغىمۇ بېرىپىلىدە، ـــ دەپ سوراپتۇ.

باي ئۇنىڭغا جاۋابەن:

ـــ ھە، تەقسىر، قىلغان ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق نامەردىنىڭ ئىشى، ـــ دەپتۇ.

قازى بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قاپتۇ. شۇ ئارىدا باي تاۋۇزنى ئىككى پارچە قىلىپ، بىر پارچىسىنى قازىنىڭ ئالدىغا، بىر پارچىسىنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

ئىككىسى تاۋۇزنى تويغۇچە يەپتۇ. تاۋۇزمۇ تۈگەپتۇ. قازى بايغا بىردەم ـ بىردەم قاراپ قويۇپتۇ ـ يۇ، ئېغىز ئاچالماپتۇ. ئاخىر باي ئېغىز ئېچىپ:

ـــ تەقسىر، ھېلىقى تەنتەكنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىسىلا، كېلەر بازار كۈنى يەنە تاۋۇز ئېلىپ كېلىمەن، ـــ دەپتۇ.

ـــ باي ئاكا، باشقا گەپنى قويۇپ بايىقى نەرسىنى ئېلىپ كەلمەمدىلا، ـــ دەپتۇ قازى.

ـــ تەقسىر، ئادەمنى مازاق قىلىۋاتامدىلا؟ گەپلىرىنى زادىلا چۈشىنەلمىدىمغۇ، نېمىنى دەيلا؟ ـــ دەپ سوراپتۇ باي ھەيران بولغان قىياپەتتە.

قازى بايغا قاراپ:

ـــ بايا ۋەدە قىلغان نەرسىنى دەرھال ئېلىپ كەلمەمدىلا؟ بىر قوچاق نەرسە بار، سىلىگە بېرىمەن دېگەندەك ئىشارەت قىلدىلىغۇ، شۇنىڭغا ئىشىنىپ ھېلىقى يالاڭتۆشنى قوغلاپ چىقىرىۋەتتىم، ـــ دېگەنىكەن، باي جاۋابەن:

ـــ ھە، تەقسىر، ئەمدى چۈشەندىم. بىر قوچاق دەپ ئىشارەت قىلغىنىم ئاشۇ تاۋۇز ئىدى. تاۋۇزنى يېدىلىغۇ، ئۇ تاۋۇز بىر قوچاق كېلىدۇ. ئۆزلىرىمۇ كۆردىلە، تاۋۇز يوغانلىقىدىن قۇچىقىمغا پاتماي قالدى. تەستە كۆتۈرۈپ كەلدىم. ئۇنىڭدىن ئارتۇق سىلىگە نېمە بەرسەم بولىدۇ؟! ـــ دەپتۇ.

قازى بايغا ئاچچىقلىنىپ:

ـــ قۇرۇق گېپىڭنى قوي، سەندەك قۇيرۇقتا ئىشىنىپ، ياندىكى ئۆپكىدىن قۇرۇق قالدىم، ـــ دەپ باينى راسا تىللاپتۇ.

باي قازىخانىدىن چىقىۋېتىپ:

ـــ تەقسىر، ئاچچىقلىرىغا ھاي بەرسىلە، ئەتە بازاردىن قايتىشىمدا يەنە كېلىمەن، ـــ دەپ چىقىپ

كېتىپتۇ.

قازى كۆڭلىدە: «ئەتە ھېلىقى بىر قوچاق نەرسىنى ئېلىپ كەلسە ئەجەب ئەمەس» دەپ ئويلىنىپ قاپتۇ.

قازى ئەتىسى بايىقى كەچكىچە ساقلاپتۇ. ئەمما بايدىن ھېچقانداق دېرەك بولماپتۇ. قازى ئۆز گۇشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ ئۆيىگە قايتىپتۇ.

## ئەقىللىق قىز

بۇرۇنقى زاماندا بىر سودىگەر ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى، بىر قىزى بار ئىكەن. ئۇ كىشى بايمۇ ئەمەس، كەمبەغەلمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا ھال تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. سودىگەرنىڭ ئىككى كۆزى كۆرمەيدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە باشقا يۇرتتىكى يېقىن بۇرادەرلىرى ئۇنى يوقلاپ كەپتۇ.

ئۇلار بۇرادىرىنىڭ كۆزىنىڭ كۆرمەس بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ كىشىگە باللىرىنى ئۆز خىزمىتىگە ياخشى سېلىشنى ئېيتىپتۇ ھەمدە رۇم پادىشاھلىقىنىڭ ئوردىسىدا كۆز دورىسى بارلىقىنى، كۆرمەس كۆزنى ساقايتالايدىغانلىقىنى، باللىرىغا شۇ دورىنى ئەكەلدۈرۈشنى مەسلىھەت قىپتۇ.

بۇرادەرلىرىنىڭ مەسلىھىتى ئۇنى ئويلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئوغۇللىرىنى يېنىغا چاقىرىپ:

— باللىرىم، كۆزۈمنىڭ ئېچىلىشىغا، يورۇق دۇنيانى كۆرۈشۈمگە ياردەم قىلىڭلار، — دەپتۇ.

بىراق، ئوغۇللىرى دادىسىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، ئاتىسىنىڭ مال - دۇنياسىنى بۆلۈشۈۋېلىش كويىغا چۈشۈپتۇ. سودىگەر ئوغۇللىرىغا مال - دۇنياسىنى بۆلۈپ بېرىپتۇ. ئوغۇللار مال - مۈلۈكلەرنى بۆلۈشۈۋالغاندىن كېيىن ئاتىسىنىڭ ئۆلۈپ - تىرىلىشى بىلەن كارى بولماپتۇ. سودىگەر ئاخىر نائىلاج قىزىنى چاقىرىپ:

— قىزىم، ئاكىلىرىڭىز مال - دۇنيايىمنى بۆلۈشۈۋالغاندىن كېيىن مەن بىلەن كارى بولمىدى. سىزدىن ئۆتۈنىدىغىنىم شۇكى، رۇم ۋىلايىتى پادىشاھىنىڭ ئوردىسىدا كۆزگە داۋا دورا بار ئىكەن، شۇ دورىنى ئەكېلىپ بېرىڭ، سىزدىن رازى بولاي، — دەپتۇ.

قىز ماقۇل بوپتۇ. ئاتىسى دەرھال يولغا كېرەكلىك ئوزۇق - تۈلۈكنى تەييارلاپ بېرىپتۇ ھەمدە قىزنى بىر ياخشى ئاتقا مىندۈرۈپ رومغا يولغا سېپتۇ. قىز نەچچە كۈن يول يۈرۈپتۇ. بىر كۈنى ئۇنىڭ ئالدىنى بىر ئەجدىھا توسۇپتۇ. ئەجدىھا قىزنىڭ ئېتىنى، ئوزۇق - تۈلۈكىنى يەۋېتىپتۇ. قىز ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي مېڭىۋېرىپتۇ. ئەجدىھا كۆڭلىدە: «بۇ قىزنىڭ ئېتىنى، شۇنچە ئوزۇق - تۈلۈكىنى يەۋەتسەممۇ ئۈندىمىدى. جىگەرلىك قىز ئىكەن. ئۇنىڭغا بىرەر ئىش قىلىپ بېرەي» دەپ قىزنىڭ كەينىدىن كېلىپ:

— ھەي ئادىمىزات، شۇنچە نەرسەڭنى يېدىم، ماڭا قاراپمۇ قويماي كېتىۋاتىسەن. دېگىنە، نېمىگە ھاجىتىڭ چۈشتى؟ — دەپ سوراپتۇ، قىز جاۋابەن:

— ھەي ئەجدىھا، ئاتامنىڭ كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغانىدى، رۇم پادىشاھىنىڭ ئوردىسىدا كۆزگە داۋا دورا بار ئىكەن، شۇنى ئېلىشقا كېتىۋاتىمەن. مېلىمنى، ئوزۇق - تۈلۈكۈمنى يەۋەتسەڭ مەيلى، ئۆزۈم ئامان بولسام بولدى، — دەپتۇ. ئەجدىھا ئۇنىڭغا قاراپ:

— غەيرىتىڭگە ئاپىرىن. مۇنداق قىلايلى، ماڭا مىنگىن، سېنى رۇم پادىشاھلىقىغا يەتكۈزۈپ قوياي، — دەپتۇ.

قىز ئەجدىھاغا مىنىپتۇ. ئۇلار تېزلا رومغا يېتىپ كەپتۇ. ئەجدىھا ئوردا دورىخانىسىنىڭ تېمىنى يالاپ پىيازنىڭ پوستىدەك قىلىپ قويۇپتۇ - دە، قىزغا قاراپ:

— مانا مۇشۇ تامدىن ئۆتسەڭ دورىخانىغا كىرىسەن، ھازىر ياساۋۇللارنىڭ ھەممىسى قاتتىق ئۇيقۇدا. دورىخانىغا كىرىپ قەغەز بولاقلىق دورىنى ئالساڭ، قۇتىدىكى دورىغا تەگمە، قۇتىدىكى دورىنى ئالساڭ، قەغەز بولاقتىكى دورىغا تەگمە، — دەپتۇ.

قىز دورىخانىغا كىرىپتۇ. قۇتىدىكى دورىغا قارىسا، قەغەز بولاقتىكى دورا، قەغەز بولاقتىكى

كىتاب نۇر بىلگە

دورىغا قارىسا، قۇتىدىكى دورا خۇشبۇي پۇراپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەر ئىككىلىسىنى ئېلىپتىكەن، تويۇقسىز ھوشسىزلىنىپ يىقىلىپتۇ.

تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، دورىخانا خىزمەتچىسى دورىخانىغا كىرىپ ھوشسىز ياتقان قىزنى كۆرۈپتۇ ھەمدە قىزنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ ۋە پادىشاھقا تازىم قىلىپ:

— شاھىم، بۇ قىز دورىخانىغا ئوغرىلىققا چۈشكەنىكەن، تۇتۇپ كەلدىم، — دەپتۇ.

پادىشاھ قىزنى سوراق قىلىش ئارقىلىق ئاتىسىنىڭ كور بولۇپ قالغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن دورا ئالغىلى كەلگەنلىكىنى بىلىپتۇ.

پادىشاھ قىزنى قويۇپ بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ-يۇ، ئەمما بىر شەرتنى بەجا كەلتۈرۈشنى، يەنى ئانادىر شەھىرى پادىشاھىنىڭ قىزىنى ئوغرىلاپ كېلىشنى ئېيتىپتۇ.

قىز پادىشاھقا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن مۆھلەت سوراپ ئەجدىھانىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە بولغان ۋەقەلەرنى ئۇنىڭغا بىرمۇبىر دەپ بېرىپتۇ. ئەجدىھا قىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ:

— ئۇنداق بولسا يىگىرمە تۇياق قارا مال، يىگىرمە تۇلۇم شەربەت، يىگىرمە كۈنلۈك مۆھلەت سورىغىن، — دەپتۇ.

ئەجدىھانىڭ مەسلىھەتى بىلەن قىز پادىشاھنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن ئەجدىھا دېگەن نەرسىلەرنى سوراپتۇ. پادىشاھ قىز سورىغان ھەممە نەرسىنى تەق قىلىپ بېرىپتۇ. قىز ئوزۇق-تۈلۈكنى غەملەپ بولغاندىن كېيىن، ئەجدىھاغا مىنىپ بىردەمدىلا ئانادىر شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ.

ئەجدىھا قىزغا چۈشەندۈرۈپ:

— مەلىكىنىڭ ئۇخلىغىنىغا ئوتتۇز توققۇز كۈن بولدى، ئۇ بىر ئۇخلىسا قىرىق كېچە-كۈندۈزگىچە ئويغانمايدۇ. ئۇ ئەتە ئەتىگەندە ئويغىنىدۇ. ھازىر بارغىن. ئەمما ئېسىڭدە بولسۇنكى، يۈزىگە تەگسەڭ، رومالىغا تەگمە، رومالىغا تەگسەڭ، يۈزىگە تەگمە. مەلىكىنىڭ ھۇجرىسىغا قاراپ ماڭساڭ، ئىككى ھۇجرا ئۇچرايدۇ، ئۇ يەردە پاختا بار، قوينۇڭنى پاختىغا لىق تولدۇرغىن. ئىشىكنىڭ ئىككى يېقىدا قوڭغۇراق بار. قوڭغۇراقنىڭ ئىچىگە پاختىنى تىقىپ قويۇپ يۇقىرىغا چىققۇر. شۇنداق قىلساڭ، مەلىكىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرەلەيسەن، — دەپتۇ.

قىز ئەجدىھانىڭ دېگىنىدەك قىپتۇ. بىر چاغدا مەلىكىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ قارىسا، مەلىكە ئۇخلاۋاتقۇدەك. ئۇنىڭ قېشىدا قىرىق كېنىزەك ئۇخلاپ ياتقۇدەك. مەلىكىنىڭ روملى بېشىدىن يەرگە ساڭگىلاپ قالغان بولۇپ، بىر قارىسا قىزدىن رومال چىرايلىق، يەنە بىر قارىسا، رومالدىن قىز چىرايلىق كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ كۆزى قىيمىغان ھالدا ئىككىلىسىگە قولىنى تەگكۈزۈپتۇ. قىز شۇئان بىر قەپەسنىڭ ئىچىگە سولىنىپ قاپتۇ. ئەتىسى كېنىزەكلەر ئويغىنىپ ئوغرى كەلگەنلىكىنى بىلىپتۇ-دە، دەررۇ پادىشاھقا خەۋەر قىلىشىپتۇ. پادىشاھ ئوغرىنى ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇپتۇ. كېنىزەكلەر قىزنىڭ قوللىرىنى ئارقىسىغا باغلاپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. پادىشاھ قىزغا قەھرى بىلەن:

— نېمىشقا قىزىمنى ئوغرىلىماقچى بولدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. قىز بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى پادىشاھقا ئېيتىپ بېرىپتۇ.

پادىشاھ غەزەپ بىلەن:

— ئەگەر بۇ يەردىن قۇتۇلۇپ كېتىشنى خالىساڭ، بىر شەرتىم بار، شۇنى ئورۇنلا، يەنى كۈن چىقىش تەرەپتە كوھىقاپ بار، ئۇ يەردە بىر دىۋە ياشايدۇ. ئۇنىڭ بىر قارا ئېتى بار. شۇ ئاتنى ئېلىپ كەلسەڭ، قىزىمنى قولۇڭغا بېرىمەن. بولمىسا، كاللاڭنى ئالىمەن.

قىز ئەتىسى جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ پادىشاھتىن رۇخسەت ئېلىپ ئەجدىھانىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە پادىشاھنىڭ شەرتىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئەجدىھا قىزغا تۆت كۈن مۆھلەت سوراشنى ئېيتىپتۇ. قىز پادىشاھتىن تۆت كۈنلۈك مۆھلەت ئاپتۇ. قىز ئەجدىھاغا مىنىپ بىردەمدىلا كوھىقاپقا يېتىپ كەپتۇ. ئەجدىھا قىزغا چۈشەندۈرۈپ:

— ھازىر دىۋە ئۇخلاۋاتىدۇ. سەن ئوقۇرنىڭ تۆشۈكىدىن بېشىڭنى چىقارغىن، ئات سېنى كۆرۈپ كىشنەيدۇ. دىۋە ئادەم ھىدىنى سېزىپ ئەتراپنى ئىزدەيدۇ. سېنى تاپالمىغاندىن كېيىن قايتا يېتىپ ئۇخلايدۇ. سەن ئىككىنچى قېتىم ئوقۇر تېگىدىن بېشىڭنى چىقارغىن، ئات يەنە كىشنەيدۇ. دىۋە يەنە ئويغىنىپ ئەتراپنى ئىزدەيدۇ، سېنى تاپالماستىن ئاتخانىغا كىرىدۇ ۋە ئاتقا قاراپ «ھەي ئات، مېنى ئىككى قېتىم ئاۋارە قىلدىڭ، ئۈچىنچى قېتىم كىشنىسەڭ، سېنى يەۋېتىمەن» دەپ يەنە ئۇيقۇغا كېتىدۇ. شۇ چاغدا سەن ئوقۇردىن بېشىڭنى چىقىرىپ ئاتقا: «ھەي جانىۋار، سېنى سۇ ئورنىغا سۈت، يەم ئورنىغا كىشمىش بېرىپ باقىمەن. زالىمنىڭ قولىدا نېمە قىلىسەن» دېگىن. شۇنداق دېسەڭ، ئات بوينىنى ئېگىپ تۇرىدۇ. يېنىدا ئىگەر - جابدۇقى بار، سەن ئاتنى ئىگەرلەپ يېتىلەپ چىقسەن، قالغان ئىشنى ئۆزۈم توغرىلايمەن، — دەپتۇ

قىز ئەجدىھانىڭ ئېيتقانلىرى بويىچە قىپتۇ. ئاتنى ئىگەرلەپ ئەجدىھانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. ئەجدىھا قىز بىلەن ئاتنى ئۈستىگە مىندۈرۈپ ئانىدىر شەھىرىگە قاراپ ئۇچۇپتۇ. ئۇلار ئۇزاق ئۆتمەيلا مەنزىلگە يېتىپ كەپتۇ.

ئەجدىھا قىزغا:

— ھەي قىز، بۇ ئاتنى ئۆزۈڭ ئال، مەن بىر يومىلاپلا بۇ ئاتقا ئايلىنىمەن. مېنى ئەكىرىپ پادىشاھقا بېرىسەن، ئاندىن ئۇنىڭ قىزىنى ئېلىپ يولۇڭغا راۋان بولىسەن، مەن ئارقاڭدىن يېتىپ بارىمەن، — دەپتۇ - دە، بىر يومىلاپلا ئاتقا ئايلىنىپتۇ. قىز ئۇنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا يېتىلەپ كىرىپتۇ. پادىشاھ ئاتنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا دەرھال قىزىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپتۇ. قىزلار دىۋىنىڭ ئېتىنى مىنىپ، قوللىرىدا قۇش ئوينىتىپ يولغا راۋان بوپتۇ.

ئەمدى گەپنى ئانادىر پادىشاھىدىن ئاڭلاڭ:

پادىشاھ ئاتنى ئىگەرلەشكە بۇيرۇپتۇ. خىزمەتكارلار ئاتنى ئىگەرلەپ جابدۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. پادىشاھ ئۈزەڭگىگە سول پۇتىنى قويۇپ، ئوڭ پۇتىنى كۆتۈرۈپ مىنەي دەپ تۇرغاندا، ئات چىۋىنغا ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. پادىشاھ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. پادىشاھ ھەيران بولۇپ ئاتتىنمۇ، قىزىدىنمۇ ئايرىلىپ قالغىنىغا قاتتىق زارلىنىپتۇ ۋە قىز بىلەن ئاتنى تۇتۇپ كېلىشكە ئەمر قىپتۇ.

لېكىن لەشكەرلەر ئات بىلەن قىزنى ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئەجدىھا قىزلارغا يېتىشىۋاپتۇ، ئۇ ئىككى قىز بىلەن ئاتنى ئۈستىگە مىندۈرۈپ رۇم ۋىلايىتىگە قاراپ يول ئاپتۇ. رۇمغا كەلگەندە ئەجدىھا بىر يومىلاپلا ھېلىقى پادىشاھنىڭ قىزىدىنمۇ چىرايلىق قىزغا ئايلىنىپتۇ. رۇم پادىشاھى بۇ «قىز»نى كۆرۈپ ناھايىتى خۇش بوپتۇ ھەمدە دېگىنى بويىچە قىزغا دورىنى بېرىپتۇ. قىز دورىنى ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ.

ئەمدى گەپنى رۇم پادىشاھىدىن ئاڭلايلى:

پادىشاھ خۇشاللىقىدا خەلققە كاتتا توي قىلىپ بېرىپتۇ. تويدىن كېيىن «قىز» بىر يومىلاپلا چىۋىنغا ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ ھەمدە تېزلا ئىككى قىزغا يېتىشىۋاپتۇ. ئەجدىھا قىزنى ئۆز يۇرتىغا يەتكۈزۈپ قويۇپتۇ. قىز بازار ئايلىنىپ بىر ئاشخانىغا كىرىپتۇ ۋە ئاشخانىدا شاگىرت بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئۈچ ئاكىسىنى تونۇپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۇستىبېشى كىر، كىيىملىرى يىرتۇق ئىكەن. قىز ئاشخانا غوجايىنىغا پۇل بېرىپ:

— بۇ ئۈچ يىگىت ماڭا ئۈچ تەخسە تاماق ئەكېلىپ بەرسۇن، — دەپتۇ.

ئاشپەز قىزغا:

— ھەي، بۇلارنىڭ ئۇستىبېشى مەينەت، ھەممە يېرى قاسماق، تاماقنى ئۆزۈم ئەكېلىپ بېرەي، — دېگەنىكەن، قىز:

— ياق، ئاشۇ ئۈچى ئەكېلىپ بەرسۇن، — دەپتۇ. غوجايىن ئۈچ تەخسە تاماقنى ئۈچ يىگىتتىن ئەۋەتىپ بېرىپتۇ. يىگىتلەر تاماقنى ئېلىپ كەپتۇ. قىز ئۈچ تەخسە تاماقنى ئۈچ ئاكىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— سىلەر يەڭلار، — دەپتۇ. ئاكىلىرى:

— ئۇنداق قىلساق غوجايىن خاپا بولىدۇ، — دېيىشىپتۇ. قىز ئۇلارغا:

— سىلەرنى مەن مېھمان قىلىۋاتىمەن، قورقماستىن يەۋېرىڭلار، — دەپتۇ.

قىز غوجايىندىن ئاكىلىرى ئۈچۈن رۇخسەت ئېلىپ ئۇلارنى بازارغا ئاپىرىپ كىيىم - كېچەك ئېلىپ بېرىپتۇ ۋە ئۇلارنى هاممامغا چۈشۈرۈپ، يېڭى كىيىملەرنى كىيدۈرۈپتۇ. ئاندىن ئاكىلىرىدىن:

— مېنى تونۇدۇڭلارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياق، تونۇمىدۇق، — دېيىشىپتۇ ئۇلار.

قىز:

— سىلەرنىڭ هال - ئەھۋالىڭلار خېلى ياخشى ئىدىغۇ، قانداق قىلىپ بۇ كۈنگە قالدىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قىمار ئويناپ مۇشۇ كۈنگە قالدۇق، — دەپ جاۋاب بېرىشىپتۇ ئاكىلىرى.

— مەن سىلەرنىڭ سىڭلىڭلار. مانا بۇ ئات كوھىقاپتىكى دىۋىنىڭ ئېتى، بۇ دوستۇم ئانادىر پادىشاھىنىڭ قىزى. مانا، رۇم پادىشاھىنىڭ دوردخانىسىدىن دورىنىمۇ ئېلىپ كەلدىم، — دەپتۇ.

ئۈچ ئاكا - ئۇكا نومۇستىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قاپتۇ ۋە سىڭلىسىدىن خۇپىيانە هالدا: «سىڭلىمىز بۇ دورىنى ئېلىپ بېرىپ ئاتىمىزنىڭ كۆزىگە سۈرتسە، بىزنى ئوغۇل بالا دېگىلى بولامدۇ، ئۇنداق كۈنگە قالغاندىن ئۇنى قۇدۇققا تاشلىۋېتەيلى» دەپ مەسلىھەت قىپتۇ ھەمدە بىچارە قىزنىڭ پۇت - قوللىرىنى سۇندۇرۇپ قۇدۇققا تاشلىۋېتىپتۇ. ئاندىن پادىشاھىنىڭ قىزىنى، ئاتنى ۋە دورىنى ئېلىپ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كېلىشىپتۇ. ئۇلار ئاتىسى بىلەن سالام - سائەت قىلىشقاندىن كېيىن:

— ئاتا، سىڭلىمىز يامان يولغا كىرىپ كېتىپ سىزگە دورىنى ئېلىپ كېلەلمىدى. دورىنى مانا بىز ئېلىپ كەلدۇق، — دەپ دورىنى ئاتىسىغا بېرىشىپتۇ.

سودىگەر دورىنى كۆزىگە سۈرتۈشى بىلەن كۆزلىرى ئېچىلىپتۇ.

قىز قۇدۇققا تاشلانغاندىن ياقى دىۋىنىڭ ئېتى زادىلا بوغۇز يېمەپتۇ. ئانادىر پادىشاھىنىڭ قىزىمۇ پەقەت گەپ - سۆز قىلماپتۇ. دائىم سايراپ تۇردىغان قۇشمۇ سايرىماپتۇ.

ئەمدى گەپنى رۇم پادىشاھىدىن ئاڭلاڭ:

— توي - تاماشادىن كېيىن پادىشاھ قىزنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىشقا باشلاپتۇ. سەپەردىن قايتقان سودىگەرلەر ئۇدۇل پادىشاھىنىڭ هۇزۇرىغا كىرىپ:

— كەرەملىك شاھىم، سىلىگە ئەرزىمىز بار، بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كەچسىلە ئېيتىمىز، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— كەچتىم، ئېيتىڭلار، — دەپتۇ.

— دورىغا كەلگەن قىزنىڭ يولدا بىر دوستى بىلەن قوش ئويىنىتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق.

پادىشاھ دەرهال قىزلارنىڭ كەينىدىن سودىگەرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، دورىغا ئەۋەتكەن بالىسىنى سوراپتۇ. سودىگەر ئۈچ ئوغلىنى كۆرسەتكەنىكەن، پادىشاھ:

— بۇلار ئەمەس، مەن ئۇنى تونۇيمەن، — دەپتۇ. شۇ چاغدا مەلىكە:

— ئەي پادىشاھىم، بۇلار بىزنى ئېلىپ كېلىۋاتقان دوستىمىزنىڭ پۇت - قوللىرىنى سۇندۇرۇپ قۇدۇققا تاشلىۋەتتى، — دەپتۇ.

پادىشاھ دەرهال قىزنى تېپىپ كېلىشكە پەرمان بېرىپتۇ. لەشكەرلەر قىزنى قۇدۇقتىن چىقىرىپ پادىشاھىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. ئۇستا تېۋىپلار ئۇنى داۋالاپ ساقايتىپتۇ. ۋاپاسىز، نومۇسسىز ئۈچ ئوغۇل قاتتىق جازاغا تارتىلىپتۇ.

ئاتا بىلەن قىز كۆرۈشۈپتۇ. پادىشاھ ئۇلارغا كۆپ پۇل - ماللارنى بېرىپتۇ. ئۇلار كېيىنكى ئۆمرىنى باياشات، خاتىرجەم ئۆتكۈزۈپتۇ.

(توپلاپ رەتلىگۈچى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىن پىنسىيەگە چىققان)

# ئىبرەتلىك چۆچەكلەر

توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەتجان ئىسمايىل پۈناقى

## چالا تېۋىپ

بۇرۇنقى زاماندا تەكلىماكان ياقىسىدىكى مەلۇم بىر يۇرتتا ناھايىتى ئىقتىدارلىق بىر تېۋىپ ئۆتكەنىكەن. ئۇ مەيلى ئادەم، مەيلى ھايۋان بولسۇن ھەرقانداق كېسەلنى داۋالاپ ساقايتالايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ تېۋىپنىڭ ئاجايىپ ماھارىتىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر يىگىت شاگىرتلىققا كىرىپتۇ.

بىر كۈنى تېۋىپ شاگىرتىنى باشلاپ بىر سەھرادا كېتىپ بارسا، بىر پارچە قوغۇنلۇقنىڭ ياقىسىدا بىر كالا سونايلىنىپ ياتقۇدەك. تېۋىپ قارىغۇدەك بولسا، كالىنىڭ بويندا يوغان بىر نەرسە تومپىيىپ تۇرغانىنىڭ ئۈستىگە، كالا تىنالماي جان تالىشىۋاتقۇدەك.

كالىنىڭ ئىگىسى تېۋىپنى تونۇيدىكەن. ئۇ:

— ۋاي ھەزرىتىم، دۇنيالىقتا مۇشۇ بىرلا كالام بار ئىدى، مالال كۆرمەي بىر سەۋەب قىلىپ قۇتقۇزۇپ قويسىلا، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

تېۋىپ كالىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ بويىنىنى سىلاپ كۆرۈپ، تومپىيىپ تۇرغان نەرسىنىڭ قوغۇن ياكى تاۋۇز ئىكەنلىكىنى پەملەپتۇ ـ دە، ئۇ كىشىگە كالىنىڭ بېشىنى بېسىپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ، ئاندىن كالىنىڭ تومپىيىپ تۇرغان بويىنىغا كۆچەپ بىرنى دەسسىگەنىكەن كالا قاتتىق بىر تىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كالىنىڭ ئىگىسى تېۋىپكە كۆپ رەھمەت ئېيتىپتۇ.

شۇ كۈنى ئۇستازىنىڭ بۇ ئاجايىپ ماھارىتىنى كۆرگەت شاگىرت تېۋىپكە:

— خوش ھەزرىتىم، مەن قايتاي، — دېگىنىچە كەينىگە قاراپ مېڭىپتۇ.

— ھەي شاگىرت، نەگە ماڭدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ تېۋىپ.

— ئۇستام، مۇشۇ ئۆگەنگىنىم ماڭا يېتىدۇ، — دەپتۇ يىگىت ئارقىسىغىمۇ قارىماي.

ئۇ كېتىۋېتىپ كۆڭلىدە: «ئاجايىپ قالتىس ھۈنەر ئۆگىنىۋالدىم، كىشىلەر كارامىتىمنى كۆرۈپ قويسۇن» دېگىنىچە بىر پوقاقلار مەھەللىسىگە كېلىپ ئۇچرىغانلىكى كىشىلەرگە:

— ھەر قانداق پوقاقنى داۋالاپ ساقايتالايمەن، قېنى كىم داۋالىنىشنى خالايدۇ؟ — دەپ جار ساپتۇ.

بۇ مەھەللىدىكى كىشىلەر ئۇنىڭ گېپىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەپتۇ. كىشىلەر يىغىلىشقا باشلاپتۇ. يىگىت بولسا بىر پوقاق كىشىنى داۋالاش ئۈچۈن ئۇنى ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئۇنىڭ بېشىنى بىر كىشىگە تۇتقۇزۇپ بېسىپ تۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ ـ دە، راسا كۆچەپ بىرنى دەسسىگەنىكەن، ھېلىقى پوقاق شۇ پېتى تۇرغۇدەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن بىرنەچچە قېتىم قاتتىق دەسسىگەنىكەن، ھېلىقى پوقاق كىشى ئۆلۈپ قاپتۇ. «چالا تېۋىپ ئادەم ئۆلتۈرەر» دېگەن سۆز شۇنىڭدىن تارالغانىكەن.

## ۋاپادار ئوغۇل

بۇرۇنقى زاماندا كوئېنلۇن باغرىدىكى بىر قەدىمىي شەھەردە كاتتا بىر سودىگەر ئۆتكەن بولۇپ،

ئۇنىڭ قورامىغا يەتكەن ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. بۇ ئوغۇللاردىن كەنجى ئوغۇل ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقماي، ئۇلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قىلىپ، ئەخلاقلىق، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، ۋاپادار چوڭ بولغانىكەن. ئاكىلىرى بولسا يامانلارغا يانداشىپ يامان ئىشلارنى قىلىپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كېپىگە كىرمەي، ئۇلارنى دائىم رەنجىتىپ كۈن ئۆتكۈزۈدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىچارە ئاتا ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي سودىگەرمۇ كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇ ئەجەل كۈنىنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىنى تويۇپ، ئۈچ ئوغلىنى چاقىرىپ دەپتۇ:

— بالىلىرىم، كۆرىدىغان كۈنۈم ئاز قالدى، مەندىن كېيىن قالساڭلار تەئەللۇقاتلىرىمغا ئۈچىڭلاردىن بىرىڭلار مىراسخور بولالايسىلەر. شەھەر قازىسى ھەممە يۇرت كاتتىلىرى قايسى بىرىڭلارنى مىراسخور دەپ ھۆكۈم قىلسا، شۇ مىراسقا ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئۇلار مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى بىلىدۇ دەپ ئويلايمەن...

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ سودىگەرمۇ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئۈچ ئوغۇل ئاتىسىدىن قالغان مىراسنى تالىشىپ شەھەر قازىسىنىڭ ئالدىغا كېپتۇ ۋە ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى قازىغا ئېيتىپتۇ. قازى بۇ دەۋانى ھەل قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىپ:

— مەن بۇ دەۋايىڭلارنى ھەل قىلالمايمەن. چۈنكى، ئاتاڭلار قايسى بىرىڭلارنىڭ مىراسخور بولۇشىنى ئېنىق ئېيتمىغان. «ئۈچىڭلاردىن بىرىڭلار مىراسخور بولىسىلەر» دەپلا قويغان... شۇڭا بۇ شەھەردە پەزىلەتلىك بىر دانىشمەن زات بار، سىلەر ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ ئاتاڭلارنىڭ ۋەسىيىتىنى ئېيتىڭلار، بۇ دەۋانى شۇ دانىشمەن ئوبدان بىر ياقلىق قىلالايدۇ. ئۇ قانداق ھۆكۈم قىلسا شۇ بويىچە بولىدۇ، — دەپ ئۇلارنى دانىشمەننىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىپتۇ.

ئوغۇللار دانىشمەننى ئىزدەپ تېپىپ ۋەقەنى ئۇنىڭغا بايان قىپتۇ. دانىشمەن ئاچچىقلانغان بولۇپ:

— شۇنداقمۇ ۋەسىيەت قالدۇرغان بارمۇ؟ بىرىڭلار، شۇنداق تۇترۇقسىز ۋەسىيەت قالدۇرغان ئاتاڭلارنىڭ قەبرىسىنى بۇزۇپ، يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، ئاندىن ھۇزۇرۇمغا كېلىڭلار. سىلەر كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن توغرا ھۆكۈمنى ئاڭلايسىلەر، — دەپتۇ.

ئەتىسى ئىككى ئوغۇل قولىلىرىغا كەتمەن، گۈرجەكلەرنى، كەنجى ئوغۇل بولسا قىلىچ ئېلىپ ئاتىسىنىڭ قەبرىسى ئالدىغا كەپتۇ. ئىككى چوڭ ئوغۇل قەبرىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنغانىكەن، كەنجى ئوغۇل قىلىچ كۆتۈرۈپ ئۇلارغا:

— قانداق ئەقىلسىز، ۋىجدانسىز نېمە سىلەر، — مال ـ دۇنيانى دەپ ئاتىمىزنىڭ قەبرىسىنى بۇزۇشقا يۈرىكىڭلار قانداق چىدىدى؟ قەبرىگە بىر كەتمەن ئۇرۇشساڭ، ھەر ئىككىڭنىڭ بېشىنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن، مەن مىراستىن ۋاز كەچتىم، مىراس سىلەرگە تەۋە بولسۇن. سىلەر ئاتا ـ ئانىمىز ھايات ۋاقتىدا ئۇلارغا ۋاپاسىزلىق قىلىشتىڭ، كۆيۈمچان دىللىرىنى ئاغرىتىشتىڭ، ئەمدى قەبرىسىدىمۇ تىنچ ياتقىلى قويمامسىلەر؟ — دەپتۇ. چوڭ ئوغۇل بىلەن ئوتتۇرانچى ئوغۇل ئىنىسىدىن قورقۇپ قەبرىنى بۇزۇشقا پېتىنالماپتۇ.

كېيىن ئۈچ ئوغۇل دانىشمەننىڭ ئالدىغا قايتىپ كەپتۇ. ئىككى ئوغۇل دانىشمەنگە:

— ئۇكىمىز سىزنىڭ بۇيرۇقىڭىزنى بەجا كەلتۈرۈشىمىزگە يول قويمىدى، ئاتىمىزنىڭ قەبرىسىنى بۇزماقچىدۇق، ئۇ قىلىچ كۆتۈرۈپ بىزنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى، — دەپ شىكايەت قىپتۇ. كەنجى ئوغۇلمۇ نېمىشقا ئاكىلىرىنىڭ قەبرىنى بۇزۇشقا يول قويمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپتۇ. دانىشمەن چوڭ ئوغۇللارغا:

(داۋامى 112 ـ بەتتە)



# كۆرەڭ ھەرە

(مەسەل)

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئەكرەمجان مەترۇسۇل ئۆمىدى

بۇرۇنقى زامانلاردا ھەرىلەر توپى بىلەن ئىنسانلار ئىنتايىن ئىجىل ـ ئىناق ياشايدىكەن، ئەمما ھەرىلەر توپى ئىچىدە ئىنتايىن كۆرەڭ، ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدىغان بىر ئاتىكارچى ھەرە بولۇپ، ھەمىشە نەشتىرىنى پەش قىلىپ، باشقا ئۇچار قاناتلارنى چېقىپ، قورقۇتۇپ ئويىنايدىكەن، شۇڭلاشقىمۇ باشقا ئۇچار قاناتلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن پەقەتلا خۇشى يوق ئىكەن.

بىر كۈنى كۆرەڭ ھەرە بىر كۆچۈك بىلەن بەسلىشىپ قاپتۇ. كۆچۈك:

— ھەممىدىن قۇدرەتلىكى سەممىيلىك، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، يول قويۇش ۋە ئۆزئار ھۆرمەتتۇر، — دېسە، ھېلىقى كۆرەڭ ھەرە:

— بىكار گەپ، ھەممىدىن قۇدرەتلىكى دەل سۈر ـ ھەيۋە كۆرسىتىپ باشقىلارنى قورقۇتۇپ ئويناشتۇر، شۇندىلا باشقىلار سەندىن قورقۇپ، ساڭا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، ھەممىدە ئاۋۋال ساڭا يول قويىدۇ، ھەممەيلەن سېنىلا ھۆرمەتلەپ، گېپىڭنى ئاڭلايدۇ، دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئىككىسى بىر ـ بىرىنى گەپتە پەقەتلا قايىل قىلالماي، ئاخىر ئەمەلىيەت جەھەتتە بەسلىشىپ، كۆزقاراشلىرىنى ئىسپاتلاپ چىقماقچى بولۇشۇپتۇ.

ئۇلار دېيىشكىنى بويىچە، ئاۋۋال كۆچۈك، ئاندىن ھەرە ئالدىراش مال سويىۋاتقان قاسساپنىڭ يېنىغا كەپتۇ. كۆچۈك قاسساپنىڭ بىر يېنىدا ھۆرمەتتە تۇرۇپ، ئۆزىگە نېسىۋە بېرىلىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئەمما، ھېلىقى كۆرەڭ ھەرە بولسا ئۇدۇل ئۇچۇپ كەلگىنىچە قاسساپنىڭ قولىغا قونۇپ گىدىيىپ تۇرۇپ:

— ماڭا دەرھال گۆش بەر، بولمىسا ئۆزۈمنى ساڭا كۆرسىتىپ قويىمەن، — دەپتۇ. ئالدىراشچىلىقتا بىر قولىنى ئىككى قىلالمايۋاتقان قاسساپ ھەرىنىڭ بۇنداق يولسىزلىقىغا ئاچچىقى كېلىپ:

— نېرىراق تۇرۇپ تۇر، ئالدىراشلىقىمنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ساڭا بېرىدىغان گۆش تېخى تەييار بولمىدى، — دەپتۇ.

كۆرەڭ ھەرە قاسساپنىڭ قورقۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە دېگەن گېپىدىن قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپتۇ ۋە ئۇنى تازا بىر چېقىپ ئۆزىنى تونۇتۇپ قويماقچى بوپتۇ. دەل شۇ چاغدا قاسساپ مالنى سويۇپ بولۇپ كۆچۈككە بىر پارچە بەزنى تاشلاپ بېرىپتۇ، بۇنى كۆرۈپ ئاچچىقلىنىپ تۇرغان ھەرە:

— نېمىشقا باشتا ماڭا بەرمەيسەن؟ — دەپ

دېۋەيلەپتۇ.

— ئۇنداق يولسىزلىق قىلما، كۈچۈك سەندىن بۇرۇن كەلگەچكە ئاۋۋال ئۇنىڭغا بەردىم، ئەمدى مانا ساڭىمۇ بېرىمەن، — دەپتۇ قاسساپ ھەرىگە بەز كېسىپ بەرمەكچى بولۇپ.

— سەن نېمىشقا مەندىن قورقماي، ماڭا ھۆرمەت قىلماي گۆشنى ئاۋۋال ماڭا بەرمەي تۇرۇپلا، كۈچۈككە بېرىسەن؟ — دېگىنىچە ئۆزىگە بەز كېسىپ بېرىۋاتقان قاسساپنىڭ قاپىقىنى چېقىپتۇ. قاسساپ كۆرەڭ ھەرىنىڭ ئەسكى خۇيىنى بىلگەچكە، ھەر ھالدا ئالدىن تەييارلىقى بار ئىكەن. ئۇ شۇ ھامان قولىدىكى پىچاق بىلەن ھەرىنى بىرلا ئۇرۇپتىكەن، ھەرە چالا ئۆلۈك بولۇپ يەرگە چۈشۈپتۇ.

ئاندىن قاسساپ چالا ئۆلۈك ھەرىنى گۆش چاپىدىغان دۆشكىگە قويۇپ تۇرۇپ:

— سېنىڭ مۇشۇ كۆرەڭ، ئوسال مىجەزىڭ ئاخىر بېشىڭغا چىقتى، «ئاياغ يۈگۈرۈكى ئاشقا، ئېغىز يۈگۈرۈكى باشقا» دېگەننىڭ مەنىسىنى ئەمدىغۇ تولۇق چۈشەنگەنسەن؟ — دېگىنىچە ئۇنى چاناپ پارە - پارە قىلىۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ قاسساپلار ھەرىلەرنى گۆشكە پەقەتلا يېقىن يولاتمايدىغان بولۇشۇپتۇ.

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن «ئاياغ يۈگۈرۈكى ئاشقا، ئېغىز يۈگۈرۈكى باشقا» دېگەن ماقالمۇ دەل شۇنىڭدىن كېلىپ چىقىپ، ئەل - ئاۋام ئارىسىغا ئىبرەت سۈپىتىدە كەڭرى تارقىلىپتۇ.

(توپلاپ رەتلىگۈچى يەكەن ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە)

---

(بېشى 110 - بەتتە)

— ئاتاڭلار قايسى بىرىڭلارنىڭ مىراسخور بولۇشىغا ھەقلىق ئىكەنلىكىڭلارنى ئوچۇق ئېيتماي، بۇ دەۋانى ھەل قىلىشنى بىزگە نېمە ئۈچۈن ھاۋالە قىلغانلىقى مانا ئەمدى ئايدىڭلاشتى. سىلەرنى سىناش ئۈچۈن ئاتاڭلارنىڭ قەبرىسىنى بۇزۇشقا بۇيرۇدۇم. سىلەر ئىككىڭلارنىڭ قەبرىنى بۇزۇشقا قولۇڭلار باردى، ئەمما ئۇكاڭلار بولسا بۇنى زىنھار قوبۇل كۆرمەي، ھەتتا سىلەرنى بۇ نومۇسسىز ئىشتىن توستى. ئەمدى ھوشۇڭلارنى يىغىپ ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ھەقىقىي مىراسخور سىلەرمۇ ياكى ئۇمۇ؟ — دەپتۇ ھەمدە كەنجى ئوغۇلنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ساڭا ئاپىرىن ئوغلۇم، ۋاپادار ئوغۇلكەنسەن. بۇ ئىككى يارىماس ئاكىلىرىڭ بۇ مىراستىن مەھرۇم قىلىنىدۇ، مېنىڭ ھۆكۈمۈم شۇ، — دەپتۇ.

ئەتىسى قازى ئۈچ ئوغۇلنى چاقىرتىپتۇ ۋە دانىشمەنىنىڭ ھۆكمىنى تەستىقلاپ، مال - دۇنيانى كەنجى ئوغۇلغا بۇيرۇپ بېرىپتۇ. يارىماس ئىككى چوڭ ئوغۇل يۇرت ئىچىدە شەرمەندە بوپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: چىرا ناھىيە گۇلاخما يېزا ئارال كەنتىدىن مەتسىدىق روزى،
توپلاپ رەتلىگۈچى چىرا ناھىيەلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدا)



بلکه بولسا یولدن آزماسن
بهم بولسا سوزدن قایماسن
عقل ادراک توزماسن

uyghurkitap.com



قەقنۇس

رەسسام: ئەلىرىزا ئاقامىرى


بۇلاق

源泉 (布拉克)

«قوش ئايلىق ژۇرنال» ئومۇمىي 152- سان

(维吾尔文)　总152期

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

باش مۇھەررىرى: ئەلى توختى　مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

主编:艾力·托合提　副主编:买买提吐尔地

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر)
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

新疆人民出版社编辑出版
(乌鲁木齐市解放南路348号)
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118　پوچتا نومۇرى: 830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58-108　باھاسى: 8.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى: 6500006000043

国内统一连续出版物号:CN65-1063/I
国际标准连续出版物号:ISSN 1005-0876
国外发行号:Q1118　邮政编码:830001
邮政代号:58-108　定价:8.50元
广告经营许可证号:6500006000043